مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائى

# مەشرەپ



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائى

مەشرەپ

مىللەتلەر نەشرىياتى

رەسىمنى سىزغۇچى: ئەسقەر تۇردى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ISBN 978-7-105-10389-8
9 787105 103898 >
定价：15.00元

www.uyghurkitap.com

قەدىناس ساۋاقدىشىم

سېيىت دوستۇم تۇرغۇنجان

تۇرسۇنغا تەقدىم.

[illegible]

[illegible]

2010.12.8



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائى

# مەشرەپ

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مەزكۇر توپلامغا

مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائىنىڭ «مەشرەپ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن مۇبارەكلەيمەن!

تەشنائى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزم، نەسر، دراما، سىنارىيە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھوسۇل بەرگەن ئىستېداتلىق شائىر، بولۇپمۇ كۈي-نەزم، ناخشا تېكىستلىرى يېزىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە نەتىجە قازانغان تالانتلىق ئەدىب.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئامراقمەن، تولىمۇ گۈزەل، يېقىملىق يېزىلغان تەربىيىۋى قىممىتى يۈكسەك بۇ ئەسەرلەردىن سۆيۈنىمەن، ھوزۇرلىنىمەن.

تەشنائىغا سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، قەلىمىگە بەرىكەت، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

ئىسمائىل ئەھمەد

2009-يىل 20-ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئېھتىرام گۈلدەستىسى

مۇبارەك ئىز........................ 1
شۆھرەتلىك بوۋام........................ 3
خىسلەت ئىگىسى........................ 5
ئالدىدا........................ 7
يەتمىشىنچى ياز........................ 8
«غۇنچەم» ساداسى........................ 9
شام........................ 11
پەخىرلەن........................ 12
گۈلدەستە........................ 13
ئاداش........................ 15
ئاخىرەتتىن كەلگەن تۆھپىكار........................ 17
سالامنامەڭ........................ 19
ئانا نىداسى........................ 21
پاك قەلەمداش........................ 23
ئەھدىمىز........................ 25
كۆچمەس قىيا........................ 27
ئويغاق يەنە........................ 28
قەلەم........................ 30
سەبىيلەر غەمخورى........................ 31
ئەجىر ـ ئىنئامىڭىز ئۆچمەس........................ 33
كۆكۈل سۇلتانى........................ 35
بىناكار........................ 37
چاقچىقىڭ........................ 39

دوستۇم ........................... 40
هەيران ........................... 42
چەشمىلەر ......................... 43
«قىز قۇمى»غا بېغىشلىما ............... 45
ئوت ئىلكىدە ........................ 46
دولان كاككۇكى ....................... 48
تەلمۈرىمەن يولۇڭغا .................... 50

## ھىجران چەشمىلىرى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە .................. 51
تىيىپجان ئېلىيۇفقا ................... 56
خېۋىر تۆمۈرگە ....................... 57
زوردۇن سابىرغا ...................... 58
ئانا نەدىسەن؟ ...................... 60

## جەۋھىرى نەزمىلەر

تۇيۇقلار ........................... 62
رۇبائىيلار .......................... 79
ئالتىلىكلەر ......................... 92
پارچىلار ........................... 104

## ئۆسمۈرلۈك ئىزنالىرى

دوختۇر قىز ......................... 115
خوشلىشىش .......................... 116
ئاق يول تىلە ........................ 118
قىستىما ............................ 119
قانچىلىك ئۇلۇغ ...................... 120

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەدىرگە ............................................ 121
خوش ئۇرۇمچى ...................................... 122
باغۋەن قىز ......................................... 126
جاندىن ئەزىز ....................................... 127

## ئۆزۈلمەس چاتمىلار

مەھبۇس چۇقانلىرى .................................. 128
ئانا ناخشىلىرى ...................................... 141
ھېيتگاھ ............................................. 145
ئائىلە ناخشىلىرى .................................... 153
نەفسە نەزمىلىرى .................................... 160
كۆنچىقىشقا سەپەر .................................. 163
سەلتەنەتلىك دەرسخانا ............................... 173
رېستوراندا تۆكۈلگەن ئاچچىق ياش ..................... 177
ئۇيغۇر دارۋازلىرى ................................... 183

## شائىر قەلبى

كۈيچى بولساڭ ....................................... 186
قۇچاقلا، ئۇ ـ سېنىڭ داداڭ! .......................... 187
تۆت ناخشا .......................................... 192
شائىر قەلبى ......................................... 198
قېرىلىق ............................................. 200

## گۈلباغدا توي

تەلەپنامە ........................................... 204
جاھاننەما .......................................... 205
گۈلباغدا توي ........................................ 208

يەتكەندە ..................... 212
كەلدى ..................... 214
ئوغلاق تارتىش مەيدانى ..................... 218
تاپتى ..................... 221
كىم ئۇ ..................... 223
مۇئەللىم — ئانا ..................... 224
نادامەت نەزمىسى ..................... 226
نىگار ..................... 228
تەشنا ..................... 229
كۆڭۈل ئىزھارى ..................... 230
يىراق بولسام ..................... 232
يوق ..................... 233
سالام، قېرىنداشلار ..................... 235
ئەۋلاد ئۈچۈن ..................... 236
قالدىمۇ؟ ..................... 237
مەغرۇر ناخشىچى ..................... 238
ئۆمۈر خاتىرىلىرى ..................... 239
بولمىسا ..................... 245

## ئۆمۈر قەسىدىسى

ئەسىر سالامى ..................... 251
داۋان ئاشقانلار ئارمانى ..................... 253
يېزا مۇئەللىمى ..................... 356
ئۇيغۇر چالغۇلىرى ..................... 257
ئايلىناي ..................... 260
قانمايمەن پىراقىڭغا ..................... 262
ئاھ!... دېسە ..................... 263
پەي ..................... 264

قەھرىمان ئانا ........................ 265
ئۇيغۇر مۇقاملىرى ........................ 266
بايرام ماڭا ........................ 269
ئەجەب ........................ 270
توي قەسىدىسى ........................ 272
ھاياتلىق ھېكمەتلىرى ........................ 275
بىل ........................ 276
ئۆمۈر قەسىدىسى ........................ 278

## ناخشا تېكستلىرى

ئانا يەر خىسلىتى ........................ 283
جاھان كەزسەك ........................ 284
قوي كۆزلۈكۈم ........................ 285
يىغلىما ........................ 286
مۇقام ........................ 287
ئۇسما قويۇپ كەل ........................ 288
نەدىسەن ئاتا؟ ........................ 289
سەن قەيەرلىك، سەن نەلىك؟ ........................ 290
توي ناخشىسى ........................ 294
ئۇستازىم ........................ 295
بىر جۈپ قەدىردان ........................ 296
كەلمىدىڭ ........................ 297
تەزىم ........................ 298
ئەزىمەت دەريا ........................ 299
قوشماق ئاداش ........................ 300
توي تىلىكى ........................ 301
مەشرەپ ........................ 302
مۇقام تەشنالىرى ........................ 303

www.uyghurkitap.com

تويۇ ساماسى ........................307
ئويغاق نەسىللەر.........................309
بىز بار ............................... 311

www.uyghurkitap.com

# ئېھتىرام گۈلدەستىسى

(مۇۋەششەھلەر)

## مۇبارەك ئىز

مۇبارەك ئىزلىرىڭ قالدى سۆيۈملۈك ئۆز دىيارىڭدا،
گىياھسىز چۆل، يېشىل يايلاق، ھاياتبەخش لالىزارىڭدا.

ئەجەل لەشكەرلىرى قەھرى بىلەن توسقاندىمۇ يولنى،
داۋان ئاشتىڭ سۇرۇپ، قوغلاپ ئىرادە زۇلپىقارىڭدا.

ھەببى-دوستى سەن ئەلنىڭ، ئۇلۇغ ئۇستازى ئەۋلادنىڭ،
تۈمەن دانىش ئەقىل-زېھنى مۇجەسسەم ئىقتىدارىڭدا.

مۇنەۋۋەر ئەيلىدىڭ شانلىق ئانا تىل بىرلە تارىخنى،
تۆكۈپ ئىدراك زىياسى ھەركېچە، سۇبھى-ناھارىڭدا.

ئۇلۇغ ئەل- بىپايان ئوكيان، سۇزۇپ ئۈتتۈڭ گۆھەر-ئالتۇن،
شۇ گۆھەر بەرق ئۇرار مەڭگۈ تەۋەررۇك يادىكارىڭدا.

تەۋەررۇك يادىكارىڭدۇر شەرەپ-ئۇنۋانى مىللەتنىڭ،
نامايان ئەل غۇرۇرى شۇ بۈيۈك تۆھپە مۇنارىڭدا.

قاچان ۋاراق ئاچار بولسام كۆز ئالدىمدا بېھىش ھاسىل،
بولۇرمەن مەست-بىھوش شەربەت مېۋەڭ، ئەنبەر-ئىپارىڭدا.

ئەزەلدىن يول ئېچىلغان يوق، ـ دېدىڭ، ـ باسماي قەدەم ئىنسان،
ئېچىشمۇ يول، شۇكۇر ئەيلەپ يېتىشمۇ ئىختىيارىڭدا.

شىپا بولمايدۇ رەنجىڭگە ـ دېدىڭ ـ گۇمبەز، مازار خاكى،
مۇراد ـ بەختىڭ ئەمەس ئەسكى ساپايا، داپ ـ ساتارىڭدا.

قولۇڭدا ئەيلىدى پەرۋاز قەلەم ئاتلىق ئۇچار دۇلدۇل،
ئاداققى بىر يوپۇرماق قالغۇچە ئۆمۈر چىنارىڭدا.

ئەسىرلەر ئۆتتى، يەر يۈتتى ھېسابسىز شاھ ـ شاھىنشاھنى،
تۈرۈپسەن، مەڭگۈ تۇرغايسەن يەنە ياشلىق باھارىڭدا.

رىيازەت كانىدىن تاپقاچ شەرەپ ئەنگۈشتىرى پارلاق،
سېخى كۆز ئاپتىپى ھەرئان ئەزىز چېھرىڭ ـ دىدارىڭدا.

ئىزىڭنى سۆرتسە تەشنائى كۆزىڭگە، سەن دېدىڭ، ئۇستاز:
بىلىپ قال، شەۋكىتىڭ ـ بەختىڭ ئانا تىل ـ ئىپتىخارىڭدا.

1998 ـ يىل 12 ـ دېكابىر



# شۆھرەتلىك بوۋام

ياشاپتۇ كىممۇ شان-شۆھرەت بىلەن مىڭ يىل ھايات سەندەك؟
نەقىشلەپ قەلبىگە ئەلنىڭ ئۇلۇغ نام-ياخشى ئات سەندەك؟

ئۆزۈپتۇ مەرىپەت-ھېكمەت ئەزىم دەرياسىدا مەغرۇر،
ئۈمۈرۋايەت سۈزۈپ گۆھەر-جاۋاھىر قايسى زات سەندەك؟

سېنىڭدىن ئۆزگە كىم ئەھيا ئېتىپتۇ بۇ كەبى گۈلشەن،
ئەسىرلىك دەشت-باياۋانغا بېرىپ ئابىھايات سەندەك؟

ئۈمىد شامى غۇۋا-نۇرسىز بىدەرمان روھىي ئەمانى،
قىلىپتۇ كىم جاھالەت كۈھىقاپىدىن ئازاد سەندەك؟

پايانسىز تاغ-داۋانلاردا ئېزىققان يولچى كارۋانغا،
زەپەر ئەنگۈشتىرى كىممۇ قىلىپتۇ ئىلتىپات سەندەك؟

خىتابىڭ بەھرىدىن جانلار سۆيۈنگەي ھەرۋاراق ئاچسا،
كۆڭۈل سەھراسىنى كىممۇ قىلۇر مۇنچە ئاۋات سەندەك؟

ئادالەت شاھىنى كۆككە كۆتۈرگەي سەن كەبى كىممۇ،
دېگۈزگەي قامچىلاپ كىممۇ قەبىھ زالىمنى «داد» سەندەك؟

سېنى چاققان كەبى چاقسا چايانلار، تالىسا ئىتلار،
قىلاتتى كىممۇ شۆھرەتلىك سەپەرگە ئىجتىھات سەندەك؟

ھەكىملەر ئەملىگەي رەجنى، ھەكىم رەج بولسا كىم ئەملەر،

قاچان، كىم بەگ-ھەكىم ئەملەش يولىغا ساپتۇ ئات سەندەك؟

ئاقار دەريا — ئېسىل قانۇن، پەلەكنىڭ شوتىسى ئىرپان،
دېگەن كىم ياغدۇرۇپ شېرىن تىلىدىن ئاق ناۋات سەندەك؟

جاھاننى ئەيلىدى قايىل تەپەككۇر جەۋھىرى — نەزمەڭ،
تېپىپتۇ كىم جاپالىق ئەجرىدىن ئالىي مۇراد سەندەك؟

ئىشەن ئويغاق يېڭى نەسلىڭ قاتارى كۆيچى تەشنائى،
ساماغا ئۆرلىگەي جەزمەن ياساپ ئالتۇن قانات سەندەك؟

پىدا ئەيلەپ ئۆزى سۆيگەن ۋەتەن، مىللەتكە تىغ جاننى،
نە ئارمان ئۆتسە پاك نەسلى بىلەن مەڭگۈ ھايات سەندەك؟

1998-يىل 22-ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىسلەت ئىگىسى

ئەزەلدىن تاجۇ-تەخت، دۆلەت-پاراغەتتىن تەمەيىڭ يوق،
بىگانە ئوردىلار ئىچرە ھۇزۇر سۈرمەككە رايىڭ يوق.

ھەسەل ھەرە كەبى شىرنە يىغىپ گۈلدىن، چېچەكلەردىن،
ۋەتەنگە تەقدىم ئەتمەكتىن ئۇلۇغۋار مۇددىئايىڭ يوق.

مۇھەببەت-نەپرىتىڭنىڭ پاسلى يۈكسەك-ئېگىز شۇنچە،
ئانا يۇرت ئەھلىدىن غەيرىي قۇياشىڭ ياكى ماھىڭ يوق.

ئەلەملەر مۆلدۈرى ياغسا بېشىڭغا «ئاھ!» دېمەيسەن ھېچ،
ۋەتەن-ئەل ئاھىدىن ئۆزگە سېنىڭ پەريادۇ-ئاھىڭ يوق.

دىيارىم خاكىنى سۈرمە قىلۇرسەن ھەر سەھەر كۆزگە،
ئۇنىڭدىن خۇش مۇبارەك سەيلىگاھىڭ، سەجدىگاھىڭ يوق.

زۇلۇم خاقانى چۈش كۆرسە زاۋال پەيتىدە تەشۋىشلىك،
سېنى بەنت ئەيلىدى دەسلەپ كىشەنگە، ھېچ گۇناھىڭ يوق.

يۈسۈپ، مەھمۇد غۇرۇرۇڭدۇر، كۆڭۈل تەختىڭدە سۇلتاندۇر،
بۇ ئىككى مۆھتەرەم زاتتىن ئۇلۇغ ئۇستاز ۋە شاھىڭ يوق.

ئانا يۇرت ئەھلىنى ئىرپان، ئىناقلىق ۋەسلىگە ئۈندەپ،
دېدىڭ: بۇندىمۇ قابىلراق يېتەكچى، باشپاناھىڭ يوق.

ئىلىم-ئىرپان، بۈيۈك بىرلىك — ھاياتلىق مەشئىلىڭ، بىلسەڭ، جۇدا بولساڭ ماڭارغا يول، ياتارغا قەبرىگاھىڭ يوق.

1987-يىل 12-يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالدىدا

نە قىلۇر جان قايغۇسى مەيداندا مەردان ئالدىدا،
يارۇ جانان ئىشقىدا شەيدائى پالۋان ئالدىدا.

ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق،
دوزىخى ۋەيلۇنمۇ تەسلىم قەلبى گۈلخان ئالدىدا.

مەشئىلى ئىنسانىيەتنىڭ سۆيگۈ، ئەرك، ھەققانىيەت،
ئۇ يانار مەڭگۈ لاۋۇلداپ يولچى ـ كارۋان ئالدىدا.

شانۇ شۆھرەت تاجىغا بولماس مۇناسىپ ھېچ كىشى،
ئۇرسا پەرياد كۆكسىدىن تامغان قىزىل قان ئالدىدا.

ئىلتىجادىن نەپ تىلەپ ئۆزگىگە باققان بىئەقىل،
ناتىۋان ئوغلاق ئىرۇر چىلبۆرە، قاپلان ئالدىدا.

ھېچقاچان تەۋرەنمىدىڭ، ئەپسۇس ـ پۇشايمان قىلمىدىڭ،
تىك داۋان، يۈكسەك قىيا، ئاتەش باياۋان ئالدىدا.

ئىززىتىم ـ بەختىم دېدىڭ ئەل ئىشقىدا بولسام شېھىت،
ئاق تېرەكتەك تىك تۇرۇپ قاتىل زوراۋان ئالدىدا.

تۆھپە ـ ئىنئامىڭ يورۇق نۇر ـ شولا چاچقاي ئۆزگىچە،
نەۋرە ـ چەۋرەڭ يەتكۈسى تارىخىي دەۋران ئالدىدا.

1973 ـ يىل 26 ـ ئۆكتەبىر

# يەتمىشىنچى ياز

ئۆلۈمنى قالدۇرۇپ داغدا، چىقىپسىز تەختتى يەتمىشكە،
گۇۋاھدۇر ھەر كېچە-كۈندۈز كىشى ھەيرانە كەچمىشكە.

تەپەككۇر كانىدىن گۆھەر-جاۋاھىر قازدىڭىز، ئۇستاز،
قىيا باقماي قارا كۈلپەت تۈنىدە سېھرىي پەرۋىشكە.

كۈلاھۇ جەندە ئارتۇقراق سۈپەت بەخش ئەتتى شاھلىقتىن،
نىگارى ئىشقىدا ئالەم كېزەر شەيدائى دەرۋىشكە.

ئۈزۈلمەس بىر پۈتۈن تارىخ، كۆمۈلمەس ئىزىڭىز ئەسلا،
تۆكۈلگەن بىغۇبار قان-تەرىڭىز — تارىخىي ئەۋرىشكە.

رەھىمسىز قانچە قايىنملار يېرىپ ئۆتكەن جۇنۇن ئاشىق،
نېچۈن بەرسۇن كۆڭۈلدىن جاي ئۆلۈم قورقۇنچى-تەشۋىشكە؟

1993-يىل 18-ئىيۇن

## «غۇنچەم» ساداسى

زامانىنىڭ كۈلپەتى يار ئەيلىدى ھەسرەت بىلەن غەمنى،
جاراھەتلەپ نىجاتلىق ئىزدىگەن تەشنائى سىنەمنى.

ئۇزاق تۈنلەر ئۇزاتتىم ئاھ جۇدالىق دەشتىدە چاڭقاپ،
ئېلىپ مېھرى قۇچاقىڭغا ئىچۈردۈڭ ئابى زەمزەمنى.

نېسىپ ئەتتى ماڭا ئىدراك ـ ئەقىل نۇرۇڭ ھاياتلىقنى،
نېسىپ ئەتتى يەنە غەييۇر نۇرۇمدەك يارۇ ھەمدەمنى.

ئۇلۇغ ئىستەك ـ ئۈمىد شامى يۈرەك ـ باغرىمدا يانغان دەم،
دەۋەتتىم «ئاھ!» كۆز ئالدىمدا كۆرۈپ ۋەيلۇن جەھەننەمنى.

نېمىشقا مۇپتىلا قىلدى ئازاب ـ كۈلپەتكە كىم بىزنى،
كۆرۈشتىن بىز نېچۈن مەھرۇم قۇياشلىق تاڭنى، كۆكلەمنى؟

قىساسىنىڭ يالقۇنى ئاخىر شاياتون تەختىنى ئۆرتەپ،
سۈزۈلدۈردى تۇمان باسقان غېرىپ ـ غۇرۋانە سەھنەمنى.

ئادالەت ـ ئەرك رەقىبىمگە ئاتارمەن قەھرىلىك ئوقلار،
ئۆلۈمدىن مىڭ يامان ھەيدەش شامال ھۆكمىچە يەلكەننى.


دىلىمدا ئىشقى ئىستىقبال، يېنىمدا گۈلنىسا، نۇرۇم،
بېسىشقا ھەققى يوق كۈلپەت تېغىنىڭ ئەمدى يەلكەمنى.

ئىجادكار مۆھتەرەم باغۋەن، ئۇلۇغۋار سەپتە مەن ھازىر،

كۆرەرسەن زارىقىپ كۈتكەن گۈزەل مەنزىلدە كۈلكەمنى.

رەپىق-يارەنلىرىم سەرخىل، ئۈزۈلسە ماغدۇرۇم يولدا،
ماڭا يوللايدۇ رىزۋانگۈل شىپالىق دورا-مەلھەمنى.

1985-يىل 15-سىنتەبىر



www.uyghurkitap.com

# شام

قىزىل قەلبىم ھامان ئويغاق، قىزىل قەلبىمدە ئىلھام بار.
ئازادلىقنىڭ خىتابىدەك مېنىڭ جۇشقۇن لىرىكام بار.

يۈرەك ـ باغرىم مۇشەققەت دەشتىدە چاڭقاپ يېرىلغان دەم،
نېچۈن چەكسىز ئىشەنچ بىرلە دېمەي ئالدىمدا قاينام بار.

ئانام ئېيتقان مېنى ئىسسىق قۇچاقىغا ئېلىپ تۈنلەر:
«مۇراد تاپقىن چېلىش ـ جەڭدىن، چېلىشچانلارغا بايرام بار.

ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئاشىق يېتەر ۋەسلىگە جانانىنىڭ،
رىيازەتتىن چېكىنگەنگە قەيەردە تۆھپە ـ ئىنئام بار؟...»

كېچە ـ كۈندۈز ۋىسال ئىشقى دىلىمدا، يارنى ئىزدەيمەن،
ئىرادە تاغ، ماڭا توسقۇن بولار قانداق توساق ـ تام بار؟

شەرەپلىكمەن بولۇپ دانكو يۈرەكنى ئەلگە بەخش ئەتتىم،
ئىشەن، مۈشكۈل سەپەردە بۇ يۈرەك ـ يالقۇنلىغان شام بار.

1966 ـ يىل ئۆكتەبىر

# پەخىرلەن

تىكىلدىم قەلب كۆزى بىرلە ساناقسىز شام-سەھەرلەرگە،
سەھەر-ئاخشام ۋۇجۇدۇڭدىن تۆكۈلگەن قانۇ تەرلەرگە.

ئېقىن دەريا كەبى ئىلھام تومۇرۇڭدا ياساپ ئۆركەش،
غۇبارسىز ئاق ۋاراقلارنى كۆمۈپ ئۆتتى گۆھەرلەرگە.

لاۋۇلداپ ياندى ھەر گۆھەر — غەزەللەر باغرىدىن بىر ئوت،
ھارارەت بەخش ئېتىپ ئارمان يولىدا جان بېرەرلەرگە.

ئىچىدە نەشتىرى بارنىڭ تىلىدىن ھەر نېمە ئاقتى،
لېكىن سەن قىلمىدىڭ پەرۋا بۇ «جەرراھ-دورىگەرلەر»گە.

يۇرەكتىن ئۇرغىغان پۇتمەس-«تۈگىمەس ناخشا»-داستانىڭ،
سەپەرۋەر قىلدى مەردلەرنى سەپەر ئۆزرە زەپەرلەرگە.

ئوغۇزخان نەسلى مىڭ رازى كۆمۈلمەس تۆھپە-ئەجرىڭدىن،
باھاسى يوق تەۋەررۇك ئۇ ۋەتەن، مىللەت سۆيەرلەرگە.

پۈتۈپ ھۆرمەتتە تەشنائى مۇۋەششەھ، دەيدۇ ياش ئەۋلاد،
تېگىشمەس ياخشى نەزمەڭنى باھاسىز ئۈنچە-زەرلەرگە.

1980-يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلدەستە

مۇئەللىم، دەستە گۈل تۇتتۇم سەھەر-سۈبھىدە ھۆرمەتتە،
يۈرەكىمنىڭ تەكتىگە سىڭگەن بۈيۈك ئىخلاس-مۇھەببەتتە.

ئۇلۇغلۇق بابىدا ئەجرىڭ ئاتام ئەجرى بىلەن ئوخشاش،
ئانامنىڭ مېھرىدىن مېھرىڭ قېلىشمايدۇ ھارارەتتە.

ھاياتلىق ئالىمى نەدە تەۋەللۇت قىلغۇچى زاتسىز،
مۇئەللىم زېھنى نۇرىسىز جاھان قالامدۇ زۇلمەتتە؟

ئەلەم-ھىجران داۋامىدىن ئۆتەر دادىل ئانا، ئۇستاز،
سەۋەب: ھەر ئىككى جان ئەۋلاد غېمىدە — بىرلا مەقسەتتە.

مۇئەللىم ھەم ئانا بولسا جىمى ئالەمگە شاھ-سۇلتان،
بىتەھقىق، يايرىغاي ئەردى ئادەمزات بەخت-پاراغەتتە.

مۇئەللىم ھەم ئانا بولسا كىشەن-زەنجىرگە بەند-تۇتقۇن،
كىشىلىك ئالىمى قالغاي جاھالەتتە، نادامەتتە.

ئەزىم دەريا كەبى ئويغاق كېچە-كۈندۈز ئانا، ئۇستاز،
نەسىللەر بەختى-ئىقبالى ئۇلار چەككەن رىيازەتتە.

تەسەۋۋۇر ئەيلىسەم ئۇستاز، ئانا ئوخشايدۇ جۈپ شامغا،
ھارارەت-نۇرى چاقنايدۇ نەسىل قۇچقان سائادەتتە.

رىياكار بىنومۇس بىلمەس ئانا، ئۇستازى قەدرىنى،
كىشىلىك ھېسسى بار ئىنسان ئۆتەر چەكسىز ساداقەتتە.


ئېسىمدە پەرۋىشلىك-مېھرىلىك، كۆز ئالدىمدا ئايان چېھرىلىك،
مېنى قوشقان ئىدىلىك كارۋان سېپىگە مىلىك مۇشەققەتتە.

ھۆسەيىن ئوغلى مەھمۇدقا ئوقۇيدۇ ئاپىرىن ئالەم،
يېنىپ تۇرغاچ ئەقىل نۇرى تەۋەررۇك ھەر ۋاراق-بەتتە.

ئىمام ئۇستازىنى ھەرئان كۆتۈردى كۆككە شۇ دانا،
نەمۇنە-ئۈلگە ئۇ بىزگە ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەتتە...

مۇۋەششەھ تۈزدى تەشنائى سەھەر-سۈبھىدە ھۆرمەتتە،
قۇرى-مىسراسىنى تاۋلاپ ئۇلۇغ ئۇتتا-ھارارەتتە.

1985-يىل نويابىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاداش

غەلىبە ـ نۇسرەتكە مۇيەسسەر غايىلىك ئىنسان، ئاداش،
غايىلىك ئىنسان شەرەپشان تەختىدە سۇلتان، ئاداش.

ئارزۇ ـ ئارمان گۈللىرىنىڭ ئاپتىپى ھەم يامغۇرى،
بىز تۆكۈپ ئۆتكەن ھالال تەر، پاك ـ غۇبارسىز قان، ئاداش.

زىممىسىگە كەتسە يۈكلەپ كىم نەسىللىك قەرزىنى،
ئاچمىغاي دەرۋازىسىنى جەننەتۇل رىزۋان، ئاداش.

ئىسمى ـ جىسمىغا مۇناسىپ غايىلىك ئوغلان ئىدىڭ،
ئەل ئۈچۈن شام ـ سۈبھى قازدىڭ موي قەلەمدە كان، ئاداش.

ئەھلى ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى «ھۆكۈم»،
ئۈشبۇ ھۆججەتتە نامايان بىر پۈتۈن دەۋران، ئاداش.

ھۆسن ـ رۇخسارىنى روشەن ئەيلىدىڭ ھۆر ـ پەرىنىڭ،
ئول پەرى بەخش ئەيلىگەن بىزنىڭ مۇقامغا جان، ئاداش.

مۆھتەرەم قەشقەرى مەھمۇد، خاس يۈسۈپ ھاجىپ يەنە،
تەڭ ياراتماقتا بۈيۈك، ئالەمشۇمۇل «دىۋان»، ئاداش.

ئەيلىسە ھاڭ ـ تاڭ جىمى كەسىپ ئەھلىنى مەشھۇر «مۇقام»،
جان سۈيۈندۈردى مۇئەللەق ـ ئەرشتىكى جەۋلان، ئاداش.

تەنتەنە قىلغاي ئۇلۇغ تۆھپەڭگە ئەل، تەشنائى ھەم،
ياغدۇرۇپ ئالقىش، سالام يوللاپ ساڭا ھەرئان، ئاداش.

1987 ـ يىل يانۋار



# ئاخىرەتتىن كەلگەن تۆھپىكار

سۇبھى-ئاخشام ئەل يولىدا قايغۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ،
ئەل بىلەن تەڭ شادلىنىپ، تەڭ ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

ئارغىماق مىنگەن ئىدىڭ ئىزدەپ نىجادلىق دىلبىرى،
خۇددى لەيلى ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

مىلتىقىڭ يەلكەڭدە، «بەش تال ئوق»نى سۇرتۇپ تۈن-كېچە،
«تەڭرىتاغ باغرىدا» گۈلخان ياندۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

ساددا ئەردىڭ، سايرىدىڭ، بولدۇڭ قەپەزگە مۇپتىلا،
قىسمىتىڭدىن ئەلنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

ئاق ۋاراقلار كۆكسىگە چەكتىڭ قىزىل قاندىن نەقىش،
جان كۆيەر ئەۋلادقا ئىنئام قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

قاپقارا روھىي تىكەن - غەپلەتنى ئەلنىڭ كۆڭلىدىن،
ئەڭ ئاداققى دەمگىچە چەيلەپ، يۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

ئاخىرەتتىن نەچچە رەت كەلگەنىدىڭ، ئەي تۆھپىكار،
چاڭقىغاننى قاندۇرۇپ، ئاتلاندۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

كۈتتى قانداق نەپ ساڭا قەست ئەيلىگەن كۆڭلى قارا،
شۇ كەبى شەيتانغا سەن تاش ياغدۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئاھ ئەجەب ئارمان بىلەن كەتتىڭ جاھاندىن، تۆھپىكار،
سەن تېخى نەسلىڭ توينى ئىنتىزار كۈتكەن ئىدىڭ.

1992 ـ يىل 15 ـ ئىيۇل



## سالامنامەڭ

سالامنامەڭ گويا سۇبھى-سەھەرنىڭ سالقىنى، دوستۇم،
نە سالقىن ئۇ، ھارارەتلىك يۈرەكنىڭ يالقۇنى، دوستۇم.

ئازاب-كۈلپەت يىقىلغان تام كەبى باسقان بۇ كۆڭلەردە،
بېشىمنى سىيلىدى گويا ئانامنىڭ ئالقىنى، دوستۇم.

دىلىمدا ياندۇرۇپ نۇسرەت-زەپەرنىڭ مەشئىلى ئۆچمەس،
گوياكى قولغا تۇتقۇزدى ئىرادە قالقىنى، دوستۇم.

ئىرادە قالقىنىم تۆھمەت ئوقىنى ئەيلىگەچ بىتچىت،
چۈشەشكە چارىسىز قالدى ھالاكەت ئارقىنى، دوستۇم.

نەزەربەنت بىگۇناھ دوستۇڭ ئۆچۈن ياغدۇرغىنىڭ ئەردى،
بۈيۈك لۇغەت ئارا سۆزنىڭ مۇنەۋۋەر-يارقىنى، دوستۇم.

سېغىنغان دوستىغا ھىممەت قولىنى كىم سۇنالايدۇ،
زېمىن-ئاسماننى قۇچقاندا قىيامەت يانغىنى، دوستۇم.

ئايان ئەردى ساڭا مەندەك «گۇناھكار»غا كۆيۈنگەنىنىڭ،
بېشىدا مىسلىسىز تۈگمەن تېشى ئايلانغىنى، دوستۇم.

دېدىڭ: ئەلا خۇشال دەمدە سۇنۇلغان شىرنە-شەربەتتىن،
ئازابلىق كۈندە يوللانغان تېرىقنىڭ تالقىنى، دوستۇم.

ئىشەنچ-ئارزۇ بىلەن تولغان سالامنامەڭ تۇيەيلىدىن،

بۆسۈپ ئۆتتۈم قېلىن چەمبەر، خەتەرلىك ھالقىنى، دوستۇم.

رەقىبلەر بەختىيار كۆلگەن قۇياشلىق تاڭدىمۇ نامەڭ،
ئاتا قىلغاي يەنە دوستلۇق-مۇھەببەت يالقۇنى، دوستۇم.

1974-يىل ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئانا نىداسى

مۇپتىلا قىلدى ئەجەب قىسمەتكە جانىڭنى پەلەك،
سالدى ئاتەش قويىنىغا جان مېھرىبانىڭنى پەلەك.

ئىستىقامەت قويىندا ئەيلەر ئانا دەردلىك نىدا،
سەن نېمشقا يوللىدىڭ قەھرىي قىيانىڭنى پەلەك؟

رەھىمسىز قەھرىي قىيانىڭ مىسلىسىز چوڭ ئەجدىھا،
يەم قىلىپ بەرمەكچىمۇ سەن نەۋقىرانىمنى، پەلەك؟

زەنجىرى ھىجرانغا بەند ئەيلەپ جېنىم-جىسمىمنى سەن،
يا ئالاي دەمسەن غەرەزلىك ئىمتىھانىڭنى، پەلەك؟

ئادەمزات نەسلىنى تۇغماق، سەپەرگە يوللىماق،
چوڭ گۇناھمۇ، ئېيتقىنا، ئاڭلاي زۇۋانىڭنى، پەلەك!

ھەر نەپەس خەلقىم-ئېلىم دەپ سايرىغان بۇلبۇلغا سەن،
نە ئۈچۈن سالدىڭ قاراقۇش، ئوق يىلانىڭنى، پەلەك؟

ئىزدىسە كىملەر گۈزەللىك، سۆيگۈ، ئەرك-ھەققانىيەت،
نە ئۈچۈن ئۇ كۆردى زىندان - ئوغا كانىڭنى، پەلەك؟

دەۋىتىڭ، رىغبەتلىرىڭنىڭ قات-قېتىغا نە ئۈچۈن،
مۆكتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ قانلىق پىلانىڭنى، پەلەك؟

كۆز نۇرۇم نەسلىم ئىدى ئىش كۆرمىگەن مەسۇم-سەبى،

نه ئۇچۇن قۇردۇڭ ئاڭا قاپقانۇ دامىڭنى، پەلەك؟

ئەي پەلەك، چەكسىز دېمە ئەلنىڭ چىدامى-سەۋرىنى،
گۇم قىلۇر ئەل قەھرى تەختىڭ، خانۇ مانىڭنى، پەلەك!

رەڭ-گىرىم ئايلاندۇرالماس پەرىگە ئالۋاستىنى،
باغلىغاي ھەق ئارقىنى بۆرە-قاۋانىڭنى، پەلەك.

ئىنتىقام - قانلىق قىساسىنىڭ مىسلىسىز ئوت-يالقۇنى،
تاشلىغاي ئۆرتەپ زەھەرلىك دۆ، چايانىڭنى، پەلەك.

مىسلىسىز يالقۇن - تۇمەن مىليون ئانا ئاھ-زارىدۇر،
ئۆرتىگەي ئۇ لەنىتى زۇلمەت جاھانىڭنى، پەلەك!

1968-يىل ئىيۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پاك قەلەمداش

ئاھ، ئەجەب قىسمەت ئۆتۈپ مۇشتۇمچىلىك باشتىن، ئاكا،
تاغ-داۋان ئاشتىڭ قۇرۇپ كەتسەڭمۇ چاڭقاشتىن، ئاكا.

بىباھا ھىممەت بىلەن «يىللار»غا چاپتىڭ چاپقۇلار،
بىرسى كەم يەتمىشنى تاشلاپ ئارقىغا ياشتىن، ئاكا.

لەۋزى لىللا، ئالقىنى كەڭ، كۆڭلى ئاپتاپ، خۇش مىجەز،
دەپ قەلەم ئەھلى ساڭا ئامراق قېرىنداشتىن، ئاكا.

ئالسا ھەركىم بىر بۈيۈك ئارمان بىلەن مەنزىلگە يول،
تاپقۇسى گۆھەر-جاۋاھىر ھەر قورام تاشتىن، ئاكا.

ئەگىگەن چاغلاردا باش ئۇستۇڭدە زۇلمەت زاغلىرى،
ئەيلىدىڭ ھەرئان ھەزەر ھەررەڭ زىيانداشتىن، ئاكا.

ھەر نەپەس ھەمدەم بولۇپ، ھەققانىيەت تەشناسىغا،
تاپمىدىڭمۇ شان-شەرەپ مەردانە سايراشتىن، ئاكا؟

مەرد ئۆلەر بىر رەت، دىيدىڭ، نامەرد ئۆلەر ھەر كۈندە مىڭ،
قورقمىغاچ نەگە بېرىپ، نەلەردە توختاشتىن، ئاكا.

دۇم يىتىپ تۈنلەر بىدار رومان ياراتماق-مۆجىزە،
سەن ئۈنى ئەۋزەل دىيدىڭ گۈلباغدا يايراشتىن، ئاكا.

ئىپتىخار ئەيلەيدۇ ئەل، قانداش يۈرەك تەشنائى ھەم،
سەن كەبى سادىق سەپەرداش، پاك قەلەمداشتىن، ئاكا.

2004 ـ يىل 28 ـ يانۋار



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەھدىمىز

ھەر كىشى تاپقاي مۇرادى، بەختىنى قان-تەرىدىن،
قان-تەرىگە بەرسە زىننەت پەزلى ئەڭگۈشتەرىدىن.

ئايجامال دىلبەر ئىرۇر يۈكسەك مۇراد-ئارمان دېگەن،
جان پىدا ئاشىق كېچەمدۇ، ئايجامال-دىلبەرىدىن؟

جىلۋە-ناز ئەيلەپ گۈزەل مەنزىل بېغىدا دەيدۇ ئۇ:
«مەن تەئەللۇق مەن ئۇچۈن كىم كەچسە ئۇيقۇ بەھرىدىن».

ئىشق يولى - ئارمان يولىنىڭ توختىماس كارۋانلىرى،
ئۇيقۇنىڭ بەھرى ئەمەس، كەچمەمدۇ كۆز گۆھەرىدىن.

ئەھدىمىز ۋىجدان خىتابى، بىزگە ئۇ بەخش ئەيلىگەن،
ئۈزگۈدەك قۇدرەت-شىجائەت ئاينى ئاسمان قەھرىدىن.

ھەر نەپەس قان-تەرىمىز ئاققاي ئۇلۇغ ئارمان ئۈچۈن،
تامچىلاپ شەربەت-قىيام تامغان كەبى بال ھەرىدىن.

مەيلى توسسۇن ئالدىمىزنى يەتتە باشلىق ئەجدىھا،
تەۋرىمەس بىر تال مويىمىز ھەيۋىسىدىن، قەھرىدىن.

ئەھدىمىزدىن كەچمىگەيمىز ئەڭ ئاداققى دەمدە ھەم،
كەچمىگەندەك چىن مۇسۇلمان رەببى، پەيغەمبەرىدىن.

دەردۇ كۆلپەتلەرگە بەردەم ئوت يۈرەك تەشنائىنىڭ،
قايسى چاغ قانداق ئۈزۈلسۇن رىشتە ئۇ ئايپەرىدىن؟

1986 ـ يىل دېكابىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# كۆچمەس قىيا

نېمانچە چىڭ ياراتقاندۇ جېنىڭنى، ئۇستىخانىڭنى،
ئوشۇق كەتمەس دېسەم كۆچمەس قىيا سەۋرى-چىدامىڭنى.

ئۇلۇغۋار ئارمىنىڭ سولماس چېچەك-گۈللەرگە چۆمدۈرمەك،
سېنى تۇغقان، ئەزىز ئەتكەن ئانا يۇرت ــ جانىجانىڭنى.

رېئاللىق قوينىدىن تاپتىڭ قىساسكار ئوغلى مۆمىن ھەم،
ئۆزۈڭدەك توغرا سۆز، ساددا، ساداقەتمەن دولانىڭنى.

رەھىمسىز قامچىلاپ خۇنخور رەقىب، تۈزكور مالايلارنى،
كۆتۈردۈڭ كۆككە «ئەنجانباي» كەبى مەرد-قەھرىمانىڭنى.

ئوڭايمۇ تەكتىدىن سۇزمەك جاۋاھىر كەڭ دېڭىزلارنىڭ،
ئوشۇق كەتمەس دېسەم ئۈنچە-جاۋاھىر ھەر بايانىڭنى...

زۇنۇن ئوغلانى تەشنائى ئۆتۈپ دوستانە ئەللىك يىل،
يۈرەكتىن ئەڭ مۇقەددەم قۇتلىدى تۆھپەڭ، پىلانىڭنى.

ئىجادىي ئىزلىرىڭ ھەرئان راۋان بولسۇن، سالامەت بول،
كۆرۈشكە ئىنتىزار دوستۇڭ يېڭى توملاردا نامىڭنى.

2004-يىل 30-يانۋار

# ئويغاق يەنە

قاپقارا تۈن پەنجىسىدە بۇ ئانا تۇپراق يەنە،
نەگە باقساڭ شۇندا تور، قاپقان بىلەن سىرتماق يەنە.

ئۇيقۇدىن بىدار سۆزۈك تاڭلارغا تەشنا ھەر يۈرەك،
چىن ئىشەنچ-ئارزۇغا تولغان بىر يۈرەك ئويغاق يەنە.

رەنجىگە بەخش ئەيلىگەچ مەلھەم-شىپا ئارزۇ-ئىشەنچ،
شۇ يۈرەكنىڭ تەكتىدە گۈلدۈرماما-چاقماق يەنە.

بەلكى ئۇ جەڭگاھتىدۇر «ئۆلمەس پەلەستىنلىك» بىلەن،
ئاستىدا ياۋ، ئۈستىدە جۇلالىغان بايراق يەنە.

ئايجامال پەرىگە ئاق رومال توقۇشقا بەندىمىكىن،
قىلدىمۇ بەند يا كېسىلگەن بىگۇناھ توغراق يەنە.

نە ئارام تىكلەنمىسە دىۋانىغا ھەيكەل شۇ دەم،
نە ئارام كۆيلەنمىسە چاچلارغا قونغان ئاق يەنە...

بىپايان ئاسمان گويا دولقۇنلىغان زۇمرەت دېڭىز،
ئۆزدى مەنزىل قىرغىقىغا بىر كۈمۈش قولۋاق يەنە.

«ئاسىيانىڭ ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ئۈچۈن،
شۇ كېچە تولدۇردى شۇ قەلب نەزمىدىن ۋاراق يەنە.

رازىدۇر ئۆز خەلقى، ئۆز ئۇستازى، دوست تەشنائى ھەم،

شانۇ ـ شۆھرەت بار ئىكەن مۇندىن بۆلەك قانداق يەنە؟

ئاپتىپى ئەل مېھرىنىڭ ياشناتقۇسى ئۆز ئوغلىنى،
قايسى تەلۋە تەگلىسۇن قانداق يوغان قالپاق يەنە.

تۇندە ئۇچقان تۇرنىدەك كۆزلەيدۇ ئۇ پەسلى ۋىسال،
«ئەر غېمى ـ ئەلنىڭ غېمى» شۇڭلاشقا ئۇ ئويغاق يەنە.

1987 ـ يىل ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

# قەلەم

مۇراد ـ ئارمان پەرىشتەسى تۇتتۇپتۇ بىر قەلەم بىزگە ،
قەلەم سەۋداسىدىن كەپتۇ تۇمەنمىڭ دەرد ـ ئەلەم بىزگە .

رەھىمسىز ـ تاش يۈرەك يىللار ، ياۋۇز ھاكىم ، قارام قوللار ،
قۇرۇپتۇ سېھىرلىك قاپقان ـ تۇزاقلار ھەر قەدەم بىزگە .

ئارامسىز تاڭغا ئۇلاپتۇق ساناقسىز تۈننى ـ ئاخشامنى ،
غېرىب بىز باغرى چاك ـ چاكقاق ، قەلەم بوپتۇ سەنەم بىزگە .

شۇ جانان ئەيلىسە جەۋلان ۋاراقلار ئۈستىدە ئۈنسىز ،
مۇبارەك ئىزلىرى بوپتۇ گۈزەل باغى ئىرەم بىزگە .

ئىرادە ـ ئىتىقاد بىرلە نەزەر سالساق يىراقلارغا ،
ئېچىپتۇ يۈز قۇياش سۆيگەن ۋەتەن ـ بەيتۇلھەرەم بىزگە .

دېمەپتۇق «داد» ۋەتەن بەختى ئۈچۈن چەككەنگە مىڭ زەخمەت ،
ۋەتەن ـ ئەل تەقدىرى ـ بەختى مۇقەددەس ، مۆھتەرەم بىزگە .

ئىئانە ئەيلىگەن تۇرساق يولىغا بۇ ئەزىز جاننى ،
نېمىشقا شىرنە ـ شەربەتلىك بىلىنگەي نەپ ـ دەرەم بىزگە؟

نەپەستىن توختىماسكەنمىز ، دېمەك ، بىز شۇ ئۇزاق يولدا ،
قەلەم مىسران قىلىچ بىزگە ، يىقىلماس تۇغ ـ ئەلەم بىزگە!

1988 ـ يىل ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەبىيلەر غەمخورى

رەڭگى تۇپراق بىر گۆدەك، بىر توپ گۆدەك،
ئېيتتى: بىزگە كىم ئىگە، كىم يار-يۆلەك؟

ئويلىساق ئوخشاشلا ئەل پەرزەنتى بىز،
خاسىيەتلىك چوڭ پىلەك ئەل، بىز ــ خەمەك.

زوق بىلەن باقتۇق شەھەر پەرزەنتلىرى،
بەختىيارلىق دەۋرىنى قىلسا كۆرەك.

ئىختىيارسىز بىز دېدۇق مەيۈسلىنىپ:
ئاھ نېمىشقا پەرقىمىز ئاسمان-پەلەك؟

سىزگە بىز، شائىر ئاغا، هال ئېيتىمىز،
دەرد-ئەلەم بولغاچقا بۇ جانغا ئىكەك.

ئاھىمىزنى كاتتىلارغا يەتكۈزۈڭ،
چىن مېھىر-شەپقەتكە تەشنا بۇ يۈرەك.

يەسلى، باغچە هەم پاراۋانلىق ئوقۇل،
بىزگىمۇ ناندەك كېرەك، جاندەك كېرەك!

ئىشق ئوتى يالقۇنلىغان كۆيچى دېدى:
بىئارام شائىر ئاغاڭ سەندىنمۇ بەك.

تائەبەت سۆزلەي، نەسىللەر، سەن ئۈچۈن،
بەخت ماڭا يوق بەخت ـ مۇرادىڭدىن بۆلەك.

1987 ـ يىل 24 ـ ئاپرىل



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئەجىر ـ ئىنئامىڭىز ئۈچمەس

تەپەككۇر كۆزلىرى بىرلە نەزەر سالدىم يىراقلارغا،
ئەسىر ھالقىپ يورۇق چاچقان تەۋەررۇك شام ـ چىراغلارغا.

ئۆمۈرلۈك قانمىغايمەن قەشقەرى مەھمۇد، خاس ھاجىپنىڭ
باھاسىز قان ـ تەرى سىڭگەن مۇبارەك توم ـ ۋاراقلارغا.

مۇيەسسەر ئەيلىدى ئالەم ئارا شاھانە جۇپ قامۇس،
قەدىم مىللەتنى تارىخىي شەرەپ، ئابرۇي ـ ئاتاقلارغا.

ئۆزۈلمەس رىشتىسى جاننىڭ تىنىمسىز تارتىلار ھەرئان،
تىلاۋەت قايىنىغان پايناپ بىلەن «نورۇز بۇلاق»لارغا.

روشەن بولغاي كۆڭۈل كۆزگە سۇرەر بولساق دىۋانلارنى،
ئارام بەرگەي ئارامگاھى ئەسىرلىك ئوت ـ پىراقلارغا...

دىلىمدا بىر ئەزىم دەريا سالار شاۋقۇن بولۇپ تەڭكەش،
«ئەجەم»، «ئۆزھال»، «مۇشاۋىرەك»، «راك»،
«بايات»، «ئۇشاق»، «ئىراق»لارغا.

ئانا يۇرت ئىپتىخارى ئۇ، كىيىپ ئالەمدە ئالتۇن تاج،
شەرەپ بىرلە قەدەم قويدى پەخىرلىك تەخت ـ راۋاقلارغا.

ۋەتەن ئەھلى نەزەر تاشلار جاپالىق بۇ ئۇزاق يولغا،
بۈيۈك ئارزۇ ـ مۇراد بىرلە چېكىلگەن ئىز ـ ئاياغلارغا.


ئالامەت دىت، كارامەت روھ بىلەن بەخش ئەتتىڭىز ئىلھام،
ئەزەلدىن سەل ـ قىيانلارغا پىسەنت قىلماس ياياقلارغا.

مۇقام، قوش توم، تاۋاپگاھ... ئەجرىڭىزدىن تاپتى شان ـ نۇسرەت،
جاۋاب بەرگەچكە سىز ھەر رەڭ سىناقلارغا، توساقلارغا.

ئەلەم ـ تۈغ قىلدى جەۋلان سىز چويۈندەك قولدا چىڭ تۇتقان،
ئورۇق ئات، تايلار ئايلاندى قاناتلىق ئارغىماقلارغا.

تەشەككۇر، دەيدۇ تەشنائى، ئەجىر ـ ئىنئامىڭىز ئۆچمەس،
بولۇپ لىللا ۋەكىل سانسىز جىگەرلىك كۆڭلى ئاقلارغا.

2006 ـ يىل 7 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# كۆڭۈل سۇلتانى

مۇھەببەت ـ مېھرىڭىزدىن نۇر ـ ھارارەت ياغدى ھەر يانغا،
تۈمەنلەپ قەلب پەۋەس تولدى ئۆمۈرلۈك كۈچكە ـ دەرمانغا.

ئېچىلغان گۈل ئانا يۇرتنى ئىپار ـ ئەنبەرگە غەرق ئەيلەپ،
ئېگىلدى ئېھتىرام بىرلە يېتۈك باغۋەن قەدىردانغا.

جاپانىڭ تىك داۋانىدىن ئېگىلمەي ـ تەۋرىمەي ئۆتكەن،
قىران جانباز شۇدەم چۈشكەن ئەجەب قايناق ھاياجانغا.

ئىرادە، ئېتىقادى پاك جاپاكەش تۆھپىكار يىلتىز،
باقار ھۆرمەتتە بىر ئاددىي، بۈيۈك شاھانە ئىنسانغا.

تەپەككۇر ئەيلىسەك، قۇتلۇق دەقىقە ئۆتمىگەن سىزسىز،
چېچىلغاي سىز بىلەن گۆھەر ـ جاۋاھىر چاچقۇ مەيدانغا.

نەسىللەر ئۆز بوۋام دەيدۇ پېئىل ـ پەزلى پەرىشتىدەك،
نەقىشلەپ لەۋزىڭىزنى ساپ، سەبىي قەلبىگە، ۋىجدانغا.

ئاتاقلىق نەۋقىران دەيدۇ: كارامەت دەمدە سىز ياققان
جۇلالىق ياپيېشىل مەشئەل ھاياتبەخش ئەتتى كارۋانغا.

سادا ئەيلەيدۇ تەشنائى: باھاسىز ئەجرىڭىز، دوستۇم،
قوشۇلدى قان تومۇرلاردا لەڭ ئۇرۇپ ئاققان قىزىل قانغا.

ئىجادكار بايلىقى ئەلنىڭ دېگەن سىز جان قېقىپ ھەرئان،
ئۇلار كۆرسۇن ھەقىقىي نەپ مۇناسىپ تۆھپە، ئۇنۇۋانغا.

رەپىق، دىلداش، يۆلەكداش سىز ئىجادكار ئەل-ئاۋام بىرلە،
شۇڭا ئايلاندىڭىز شۇ ئەل كۆڭۈل تەختىدە سۇلتانغا.

2005-يىل 15-ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىناكار

ئەسىرلەر ئەيلىگەي ئاخىر ئارامگاھ سوۋغا ئەجدادقا،
ئىشەنچ-ئارمان بىلەن يۈكلەپ شەرەپلىك يۈك ياش ئەۋلادقا.

سەپەرگە ئاتلىنار ئەجداد ئىزىدىن قەلبى ئويغاقلار،
غەنىيمەت دەمدە بەل باغلاپ، مىنىپ ئويناقلىغان ئاتقا.

قىيا باقماس ئەزەلدىن پاك، گۈزەل ئارمان پەرىزاتى،
كۆڭۈل ئاستانىسى نۇرسىز، بىدەرمان روھىي نامراتقا.

ئەلەم-ھەسرەت يۇتۇپ ئۆتكەي جاھاندىن ھەر نادان-غاپىل،
نادانلىق ئوخشىغاي ئەينەن قەبىھ قاتىلغا-جاللاتقا!

راۋا كۆرگەيمۇ ئىنسانىي سۈپەت-خىسلەتكە باي ئىنسان،
سەبىيلەر روھىي بىمارلىق تۈپەيلى چۈشسە سەكراتقا؟...

ئارامسىز ئويلىنىپ شۇنداق، تاپاي دەپ يول، تاماس قالدى،
ئاران ئۆلگۈرگىلى مۆگلۈق جىنازاڭ سۈيىھى بامدادقا.

بىنا بولدى ھالال ئەجرىڭ ئىزىدىن پەن بېغى ئاخىر،
مۇناسىپ ئۇ يورۇق-پارلاق «يېڭى يۇلتۇز» دېگەن ئاتقا.

دىلىغا ياغسا نۇر نىمجان، داۋاسىز ھەر سەبىي قىزنىڭ،
گۇمانسىز ئايلىنار ئالتۇن قاناتلىق ھۆر-پەرىزاتقا.

ئۆلۈغ ئىستەك بىلەن يۇمران ئوغۇل دەرمان تېپىپ جەزمەن،

بىتەھقىق، ئايلىنار مىللەت، ۋەتەن شەيداسى پەرھادقا.

لاتاپەت ـ مېھرى ئىللىقلىق يېغىپ تۇرغاچقا چېھرىڭدىن،
يوچۇقلار قالمىغان زەررە سەبىي دىللاردا پەريادقا.

لەتىپ سەن شەپقىتى يۈكسەك ھەقىقىي بىر ئاتا ئوخشاش،
دېمەس تەشنائى مىڭ تەھسىن نېمىشقا سەن كەبى زاتقا؟

ئادەمزات بارى تەڭ كۆيسە نەسىل تەقدىرىگە سەندەك،
باسالماس ئەردى ئەرك ـ ئىقبال يولىنى مەڭگۈ لاي ـ لاتقا!

1999 ـ يىل 17 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

# چاقچىقىڭ

ئەجەب لەززەت بېغىشلايتتى يۈرەككە چاقچىقىڭ، ئۇستاز،
مۇرۇۋۋەت، مېھنىتىڭ ھەتتا بوراندەك ئاچچىقىڭ، ئۇستاز.
ئەجەل كەزگەن قارا تۈنلەر تەۋەللۇت ئەيلىدى كۈلكە،
تەۋەررۇك «شالدۇرۇق» جەندە-جەرىدەڭ، قالپىقىڭ، ئۇستاز.

ئۆسەتتى قامىتىڭ مىڭ گەز تىياتىر قۇچسا شان-شۆھرەت،
مۇرادىڭ ئەرشىدە چاقنار تەسەۋۋۇر چاقمىقىڭ، ئۇستاز.
ئەزەلدىن تۆھپىكار - يول ئاچقۇچى ئەجرى كۆمۈلمەيدۇ،
راۋابىدا سېنى كۈيلەر مىراسخور ئامرىقىڭ ئۇستاز.

1987-يىل



# دوستۇم

غەنىيمەت دەملىرىڭ ئۆتتى خەيرلىك ئىش بىلەن، دوستۇم،
جاھاندا ئەڭ پەخىرلىك كەسىپ، نەسىل پەرۋىش بىلەن، دوستۇم.

ئوغۇل-ئەركەككە خاس خىسلەت-مىجەز جىسمىڭدا جەم بولغاچ،
ئېلىشتىڭ بەل تۇتۇپ ھەرئان قەبىھ قىلمىش بىلەن، دوستۇم.

پاراغەت كۆكلىمى نازلىق ئېچىپ تۇرسا قۇچاقلارنى،
ئۆتۇشتى تاللىدىڭ چاپقۇن-جۇدۇنلۇق قىش بىلەن، دوستۇم.

ئۇلۇغۋار غايە ئارمانىڭ بۈيۈك، گىگانت بىنا تىكلەش،
ئۆزۈڭ قۇيغان، ئۆزۈڭ تاۋلاپ پىشۇرغان خىش بىلەن، دوستۇم.

رەھىمسىز شۇ قارا يىللار جېنىڭ جىسمىڭنى قان قىلدى،
قارا زاغلار تۈمۈر تىرناق، زەھەرلىك چىش بىلەن، دوستۇم.

زامان تەتۈر، ئۆزۈڭ پەرقسىز كىيىپ گويا كۆلا-جەندە،
يالاڭ ئاياغ يەر-جاھان كەزگەن گاداي دەرۋىش بىلەن، دوستۇم.

ئاجايىپ غەيرىتىڭ، ئەجرىڭ تۈپەيلى سان-ساناقسىز ياش،
تېپىپ يول مەڭگۈ خوشلاشتى ۋەھىم-تەشۋىش بىلەن، دوستۇم.

ھاياتلىق بىخلىرى ياشناپ بېرەركەن شۇ قەدەر مېۋە،
سېنىڭدەك جان كۆيەر باغۋەن-ئېسىل دانىش بىلەن، دوستۇم.

رىزادۇر «تەڭرىتاغ»[1] سەندىن، كۆمۈلگەي پاك ھايات قىسسەڭ. باھاسىز جەۋھىرى چاچقۇ ـ بۈيۈك ئالقىش بىلەن دوستۇم.

2004 ـ يىل 10 ـ يانۋار



[1] «تەڭرىتاغ» ـ مەزكۇر دوستۇم قۇرغان «ئىلى تەڭرىتاغ ئالىي تېخنىكومى».

# ھەيران

غەنىيلىك يا غەنىيزاتلىق[1] نېسىپ بولغان ئەمەس سىزگە،
يەنە قىلغان سەھەتلىك ـ تەن دۇرۇسلۇق ياۋى قەست سىزگە.

ئوغۇللۇق نامىغا ئالىي شەرەپ كەلتۈردىڭىز، دوستۇم،
ئۆگەتكەن كىمدۇ تىز پۈكمەس سۈپەتتىن مۇنچە دەرس سىزگە؟

ئۇلۇغ ئارزۇ گۈلى ئالغاي قۇۋۋەت ساپ قان، ھالال تەردىن،
سۇغارماق، ئەيلىمەك پەرۋىش بۇ گۈلنى قانچە تەس سىزگە؟

روشەن ئالەمگە مىڭ ئەما تىكىلدى كۆز ئېچىپ گويا،
ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ خەندانى يېڭى كۈچ ھەر نەپەس سىزگە.

نە ھاللار كەچتى بۇ زەمزەم قۇدۇقنى قازغۇچە باشتىن،
يۈرەك تەشناسى قانغان كىم، «تۆمەن رەھمەت» دېمەس سىزگە!

ئۇدۇل ئالغا ئەسىر ھالقىپ يۈرۈڭ مەردانە ئەي دوستۇم،
قىلىشسۇن ھەر نېمە مەيلى بىنەپ شۆھرەتپەرەس سىزگە!

رەشىد ـ ئاقىل قەدىرلەيدۇ كۆمۈلمەس تۆھپە ـ ئىنئامىڭنى،
ئانا قايىل، جىمى ساغلام، مېيىپ ھەيرانۇھەس سىزگە!

1999 ـ يىل 19 ـ يانۋار

---

[1] غەنى، غەنىيزات ـ باي، بايزادە، بايۋەچچە مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چەشمىلەر

خۇش ئاۋازىڭدىن چىچىلدى گۈلگە شەبنەم چەشمىلەر،
بىرغىنا گۈلگە ئەمەس، گۈلزارغا زەمزەم چەشمىلەر.

ئالدى ھۆرمەتلىك ئورۇن سەيناسىدىن چوڭ نەغمىنىڭ،
«تەزە، مۇستەھزات، جۇلا، پەشرۇ»غا مەھرەم چەشمىلەر.

لەۋ يېرىپ دەيدۇ: ئۇزۇن مەزگىل مۇقامنىڭ سىرتىدا
ئاھ ئەجەب چەككەن ئىدۇق ئاچچىق ئەلەم-غەم، چەشمىلەر.

ئىزدىنىش، ئىزدەش بىلەن، تۈنلەر بىدار پەرۋىش بىلەن،
كەلدى ئۆز ئەسلىگە ئاخىر خويمۇ كۆركەم چەشمىلەر.

قىلغىنىڭ بەك خاسىيەتلىك، بەك ئۇلۇغۋار ئىش سىنىڭ،
بىر ئۈزۈلمەس يىپقا بولدى جەم-مۇجەسسەم، چەشمىلەر.

ھەر مۇقامنىڭ ھۆسنىگە ياغدۇردى ئالتۇن شولىلار،
قىممتى دۇردانىدىن يۈكسەك، مۇكەررەم چەشمىلەر.

ئاھ، يەنە بىر غەلىبە-شادلىق بۇ مۇقام تارىخىدا،
بولمىسۇن كىمنىڭ داۋا دەردىگە مەلھەم چەشمىلەر.

جىممىدە كەتسەڭ نەفىسى، شاھ رەشىدى ئالدىغا،
قالدى ھىجران-ھەسرىتىڭدە كۆزلىرى نەم چەشمىلەر.

ئىسمى-ئۇنۋان، خىزمىتىڭ، پەزلىڭ نامايان بولغۇسى،
ئىترىتىپ جانۇ يۈرەكنى ياگرىغان دەم چەشمىلەر.

2004-يىل 8-سىنتەبىر



## «قىز قۇمى»غا بېغىشلىما

تەپەككۇر قۇشلىرىنىڭ پەرۋاز ئېتىپتۇ زەپ ئېگىز، دوستۇم،
كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى گۈزەل مەرمەر دېڭىز، دوستۇم.

ئۇزار دولقۇن سىلىپ شاۋقۇن شۇ خىلۋەت «قىز قۇمى» بويلاپ،
ھاياتبەخش كۈچ ئالار بەلكى بۇنىڭدىن ئاشۇ قىز، دوستۇم.

رىۋايەت-قىسسە سالغايمۇ يۈرەكنى لەرزىگە شۇنچە،
تۇمەن ئاشىق غۇرۇر بىرلە شۇيان تاشلاپتۇ ئىز، دوستۇم.

سەبىي قىز ئول سەبىخە ھەم شۇ يولدا، ئۇ بىلەر شەكسىز،
نېمەرسە بۇ جاھاندا ھەممىدىن شېرىن-لەزىز، دوستۇم...

ئۇزاق باقتىم شۇ ئىزغا، ئاھ ئەجەبدۇ كۆڭلى ئىنسانىنىڭ،
ئاشۇنداق ئۆزگىچە ئاشىق سەنەملەر پەخرىمىز، دوستۇم.

نەپىس تەسۋىر، گۈزەل ھېسلار، ھايالىق جۈملە-سۆھبەتلەر،
ئۇزاتتىنىڭ ياز، دىمىق پەسلى گويا مۇزدەك قىمىز، دوستۇم.

ئالار لەززەت ئۇنىڭدىن ساپ، سەممىي ھېسسىياتلىق زات،
يېگەندەك دىلبىرى تۇتقان تىزىقتىن قوش مېغىز، دوستۇم.

يۈرەكتىن ئاپىرىن دەيدۇ ھالال ئەجرىڭگە تەشنائى،
كامال تاپ ئەللىك ئۈچ يىللىق ساۋاقداشىم، ئەزىز دوستۇم.

2004-يىل 5-ئىيۇن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوت ئىلكىدە

ئاھ، ھايات قانداق گۈزەل سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىلكىدە،
يەر-جاھانغا جان ئاتا قىلغان ھارارەت ئىلكىدە.

بىزنى سەۋدا ئەيلىگەن، ھەر كويغا سالغان ئۇشبۇ ئوت،
شۇ تۈپەيلى بىز ھامان مىھنەت-مۇشەققەت ئىلكىدە.

دىلرەبا مەنزىلدە تەشنا كۈتسە بىزنى سۈبھى-شام،
ئاشمىغايمىز نە ئۈچۈن تاغلار شىجائەت ئىلكىدە.

ئۇنتۇغاي تاھىرنى كىم، پەرھادنى كىم، سەئدىنىنى كىم،
شانۇ-شەۋكەت تاجى شۇنداق جان پىدا مەرد ئىلكىدە.

لەنىتى يىللاردا ئىبلىس تىرنىقى بوغقاندا ھەم،
ياتمىدۇق بىز ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت-نادامەت ئىلكىدە.

ھىممىتى يۈكسەككە ھىجران كۈلپىتى ھېچ گەپ ئەمەس،
پۈكمىدۇق تىز قاتمۇقات زەنجىر ئاسارەت ئىلكىدە.

مەڭگۈ مەھرۇم ئەيلىيەلمەس بىزنى بۇ ئوتتىن بىراۋ،
مۇنچە قۇدرەت بولمىغاي نى-نى ھاماقەت ئىلكىدە.

ئىپتىخار ئەيلەيدۇ ئەۋلاد، رازى ھەم ئەجدادىمىز،
تىك تۇرۇپ ئۆتسەك بۇ دۇنيادىن ساداقەت ئىلكىدە.

دىلكىشى، تەقدىردىشى بىز پاك مۇھەببەت ئەھلىنىڭ،

قەدىر ـ قىممەت، يۈز ـ ئىناۋەت ئۇشبۇ خىسلەت ئىلكىدە.

ھەزرىتى ئادەم ـ ھاۋانىڭ نەسلى بىز، ئوغلانى بىز،
بەندىگە باقماق نومۇس تەزىم ـ خۇشامەت ئىلكىدە.

ئاتقا مىندۈرگەنمۇ ئوت، ئوقيانى تۇتقۇزغانمۇ ئوت،
شۇ سەۋەبتىن بىز ھامانەم قۇت ۋە قۇدرەت ئىلكىدە.

جەننەتۇل مەئۋاغا باقمايمىز قىيا ئوت بولمىسا،
ئوت ـ ھارارەتسىز بىھىش ـ جەننەتمۇ زۇلمەت ئىلكىدە.

ئىچ ـ ئىچىدىن دەيدۇ تەشنائى مۇراد ـ ئارمانىمىز،
قالدى ئۆچمەس ئوت بولۇپ بەت ئىلكىدە، خەت ئىلكىدە.

1987 ـ يىل يانۋار

# دولان كاككۇكى

ئايا دوستلار، جۇدالىقتىن ئېغىر ھەسرەت-ئەلەم قايدا،
جۇدالىق يامغۇرى بىرلە ياسالامدۇ قىيان سايدا؟

بىھوش بولماس مۇسىبەتتىن نېمىشقا جان-جىگەر دوستلار،
ئىجادكار خۇش ناۋا كاككۇك نەپەستىن توختىغان چاغدا؟

بىماردەك تولغۇنارمەن، ئاھ، ئەمەسمۇ مەن شىجائەتلىك،
پىداكارنىڭ ئىجادىغا يېقىندىن ئىشقىۋاز-شەيدا.

ئادالەت دىلرەباسى يۈرەكتىن سۆيگۈچى ئاشىق،
پېشانە تەرىنى تۆككەن ئەمەسمۇ دەل مۇشۇ جايدا؟

سىنىپقا كىرسە ئوڭ قولدا تۇتۇپ شامىنى ھېكمەتنىڭ،
ئۇنىڭ جۇلاسىدىن بولغان ئەمەسمۇ مىڭ ھۈكەر پەيدا؟

ئەزىم دەريا ئىدى كۆڭلى گۆھەر-دۇردانىغا تولغان،
ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بايلىق تېپىلماس قانچە ئون بايدا.

يۈرەكنىڭ مېھرىنى تۆكتى دولان گۈلزارىغا كۈن-تۈن،
تىنىم تاپماي سوغۇق يانۋار ۋە يا جان راھىتى مايدا.

سىنەم بولماس ئىدى پارە ئۇنى ھېچ كۆرمىگەن بولسام،
ۋە سىرداش بولمىغان بولسام كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش-چايدا.

ئالايلى دەيدۇ تەشنائى يۈكنى كۈيچى كاككۇكنىڭ،

يازايلى، سۇبھى ـ شام پەرياد ئۇرۇشتىن ئەمدى نە پايدا!؟

ئىزاھات:

33 يېشىدا ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغان بۇ كىشى مەكتەپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەخىرلىك ئوقۇتقۇچىسى، دولان ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئابرۇيلۇق تەشكىلاتچىسى ئىدى. مەن ئۆمرۈمدە پەقەت ئىككىلا قېتىم كۆرۈشكەن.

1980 ـ يىل 11 ـ دېكابىر



# تەلمۈرمەن يولۇڭغا

(قارامايدا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە چوڭ ئوت ئاپىتىدە قازا قىلغان 323 ياش-ئۆسمۈرگە مەرسىيە)

نەدىسەن، ئەي كۆز قاراغىم، ئەي يۈرەك پارەم،
ئارزۇ-ئارمان باغىم ئارا يېگانە لالەم.
دەردۇ ھىجران خەنجىرىدە قان بولدى باغرىم،
قاپقاراڭغۇ گۆرىستاندۇر سەنسىز بۇ ئالەم.

ئۇچقان ئىدىڭ تاڭ-سەھەردە سومكاڭنى ئېسىپ،
دىدارىڭنى قايتا كۆرمەك بولمىدى نېسىپ.
قەھرى بىلەن نەرە تارتىپ ئوت ئەجدىھاسى،
كەلدى قايناق شەھىرىمىزنىڭ ئۈستىگە بېسىپ.

كۆرگەن ئەمەس مۇنچە ئاپەت نېفت شەھىرى،
جان-تېنىمنى ئۆرتىۋەتتى ھىجران زەھىرى.
بىلسەممۇ مەن، باغرىم بالام، كەلمەسلىكىڭنى،
تەلمۈرمەن يوللىرىڭغا شامۇ سەھىرى.

1994-يىل 9-دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ھىجران چەشمىلىرى

(مەرسىيىلەر)

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە

نەپەستىن توختىدىڭ، ئۇستاز، پېقىرنى قالدۇرۇپ دەردتە،
داۋانلىق يولدا كارۋاننى قويۇپ ھىجراندا-كۆلپەتتە،
پىغانلىق ياش تۆكەر «بۇغدا ئانام» ئاھۇ نادامەتتە،
مۇسىبەتلىك كىچە «قەشقەر قىزى» قۇرئان تىلاۋەتتە،
چىداش بەرمەك بەسى مۈشكۈل بۇ دەرد-ھەسرەتكە، ئەلۋەتتە.

مۇرادىڭ كۈيچى بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز ئەيلىمەك خەندە،
ساڭا بەخش ئەتتى كاج قىسمەت كۆرۈمسىز-سەت كۇلا-جەندە،
مۇشەققەت تاغى يەلكەڭدە، مادارىڭ قالمىدى تەندە،
ھالال رىزقىڭغا يول ئاچتى قولۇڭدا ئويىنىغان رەندە،
ھاياتىڭ ئۆتتى پاك مېھنەت، قانائەت، سەۋر-تاقەتتە.

سەپەرگە ئاتلىنىپ چىقتىڭ، ئۆزۈڭ ياش، ئات ئورۇق ئەردى،
گۈزەل جانانغا تەلپۈنگەن دىلىڭ كۈندەك يورۇق ئەردى،
ئىشەنچ-ئارمان تومۇزنىڭ سەل-قىيانىدەك ئۇلۇغ ئەردى،
ئانا پەرمانى ئايەتتەك مۇقەددەس يوليورۇق ئەردى،
پۈتۈن ئۆمرۈڭ بويى ئۆتتۈڭ شۇ ئۆچمەس ئوت-ھارارەتتە.

سۆيۈملۈك تەگرى تاغىمغا ئىدىڭ جان-دىل بىلەن ئامراق،
مۇھەببەت كۈيلىرىڭ ئەردى ئەجەب ئويناق، ئەجەب ياڭراق،
بىلىپ-بىلمەي دېيىشە بىر كىم سۆيۈملۈك تاغنى «ئاق بايراق»،

چىدام-بەرداش بېرەلەيدۇ غۇرۇرلۇق تۆھپىكار قانداق؟
ئانا تاغ نامىدىن قالتىس جاۋاب بەردىڭ شۇ، سائەتتە!

قەدىم قەشقەردە تۈن-ئاخشام، ئازاب ئىسكەنجىدە لەيلى،
«نىجادلىق-ئەرك ئۈچۈن-دەيدۇ-كېسىلسۇن بۇ بېشىم مەيلى!»،
سالار جاللاتنى تەشۋىشكە كېرىمنىڭ قەھرلىك پەيلى،
«زۇلۇم زىندانىنى، دوستلار، قىزىل يانغىندا ئۆرتەيلى!»
سەھەرگە تەلمۈرەر كۆزلەر ئىشەنچ، ئىخلاس، مۇھەببەتتە.

يېزىپ ئۆتمەكچىدىڭ، ئۇستاز، ئەزىز قەشقەر سەھەرىنى،
تىزىپ ئۆتمەكچىدىڭ نۇرلۇق ئەقىل-زېھنىڭ گۆھەرىنى،
بەجا ئەيلەپ پەرىشتە ئول خۇدا پەرمانى-ئەمرىنى،
ئېلىپ كەتتى ئۇلۇغ ئەلنىڭ سېنىڭدەك جان كۆيەرىنى،
ئەجەب يۈكسەك قىيا ئەردىڭ دىيانەتتە، ساداقەتتە.

ئەنە، سانىسىز رەقىب لەشكەر، ئاغا يولباشچى بىر ئاسىي،
سېپىلنىڭ سىرتى قانلىق جەڭ-ھالاكەت دەشتى-سەھراسى،
قىزىل قايىنامغا چۆكمەكتە ئانا يۇرت جەڭچى-پۇقراسى،
«ئۇلۇغ ئانا» تومۇرىدا قىيانلىق قەھر دەرياسى،
ئەنە، يۈرمەكتە ئۇ ئالغا قىساسكار شىر قىياپەتتە.

ئۇ دەيدۇ:«تەڭ قىلۇر ئەردىم كۆزۈمنىڭ جۈپ قاراسىغا،
نېچۈن سەن ئايلىنىپ كەتتىڭ قەبىھ مەلئۇنغا-ئاسىيغا؟
رەقىبنى باشلىماس بۆرە-قاۋانمۇ ئۆز ئۇۋاسىغا،
نېمىشقا باشلىدىڭ ياۋنى ۋەتەننىڭ پاك دالاسىغا؟
ئۇراي ئەل نامىدىن خەنجەر قارا باغرىڭغا نەپرەتتە!...»

پۈرۈقلاپ قايناغان قاندىن يارالدى ھېچ كۆمۈلمەس «ئىز»،

(شۇ «ئىز» نىڭ تەكتىدە مەڭگۇ ھاياتبەخش ئەتكۈچى يىلتىز)،
نېچۈن يەم بولدى قۇۋ تۈلكە ـ قاۋانغا ئۇ تۆمۈر يىلپىز،
قېنى ئەرك ئىزدىگەن نى ـ نى ئامانقۇل، ئايسۇلۇ، ئايقىز،
ئاياندۇر بارچە قىسمەتلەر تەۋەررۇك ھەر ۋاراق ـ بەتتە.

قىلىچ بىرلە ئۈزۈلگەيمۇ ئەزىم دەريادىكى دولقۇن،
ئۆچەرمۇ قان قىساسلاردىن يارالغان كاتتا ئوت ـ يالقۇن؟
بورانلىق تاغ ـ دالالاردا قىزاردى تاۋلىنىپ يۇلغۇن،
ئۇلۇغ كارۋان داۋان ئاشتى سىلىپ ئاسمان ـ پەلەك شاۋقۇن،
يېشىلگەن ئاشقا رازىدۇر كىممۇ جاھالەتتە ـ ئاسارەتتە؟

يەنە بىر جۇپ قېرى تۈلكە، چىرايى، ئىسمىدۇر باشقا،
«ئۇرايلى ـ دەيدۇ ـ يەلكەننى خەتەرلىك بىر خادا تاشقا»،
چېچىپ ئاپەت، سىلىپ دىنداش قېرىنداشنى قېرىنداشقا،
ۋەتەن قوينىنى تىلدۇردى كېسىلگەن باشقا، قان ـ ياشقا،
«پەرىشتە» ئەردىلەر دەسلەپ ئۇلار بەھرە ـ مۇرۇۋۋەتتە.

بۈيۈك سەركەردىمۇ نەيرەڭ ـ قەسەمگە ئالدىنىپ ئاخىر،
قەپەسكە چۈشتى «ئويغانغان زېمىن» دىن ئايرىلىپ ئاخىر،
ۋۇجۇدى بولدى قان ـ زەرداپ قانىتى قايرىلىپ ئاخىر،
جېنى روھقا، تېنى كەتتى زېمىنغا ئايلىنىپ ئاخىر،
پۈتۈلدى بۇ ئۇلۇغ قىسسە كارامەت زور ماھارەتتە.

سېنىڭدىن رازىدۇر، ئۇستاز، ئۆزۈڭ سۆيگەن، سۆيۈنگەن يۇرت،
سېنىڭدىن رازىدۇر شەكسىز خاس ھاجىپ، قەشقەرى مەھمۇت،
مۇقامى تاپتى ئۇيغۇرنىڭ شەرەپ ـ ھۆرمەت، سائادەت ـ قۇت،
ئۇنىڭغا ھەم جۇلا قوشتى يۈرەك ـ باغرىڭدا يانغان ئوت،
تەۋەررۇك تۆھپە ـ ئىنئامىڭ باھاسىز قەدىر ـ قىممەتتە...

سەپەردە قايغۇلۇق كارۋان، ئۆزۈك گوياكى دۇلدۇلدا،
كۆتۈردى جانىجان خەلقىك بۈيۈك ھۆرمەت بىلەن قولدا،
ئۇرۇپ ئاھ «ئەلۋىدا!» دەيدۇ مۇسىبەت ئەھلى يول-يولدا،
دۇئا ئەيلەيدۇ ئۇن-تىنسىز مېيىپ-تىلسىزمۇ ئوك-سولدا،
«ئىگەم ئاللا، ئۇنىڭ بولغاي ئارامگاھ-جايى جەننەتتە...»

جاھاننى قالدۇرۇپ كەتسەڭ، يەنە كوت-كوت، يەنە كوت-كوت،
ئۇدۇممۇ ياكى ئەجدادتىن تەۋەررۇك ئەنئەنە كوت-كوت؟
قىلايلى ھەر كىچە كوت-كوت ۋە ھەرىيىل ھەر قەرنە كوت-كوت،
شەرەپشان تاجىنى كىيسۇن قىلىپ زور تەنتەنە كوت-كوت،
قالايلى بىز يېغىر كولاپ نادانلىق-روھىي غۇربەتتە!

ئاجايىپ بىر دەرەخ ئەردىڭ مېۋە-شەربەت تولۇپ تۇرغان،
جۇدۇنلار ئۇششۇتۇپ ھەرئان، بورانىنىڭ ئۇرغىنى ئۇرغان،
شېخىڭنى قايرىسا نادان، بىنەپ تادانلار سۇندۇرغان،
ئۇزۇن تۈنلەردە ئۈستۈڭگە قارا زاغلارنى قوندۇرغان،
ئۆتەتتى ھەر كۈنۈڭ مىڭ خىل مۇشەققەتتە، رىيازەتتە.

بىمىننەت ئەمگىكىڭ يۈكسەك شەرەپ-ئابرۇي نېسىپ ئەتكەن،
تۈمەن ئىغۋانى مول ئىنئام-ئۇلۇغ تۆھپەڭ بېسىپ كەتكەن،
بولۇپ مىسران قىلىچ سىرتماق، توزاقلارنى كېسىپ ئۆتكەن،
ساڭا قەست ئەيلىگەن يۈزسىز كۈشەندە بەك سېسىپ كەتكەن،
يېڭى كوت-كوتچى نە ھالدا قوپار مەھشەر قىيامەتتە!؟

قولىدىن كەلسە كوت-كوتچى، كۆرەيلى، بىر ئۆلۈپ باقسۇن،
گۆرىستان ئۆزرە يول ئالغاي نە ھالدا، بىر كۆرۈپ باقسۇن،
پۈتۈن ئەل-يۇرت ئارا مىڭ ئۆرگىلىپ-مىڭ چۆرگىلىپ باقسۇن،

www.uyghurkitap.com

ئىناۋەت ئىزدىسە ئەۋلاد ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ باقسۇن،
ئادەمزات قىممىتى كوت ـ كوت ئەمەس، پاكلىق ـ دىيانەتتە!

چايان ئوخشاش چېقىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم خاس ھاجىپنى،
چۈشەن ئوخشاش بىزار ئەتكەن قەلەم بابىدا ساھىبنى،
يەنە چاقمايلى بۇ سەپتە ئۇتۇپ چىققاننى ـ غالىبنى،
قاساپ يۇرمەيلى ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەننى غايىبنى،
ئۆتەيلى دەيدۇ تەشنائى ئىجابەتلىك ئىبادەتتە!

1995 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر



# تىيىپجان ئېلىيوۇفقا

ئەھلى يۇرتۇم كۆيچى ئوغلاندىن جۇدا،
ئەرك سۆيەر غەيىۇر غەزەلخاندىن جۇدا.

«تۇگىمەس ناخشا» ـ غەزەللەر ئاسمىنى،
پارلىغان نۇرانە چولپاندىن جۇدا.

زەر قەلەم تۇتقان بۈيۈك كارۋان بۈگۈن،
قەلبى ئاتەش تۇغچى مەرداندىن جۇدا.

ئالدى جان ـ جىسمىمنى ھىجران ئىلكىگە،
مەن بۇ ھىجران ئىچرە دەرماندىن جۇدا.

چۈنكى، جان جىسمىمدا مېھرى، مىھنىتى،
ئاھ نىتەي، مەن بىر كۆيۈمچاندىن جۇدا!...

تۆھپىكارنىڭ تۆھپە ـ ئىنئامى ھامان،
بولمىغاي يۈكسەك شەرەپ ـ شاندىن جۇدا.

قىلمىغاي ئىنكار ئۇنىڭ ئىنئامىنى،
بولمىسا كىم پەزلى، ۋىجداندىن جۇدا.

1989 ـ يىل فېۋرال

# خېۋىر تۆمۈرگە

ئەزىز ئۇستاز، ئەجەبمۇ قايغۇغا سالدىڭ خالايىقنى،
ۋە ھەتتا بىزگە تىلسىمدەك يوچۇن-خۇپىيانە تارىخنى.

سىغىنغانمۇ زەپەر كارۋانىنىڭ سەردارىنى شۇدەم،
(سىغىنماس كىم ئەلى ئوغلى تۆمۈردەك ئەلگە سادىقنى؟)

سىغىنغانمۇ بىلىم، بىرلىك تۇغىنى تىك تۇتۇپ ئۆتكەن،
سۆيۈملۈك ئابدۇقادىردەك شەرەپ-ھۆرمەتكە لايىقنى؟

سىغىنغانمۇ زىمىستان-قىش تۈنىدە ئويغىنىپ بالدۇر،
جاپاكەش ئەلنى ئويغاتقان پىداكار ئابدۇخالىقنى؟

سىغىنغانمۇ زۇلۇمدىن باغرى قانلارنىڭ قىساسكارى،
خۇش ئاۋاز موللازەيدىندەك جاپا ئەھلىگە تالىقنى؟

ئەجەب كەتتىڭ باھارىڭ دىلبىرى باققاندا ناز بىرلە،
نەسىللەرگە مىراس ئەيلەپ باھارغا جان پىدالىقنى.

ھاياتىڭ خەۋپ ئىدى ئەييار كەمەكلەرگە، ۋاپاتىڭ ھەم،
ۋەھىم-تەسلىكىگە سالغاي يەنە قانچە مۇناپىقنى!

1992-يىل 7-فېۋرال

# زوردۇن سابىرغا

ئۇزۇلمەي كەلدى، ئاھ زەپمۇ ئەلەم-ھىجران بۇ مىللەتكە،
چىدام-بەرداش بىرەر قانداق يۈرەك مۇنچە تالاپەتكە؟

تېخى ئاخشام راۋان بولسا زىيائى، جۇرئىتى، ئۆتكۈر،
قوشۇلدى سابىرى زوردۇن بۈگۈن تاڭ پەيتى شۇ رەتكە.

بىلىدىن ئاقنى يەشمەستىن ئۆتەرمۇ جان ئاتام بۇغدا،
شىپا-مەلھەم تاپالماي بۇ ساقايماس داغ-جاراھەتكە.

چۆمۈلگەندەك تۈيۈلدى قاپقارا زۇلمەتكە يەر-ئاسمان،
ئەجىر-تۆھپەڭگە تەشنا مەن كەبى جان دوستقا، ھەمدەردكە.

زېمىن تەۋرەپ، يېرىلغاي يەر ئېشىپ كەتسە بېسىم چەكتىن،
يېرىلدى ئاھ يۈرەك-باغرىڭ چىدالماي دەردۇ كۈلپەتكە.

بىرى، ئۇبرازلىرىڭ دەردى ئۆزۈڭ تەسۋىرلىگەن، سۆيگەن،
ئۇلار ھەرئان گىرىپتاردۇر ئۆسەك-ئىغۋاغا، تۆھمەتكە.

بىلىم پەرۋانىسى ئەلا① قارا زىندانغا بەند-تۇتقۇن،
جەسۇر زىھرۇللا② زار-تەشنا ھەقىقەت، ئەرك-ئادالەتكە.

ئۇچار ئوقلار، كېزەر بىرلىن تېمى بويلاپ ئەجەل-ماتەم،
نەپەستىن توختىدى پېتا③ يېتەلمەي ئاررزۇ-مەقسەتكە...

①②③ «ئىز دىنىش»، «كەچ كۈز»، «سىزىق ئادەملەرگىلا» ماۋزۇلۇق رومان، پوۋېست، ھېكايىلىرىڭ باش قەھرىمانلىرى

چېكىپ ئۆتتۈڭ پىغان ـ ھەسرەت ئۇلار تەقدىرىدىن، دوستۇم،
يۈرەك ـ باغرىڭ تولۇپ سۆيگۈ، ئىچ ئاغرىق، قەھرى ـ نەپرەتكە.

يەنە پەرزەنتلىرىڭ دەردى ـ چىداش مۇمكىن ئەمەس دەردلەر،
بىمەزگىل سۆرىمەكتە سەن بىلەن بىزنى قىيامەتكە!

ياشاپ ئۆتتۈڭ، ئەزىز دوستۇم، جاھاندىن زاتى ئىنساندەك،
پىدا ئەيلەپ ھاياتىڭنى ئىجادىي ئىشقا ـ مىھنەتكە.

سېنىڭ يازغانلىرىڭ خالىي پۈچەكلىك ـ ساختىلىقلاردىن،
قىيا باقماس ئىدىڭ ساختا شەرەپ ـ ئۇنۋانغا، ئامەتكە.

«سۇنارمەن نەزمە گۈلدەستە يېشىڭ ئاتمىشقا يەتكەندە»
دېگەنتىڭ تولدۇرۇپ ئىخلاس ـ ئىشەنچ جامىنى شەربەتكە.

بۈگۈن مەن نەزمىدىن تىزماق بولۇپ گۈلدەستىلەر ئاپپاق،
قەلەم ئالسام كۆزۈمدىن سىرغىدى قانلىق يېشىم بەتكە.

بۈيۈك ئارمان بىلەن كەتكەن جاپاكەش تۆھپىكار دوستۇم،
سېنى يار ئەيلىگەي ئىككى جاھان سۇلتانى جەننەتكە.

1998 ـ يىل 15 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئانا نەدىسەن؟

(ئانام بۇۋىھەجەر خېنىم مۆمىن ئاخۇن قىزى ۋاپاتىنىڭ بەش يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئانا، ئەي مىسلى تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئىنسان، ئۆزۈڭ نەدە؟
ئانا، ئەي مەڭگۈلۈك ئۆچمەس ئۇلۇغ گۈلخان، ئۆزۈڭ نەدە؟

سېنىڭ قەدرىڭ ئەجەب ئۆتتى، سېنىڭ تەشنالىقىڭ تۇتتى،
بۇ تەشنالىققا كار قىلماس، دېڭىز-ئوكيان، ئۆزۈڭ نەدە؟

ۋۇجۇدۇم-كاتتا تۈزلەڭلىك، «ئانا!» دەپ مەن نىدا قىلسام،
ئېتىلدى مىڭ يېرىدىن كۆز يېرىپ فونتان، ئۆزۈڭ نەدە؟

ئۆزۈڭ تىككەن بادام دوپپا ياراشقان بۇ ئەزىز باشىم،
قارا بۆك ئاستىدا...ئەزدى پىراق-ھىجران، ئۆزۈڭ نەدە؟

ئېگىز زىندان تېمى-قىرغاق، ئېقىپ ئۆتتۈڭ بولۇپ دەريا،
ئاشۇ قىرغاققا كۆكسۈڭنى ئۇرۇپ ھەرئان، ئۆزۈڭ نەدە؟

قىيان ئۆرۈيدۇ تىك يارنى، ئاناڭنى داغى پەرزەنتلىك،
بىمار قىلدى سېنى ئاخىر ئەلەم-ئەبغان، ئۆزۈڭ نەدە؟

كېسىلدى پاك ھايات رىشتەڭ جاھالەت قايچىسى بىرلە،
پۈتۈن جىسمىمغا ياماشتى جاراھەت-قان، ئۆزۈڭ نەدە؟

ئانا، كۆرسەم ئىدىم كاشكى ئاخىرقى دەمدە چېھرىڭنى،
بىراق، زىنداندا مەن، نە بىر ئامال-ئىمكان، ئۆزۈڭ نەدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆزۈك قانداق يۇمۇلغاندۇ بالاڭغا تارتىشىپ كۈن ـ تۈن،
دېگەيسەن، قىل خۇدا، مۇشكۇلىنى ئاسان، ئۆزۈك نەدە؟

دېگەندۇ ئەل جىنازاڭ لەك ئۇرۇپ ئۆتكەندە يوللاردىن:
«مىراس بىزگە ئۈنىڭ قەلبىدىكى ئارمان»، ئۆزۈك نەدە؟

چېلىشتىم بەل تۇتۇپ، قەھرىڭ ـ قىساسىڭ، ئارزۇ ـ ئارمانىڭ
ئاتا قىلغاچ ماڭا چەكسىز قۇۋۋەت ـ دەرمان، ئۆزۈك نەدە؟!

نە بولغاي ئەردى باغرىڭغا تېگىپ تەشنائى نەسلىڭنى،
دېسەڭ، نەۋرەم، ساڭا تەشنا ئۇلۇغ كارۋان، ئۆزۈك نەدە؟

1979 ـ يىل



# جەۋھىرى نەزملەر

## تۇيۇقلار

### 1

ئاتامنىڭ مال بىساتىدىن مىراس تەگدى ماڭا بىر ئوق[1]
باھاسىز ئىككى قامۇس،خاسىيەتلىك يا بىلەن بىر ئوق.
دېدىم: بۇندىن جۇدا بولسام ھاياتىم ھارۋىسى گۇمران،
دوزاققا بولغۇسى تۇتروق شۇئان قوش چاق بىلەن بىر ئوق.

### 2

جاھان تەرىپ ئېتەر بۇلبۇل ئۈنىنى «ئەڭ ئېسىل ئۈن» دەپ،
نەۋا قىلغان ئۈچۈن سۆيگۈ-ۋاپا گۈلزارىغا ئۈندەپ.
گۈزەل قار لەيلىسى ئاشىق ئېگىز تاغ، تىك قىيالارغا،
قېنى، مەجبۇر قىلىپ باققىن ئۇنى «گۈل يامىدا ئۈن» دەپ.

### 3

زاتىمىز تەرىپلىگەندەك، ئەر قاناتى-ئات، بالام،
ئاتقا مىن، جەڭگاھقا كىر، ئەل دۈشمىنىنى ئات، بالام.
رازى مەن مەيدان ئارا مەردلىك بىلەن بولساڭ شېھىت،
بىلگى، دات قالغاي يامانىدىن، ياخشىلاردىن ئات، بالام.

---

[1] ئوق ـ ئۆلۈش، ھەسسە، بىر يەرزەنتلىك مىراس

www.uyghurkitap.com

4

تون بولۇر مەھكەم بىرىكسە پەش، ياقا ھەم ئىككى يەك.
سەنمۇ بىرلەش، نائىناقلىق كۆلپىتى-دەردىنى يەك.
دەر ئىدىم تەنھا زەئىپ مەندىن سوراپ قالسا داۋا،
زىچ ئىناقلىق مەلھىمىنى كۆندە يەك، ھەر كۆندە يەك.

5

دېدى: «شۇنداق-ھەئە» دەيسەن، ئىجازەت يوق «ئەمەس-ياق» قا،
دېسەڭ ياق، پاتقۇسى كاللاڭ پۇرۇقلاپ قايىنىغان ياغقا!
دېدىم: جاندىن، جاھاندىن خوشلىشاي مەردانە، ھەق سۆزلەپ،
بېقىپ تەشنا ئادالەت-ئەرك قۇياشى پارلىغان ياققا!

6

تاڭغا تەشنا-ئىنتىزار بولدۇم، سېغىندىم، تاڭ دېدىم،
سورىسا بەتبەخت سوئال، يەلكەمنى قورۇپ تاڭ دېدىم.
تۈن-زىمىستان قوينىدا ئۇرغاندا ئاھ يارەنلىرىم،
تاڭ يېقىن، تاڭ ئىشقىنى قەلبىڭگە مەھكەم تاڭ دېدىم.

7

ھەر كىشى دۇنياغا كۆز ئاچقاي پەقەت بىر رەت، بالام،
جەڭ ئارا بولسۇن ساڭا مەنسۇپ بىرىنچى رەت، بالام.
بۆس قامال-ئۆتكەلنى، يول ئاچ چوڭ قوشۇنغا، غەلىبىگە،
ئوتتۇرا ھەم ئارقىدا تۇرماقنى قىلغىن رەت، بالام.

8

يوق قىيان-كەلكۈندە ئۆرۈلمەيدىغان تىك يار، بالام،

سەن بولۇپ كەلكۈن ـ قىيان توسقۇن ـ توساقنى يار، بالام.
بولسا يار سۆيگۈ ـ ۋاپا، مەردانىلىق خىسلەت ساڭا،
باغرىنى ئاچقاي قەلەمقاش، ئاھۇ كۆزلۈك يار، بالام.

9

ئەجدىھا دەپ بىلمە، ئوغلۇم، پاتمىچۇقنى، سالمىنى،
يەتتە باشلىق دىۋىلەر بويىنىغا سالغىن سالمىنى.
دۈشمىنىڭ ساندۇققا سالماق بولسا يار ـ دوستۇڭنى سەن،
تىك تۇرۇپ دە:«ئەي رەقىبىم، ساندۇقۇڭغا سال مېنى!»

10

كىم ئېلىپ مىلتىق، زەھەرلىك ئوق، سېنى قىلسا قارا،
مەڭدىمە،تەۋرەنمە، شۇ دۈشمەن كۆزىگە تىك قارا.
شۆھرىتىڭدىن تىكلە مەردلىك ھەيكىلى ئەل قەلبىدە،
ھەددىدىن ئاشقان رەقىبىڭ يۈزلىرى بولسۇن قارا!

11

دىلبىرىم، باغرىمغا باغرىڭ ياققىنا،
دىلغا مېھرىڭ شام ـ چىراغى ياققىنا.
ئىنتىزار ـ تەشنا گىياھ مەن قەترىگە،
سەن بولۇپ ياز يامغۇرى، بىر ياغقىنا.

12

ئامرىقىڭ بارمۇ؟ دېسەم، سەن «ياق» دېدىڭ،
«دىلغا ھېكمەت مەشئىلىنى ياق» دېدىڭ.
مەن دېسەم: ياقسام ئىدىم كۆڭلۈڭگە، يار،

«ئەڭ مۇقەددەم ئەل دىلىغا ياق» دېدىڭ.

## 13

«كۆز قىرىڭنى ئاشقىڭغا سال» دېدىم،
«ئاتنى مەن بىرلە سەپەرگە سال» دېدىم.
سەن ۋاپا دەرياسى بولساڭ، دىلبىرىم،
مەن بولاي باغرىڭدا ئۈزگەن سال، دېدىم.

## 14

ئۈيقۇ-غەپلەت بەھرىدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز،
پەن-بىلىم دەرياسىدا مەردانە ئۈز.
ئوق قولۇڭدا ئويىنتىپ پەن شەمشىرىنى،
خەۋپ-خەتەرلىك مەنىۋى سىرتماقنى ئۈز!

## 15

تەر تۆكۈلمەي يولدا خەندەك تىنمىغاي،
تىنمىسا خەندەك، كۆڭۈلمۇ تىنمىغاي.
مەرد يىگىت ئەلنىڭ مۇراد-بەختى ئۈچۈن،
خالىسانە تۈزلىگەي يول، تىنمىغاي.

## 16

جان كۆيەرى سالدى ئىسرىق-ئوتلىدى،
تۈتتى سىنچاي، ئوۋچى ئوغلان ئوتلىدى.
چىقتى يولغا، ئاتتى يولۋاس، ئالدى دەم،
دۈلدۈلىمۇ يان-يېنىدا ئوتلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**17**

سوۋغا قىلسام شۇنچە ھېكمەتلىك ئەسەر،
سۆيۈنۈشتىن سەندە يوق ھېچبىر ئەسەر.
ئاھ ئىسىت، سۇندۇم نېچۈن ئەماغا شام؟
دەپ تۇيۇق يازدىم بۇ ھال قىلغاچ ئەسەر.

**18**

ئالدىمىزدا چوڭ سەپەرنىڭ ئۆتكىلى،
ئانت ئىچىشتۇق بىر نىيەتتە ئۆتكىلى.
قىلسا كىم بىرلىككە قەست، بولماس ئۇنىڭ،
بۇ گۇناھىدىن پەقەتلا ئۆتكىلى!

**19**

باغرى تاشلىق قىلدى جۇپتۇم ،ئاينىدى،
قىلمىشىدىن زەپمۇ كۆڭلۈم ئاينىدى.
مەن بىلەن قالغان يېتىم-يۇمران كۆچەت،
چىن ۋاپا-مېھرىم سۈيىدە ئاينىدى.

**20**

قورۇلۇپ ئاپتاپتا بولدى قاق، جېنىم،
سايە تاشلاپ قانىتىڭنى قاق، جېنىم.
تولدۇرۇپ زەمزەمگە مېھرىڭ جامىنى،
سۈبھى دەرۋازامنى لەرزان قاق، جېنىم.

**21**

مەرىپەت-يارىڭ، يۈزۈڭنى ئۆرىمە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئۇ، گۈزەل بەختنىڭ مۇنارى، ئۆرۈمە.
مەرپەتنىڭ مۇنبىرىدە چاقنىساڭ،
جاننى مەن ئەيلەي بېشىڭدىن ئۆرۈمە.

22

جانىجان يۇرتۇڭ ـ ئانا، خەلقىڭ ـ ئاتا،
شۇ ۋەتەن ـ خەلقىڭ ئۈچۈن جاننى ئاتا.
جاندىن ئايرىلساڭ ئەگەر بۇ يولدا سەن،
ئەل ـ ۋەتەن قىلغاي ساڭا مىڭ جان ئاتا.

23

چۈشتى كۆڭلۈمگە يوچۇق خەۋپتىن تۈيۈق،
مەن دېدىم: غەپلەت يولى ـ خەۋپلىك، تۈيۈق.
قەلبى ئويغاقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ خەۋپ،
دەپ تۈيۈق چۈشكەن كېچە يازدىن تۈيۈق.

24

ئەي ئوغۇل، تىرماش ـ تىرىش، ئۇبدان ئوقى،
قىلمىسۇن نىمجان سېنى غەپلەت ئوقى.
ھارۋىغا ئەتسەڭ قىياس ئۆمرۈڭنى سەن،
پەن ـ بىلىم شۇ ھارۋىنىڭ چاقى، ئوقى.

25

سەن دېدىڭ: ئەل دۈشمىنىنى قوغلا، سۈر،
ياشلىقىڭنىڭ پەيزىنى جەڭگاھتا سۈر.
باغلىسام ئەمرىڭنى مەن ئاقلاشقا بەل،

يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى باستى سۇر.

## 26

سېنى دەيمەن مەيلى سۇبھى، مەيلى كەچ،
مەن سېنىڭمەن، مەيلى سۆيگىن، مەيلى كەچ.
مەن بەجا ئەيلەي نىگارىم سەن دېسەڭ،
تاغ غۇلات، دەريا ـ دېڭىزنى مەيلى كەچ.

## 27

شۇنچە يىللار توختىمىغاچ چېكىمىز،
ئەلەم بىلەن ئاقرىپتۇ چېكىمىز.
ئەمدى باقساق، پەرزەنت غېمى، تەقدىرى،
بۇ دەردنى ئاھ قاچانغىچە چېكىمىز!

## 28

بۇ ئەسىردۇر بىلىم ـ ھېكمەت ئەسىرى،
قولدا مەھمۇد، خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى.
نى ـ نى ئۇلۇغ دانىشمەنلەر ـ ئاقىللار،
بولۇپ قالدى جۇپ ئەسەرنىڭ ئەسىرى.

## 29

ئاھ پەرىشتەم، سېنى سۆيدۇم، ياراتتىم،
شەنىڭ ئۇچۇن قانچە داستان ياراتتىم.
نازىك بىلەن بىر كۆلمىسەڭ سۇبھى دەم،
قوش پىچاقتا يۈرىكىمنى ياراتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

30

بىلسەڭ، ساڭا مەڭگۈ سۇنماس قاناتىم،
دۈشمىنىڭنىڭ باش-كۆزىنى قاناتتىم.
ئەجەبلەنمە كېچە-كۈندۈز تىكىلسەم،
دىدارىڭغا قاچانمۇ مەن قاناتتىم؟

31

كىملەر ئۇلار، قەيەرلەردىن كېلىشكەن؟
نېمە ئانچە جەسۇر-قاۋۇل، كېلىشكەن؟
كەتتى ئالغا، كۈتەمدىكىن ئىنتىزار،
ئىقبال قىزى ۋەدىلەشكەن-كېلىشكەن؟

32

يىگىتلەر بەل تۇتۇپ دادىل ئېلىشقان،
سۈرۈپ دۈشمەننى كەنت-قەلئە ئېلىشقان.
سۈرۈلدى ياۋ گىياھسىز دەشتۇ چۆلدە،
چۈمۈلە يەپ ساراڭ بولغان-ئېلىشقان.

33

چۈشەنگىن، بىزنى دەپ ئەجداد چېلىشقان،
داۋانلار ئۆزرە جەڭ سازى چېلىشقان.
قازان ئەيلەپ چويۇن قالپاقنى، ئوغلۇم،
تېرىق قورۇپ، ئۇماچ-يوبدان چېلىشقان.

34

ئاشنى ئوخشاتقان نېمەرسە ياغۇ پەش،

تونىنى ئوخشاتقان ياقا، يەڭ بىرلە پەش.
جۈملىڭىز ھەم ئوخشىماس دەل جايىدا ،
كەلمىسە ئۈندەش، سوئال، تىرناقۇ پەش.

## 35

ئىتنى «چاغ!» دەيمىز، مۈشۈك ـ ئاسلاننى«پەش!»
بولمىساق ئاگاھ تۇرامدۇ ياغۇ پەش؟
بەھرە ـ نەپ بەرمەي ئىلىككە شۇنچە يىل،
قىلمىغىن نەۋاقتىكى تۆھپەڭنى پەش!

## 36

پەن ـ بىلىم ئىشقىدا ئوتتەك يان، جېنىم،
دەم غەنىيمەت،سەيلىگاھتىن يان، جېنىم.
ئاخىرى باشلار نادامەت دەشتىگە،
ئۇشبۇ دەم مەيلىڭنى تارتقان يان، جېنىم.

## 37

خەير ـ خوش! دەپ ئۇزاتقانىدىم ئۆتكەن يىلى ماي،
مەرھابا! دەپ قۇچاق ئاچسام تارتتىڭ ئەجەب ماي.
ئوي ـ خىيالدا ئۆتكۈزۈپ مەن تۈنلەرنى ئويغاق،
ئەمدى بىلسەم، كۆزلىرىڭگە تولغان ئىكەن ماي!

## 38

دولقۇنلايدۇ ئەزىم دەريا، ئۇنىڭ نامى گەز،
ئىككى قاشنىڭ ئارىسىدۇر تۇمەن ـ تۇمەن گەز.
كىمكى قورقسا ئۆركىشىدىن، قايناملىرىدىن،

تەشنالىقتا لەۋلىرىنى باغلايدىكەن گەز.

## 39

ئېلىپ كەلسەم بىر كىيىملىك دۇردۇن، رەڭگى ھال.
قىيا باقماي تۇرۇپ كەتتىڭ تارتىپ ئەجەب ھال.
قانداق قىلاي، تاپقىنىم شۇ، قولۇم قىسقىراق،
ئەمما ئېيتاي سەندىن بۆلەك يەنە كىمگە ھال؟

## 40

ئارزۇلۇق بالام-كۆز گۆھىرىم تاش،
بېشىڭ باش بولسۇن، پاقالچىقىڭ تاش.
بولما بىبەھرە، بەر بەلگە بەھرە،
يامانغا قاينا، غەزەپ بىلەن تاش!

## 41

مۇراد-بەختىم تىلەپ تۈنلەر قوشاق قاتتىڭ،
چېكىپ مىڭبىر مۇشەققەت تۈزگىنمۇ قاتتىڭ.
ۋەتەن-خەلقىم دېسە گويا ئېرىپ شامدەك،
«ئۆزۈم!» دەپ مەيدە قاقسام مۇز بولۇپ قاتتىڭ.

## 42

شىپالىقتۇر كۆزۈڭ گىردابىغا سۈرمە،
سۈرۈپ سۈرمە،جۇنۇنلۇق كەيپىنى سۈرمە.
بولۇپ مەپتۇن پاراغەت سەيلىگاھىغا،
بىلىمگە ئۈندىگەننى قوغلىما-سۈرمە.

## 43

ئەدەبلىك بول ،بىراۋنى «تاك»ئېتىپ چەكمە،
زەھەرلىك ئىس ـ تۈتۈندىن نېرى قاچ،چەكمە.
جاھاندا يوق سەھەتلىكتىن ئوشۇق بايلىق،
بىتابلىق پەنجىدە ئارتۇق ئەلەم چەكمە.

## 44

ئۆتۈپ كەتتى غەم ـ قايغۇسىز باللىق،
بولۇپ قالدۇق ئەمدى بىزمۇ باللىق.
ئاھ، ئۇ چاغدا زەپمۇ كەپسىز ـ شوخ ئىدۇق،
ياراشقايمۇ ئەمدى قىلساق باللىق؟

## 45

كىشىلىك رىزقىنىڭ پۈتمەس كانى ـ يەر،
ھالال تەر تۆككۈچى ئۆز رىزقىنى يەر.
ھاياتلىق رىزقىنى ئىزدەپ ھارامدىن،
نېمە نەپ تاپتى كىم بولماي يۈزى يەر!

## 46

ۋابا يېگانە، جاپا كەلدى قوش،
سۆرەمدىن چىقسام يەنە كۈتتى قوش.
مېھرىبان ئانام دېدى: بىر ئۆمۈر
ئەل بەختى ئۈچۈن تەر تۆك، تۆھپە قوش!

## 47

ئويلىغىن، ھەر كۈنى كېلىۋەرمەيدۇ سەل،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باقمىغىن كەلمەسمىكىن دەپ سەلگە سەل
بىل غەزەپ ـ ئاچچىق قىيان ـ سەلدىن يامان،
كەلسە ئاچچىق بېسىۋال ئۆپكەڭنى سەل.

48

بورانقۇش باشقا، زاغ باشقا،
چۈشەر نى ـ نى ئەلەم باشقا.
بوۋايلار باشلىغان ئىشنى،
چىقارغىن ئەمدى بىر باشقا.

49

چايانىنىڭ ئادىتى چاقماق،
نۇمۇسسىزلىق ئادەم چاقماق.
چېقىمخور كۆكسىنى يارغىن،
بولۇپ گۈلدۈرماما ـ چاقماق.

50

هوسۇل بەرمەيدۇ شېرىن ئۈي،
يولۇڭدا قانچە چوڭقۇر ـ ئۈي.
زەھەر تىللىق زىيانداشنىڭ
تىلىنى كەس، كۆزىنى ئۈي!

51

يۇرەك ـ باغرىمدا ئوت ـ يانغىن،
بۇ يانغىننى كۆرۈپ يانغىن.
ئۆمۈرلۈك دىلبىرىم بولساڭ،

مۇشۇ يانغىندا تەڭ يانغىن.

**52**

دىلىڭ بولسا غۇبارسىز-ئاق،
ئىزىڭ قالماس گىياھسىز-ئاق.
بولۇپ ئەلنىڭ ۋاپادارى،
ئۇتىدا كۆي، سۇيىدە ئاق.

**53**

ۋەتەن-ئەل نەپئىگە كۆز تىك،
قىلىپ ئەجىر كۆچەت-گۈل تىك.
ياشاپ ئۆتكىن بۇ دۇنيادا،
تۇتۇپ باشىڭنى مەغرۇر، تىك.

**54**

سۆزۈڭنى چاينىما-ئەزمە،
يۈرەكنى مۇنچىلا ئەزمە.
چېچەن، چەبدەسكە بەخت خۇشتار،
روناق تاپماس ھۇرۇن-ئەزمە.

**55**

ئۆزۈڭ سەن بىر يېڭى ئۆسمە،
چېقىمخورلۇق بىلەن ئۆسمە.
خۇشامەت ھەم چېقىمخورلۇق،
ئىشەن، بىر جۈپ يامان ئۆسمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

56

يولغا باقتىم سۇبھى-شام،
كۆيدۇم بولۇپ گوياكى شام.
يار، كېلەر ۋاقتىڭمىدى،
بامداد، پېشىن ۋە ياكى شام؟

57

بارمىقىڭدا زەر ئۈزۈك،
بىلسەڭ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈزۈك.
ئۆلىنارمۇ بىر تۇگۇنسىز،
سەن ئۆزۈڭ ئۈزگەن ئۈزۈك؟

58

ئاھ ئەجەب تارتتىم ئەلەم،
تارتقان ئەلەم قىلدى ئەلەم.
ئاخىرى چاچقاي دېدىم،
بەختىمگە نۇر غالىب ئالەم.

59

يولچى-كارۋاندۇر ئېتىم،
ئاستىمدا ئويناقلار ئېتىم.
قالمىسا مەيلى بۇ يولدا،
ئىككىلىك-بىرلىك ئېتىم.

60

نە كېرەك شېرىن خىيال-چۈش،

ئاچ كۆزۈڭ، بوپقالدى چۈش،
ئات سەپەردە، ئەر كۈرەشتە،
تاللىنار، مەيدانغا چۈش!

**61**

ئانامنىڭ ئاق سۈتى-ئاق قان،
پۈتۈن جىسمىم ئارا ئاققان.
شۇ قان باركى ۋۇجۇدۇمدا،
ئىشىمنىڭ ئاققىنى ئاققان.

**62**

يامان ئۆسمە-ھەسەتخورلۇق كېسىلى،
بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزىنى كېسىلى!
سوتلاپ ئۇنى پاك پەزىلەت سوتىدا،
مىڭ،مىڭ يىللىق مەھكۇملۇققا كېسىلى!

**63**

قوشكېزەكتۇر جان بىلەن تەن،
جان بىلەن تەن ئەلگە تەن.
ئەلگە تەن ئەر بەرمىگەي،
تەقدىرى قىسمەتلەرگە تەن.

**64**

نىگارىم ئىككى قولۋاققا ئېسىلدى،
بۇ قىلمىش زەربىدىن قارنىم ئېسىلدى.
ۋاپانى ئۇنتۇغان نامېھرىبان يار،

نادامەت دارىغا ئاخىر ئېسىلدى.

65

ئاھ ئەجەب جاننىڭ ھۇزۇرى ناخشا ـ ساز،
بارچە سازدىن يولچى ـ كارۋان سازى ساز.
كۆككە ياڭراتساق شۇ سازنى بەردى يول،
ئەجدىھا ـ تىمساھ مەسەللىك قانچە ساز.

66

ئۇستۇمدىكى كۆلپەت تېشى تۇمەنمىڭ قاداق،
جۇپ قولۇمدا مىڭ قاپارتقۇ، پۇتۇمدا قاداق.
نەدە ئىدىڭ شۇ چاغدا سەن، بولغايمۇ ئەمدى
سۇنغان كۆڭۈل ئەينىكىگە سالغىلى قاداق؟

67

بولمىغاي ئالەم ئارا سەندەك قارام،
تەقدىرى كاج كىم ساڭا بولسا قارام.
سەن قارامغا بۇ جېنىم ـ جىسمىم ئەمەس،
بولمىغاي ھەتتا قارام ،سايەم ـ قارام.

68

گۈزەل قىزلار، ئېسىل بولسا تېگىڭلار،
تېگى ئېسىل مەردانىغا تېگىڭلار.
نەرە تارتىپ يەتتە باشلىق دىۋىنىڭ
قەلئەسىگە شىددەت بىلەن تېگىڭلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى www.uyghurkitap.com

## 69

دەرد-ئازابتا جان دوستىمىز، يارىمىز،
شۇ تۈپەيلى زەرداپ يۈرەك يارىمىز.
جېنىمىزنى قورۇيدىغان داش ئۈچۈن،
نېمىشقا بىز كۈچەپ كۆتەك يارىمىز؟!

## 70

يەر-زېمىندە ناخشا-ساز، تىڭشايدۇ كۆك،
شۇ باھار ئەييامى جانان تەردى كۆك.
كۆك چۆچۈرە، پاك ئېقىن-سۇ بەھرىمەن،
يىتتى تەندىن سوت-سوراق ئىزناسى-كۆك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رۇبائىيلار

1

شجائەت بەلۋېغى باغلا، ئۆگەن، ئىزدەن، بىلىمدان بول،
كۆزى كۆرمەسكە نۇرلۇق كۆز، زەئىپ-ئىمجانغا دەرمان بول.
ۋە يا ئالقاندا تاغدەك زەر-گۆھەر ئويناتقۇدەك باي بول،
نە بولساڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئادەمزات نەسلى-ئىنسان بول.

2

بىلىم سۇنسا سۇنار بەلكى، غۇرۇرۇم-ئىززىتىم سۇنماس،
بېشىمغا قونسا زاغ قونغاي، دىلىمغا زەررە داغ قويماس.
مېنى مەھرۇم ئېتەلمەيدۇ ئەجەلمۇ ئۆز غۇرۇرۇمدىن،
غۇرۇرسىز پەس مالايىنى پاك ئادەمزات نەسلى دەپ بولماس.

3

ئۆلۈككە تەخت ياساپ ئالتۇن، تىرىككە گۆر-لەھەت قازما،
ئادەم ئەۋلادى سەن ئىدراك-ئەقىلدىن بۇ قەدەر ئازما.
ھاياتلىق پەسلى قان ئەيلەپ يۈرەك-باغرىنى كوت-كوتتىن،
نەپەستىن توختىغان دەمدە مىشىلداپ مەرسىيە يازما.

4

ئۆلۈككە يىغلىدۇق كۈن-تۈن قىيا باقماي تىرىكلەرگە،
ھاياتلىق لەززىتى بەرگەن-قۇتاتقان قان-يىلىكلەرگە.
قۇچاقلاپ قەبرىنى ياتساق ئەلەم-ھەسرەتتە بىز بىھوش،
بولۇپتۇ ئۆلجا زەر ھەمىيان ھاياسىز ھەمشىرىكلەرگە.

5

بولۇپ بىخۇد ئۆچۈردى نە ئۇچۇن مەختۇمسۇلا ئوتنى،
ئۆچۈرگەن ۋەجىدىن كەلدى بۇ قىسمەت، بۇ بالا ئوتنى.
قىرى تاغ، قاغجىراق چۆللەر يۈزىدە زەررە ئۇچقۇن يوق،
قاراڭ، قانچە سېغىنغانىدۇ پايانسىز تاغ ـ دالا ئوتنى؟

6

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم قەسەمخور نەزمىدىن بىزار،
قەسەمخور نەزمىنىڭ دانىسىز سامانىدەك ۋەزنىدىن بىزار.
ھەقىقىي كۈيچى بولساڭ بول ئېقىن دەريا كەبى جۇشقۇن،
ئوقۇرمەن ھالىدىن كەتكەن قۇرۇق سۆز ـ ئەزمىدىن بىزار.

7

قىرانلىق دەۋرىمىز كەتتى، قارا چاچلاردا ئاق ئەمدى،
نەزەر سال، بىزنى كۈتمەكتە يېڭى ئۆتكەل ـ سىناق ئەمدى.
تىنىمسىز يەكلىنىش ـ جەينەكلىنىشتىن كەلدى نە قىسمەت،
ئۆتەلەمدۇق بۇ دۇنيادىن ئاداۋەتسىز ـ ئىناق ئەمدى؟

8

چۇشۇرمەي پەھلىۋان قولدىن قەدىرلىك زۇلپىقارىنى،
قەسەم ئەيلەيدۇ قوغداشقا سۆيۈملۈك ئۆز دىيارىنى.
نەسىللىك قەرزىدۇر ساپ تەر، غۇبارسىز قان بىلەن، دوستلار،
كۆتۈرمەك ئەرشكە ـ يۈكسەككە ئانا يۇرت ئېپتىخارىنى.

9

پېشانەمگە سۆيەر ئەردىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئۇھ تارتىپ،

سۈتتۈك بەھرى ئىلە ئاخىر يېتىلدىم مەنمۇ بوي تارتىپ.
بېشىمدا سەن ئۆزۈڭ تىككەن بادام دوپپا ـ بەخت تاجىم،
ئاللامايدۇ بۇ تاجىمنى بېشىمدىن ھېچ كىشى تارتىپ!

## 10

جاھاندا بارمىكىن تۇنجى مۇھەببەتتىن لەزىز نەرسە،
ئەقىدە، ئېتىقاد، ۋىجدان، ساداقەتتىن ئەزىز نەرسە.
جاۋاب بەر، ئەي تولۇن يۈزلۈك، شېكەر سۆزلۈك ۋاپاسىز يار،
بولامدۇ بۇ كۆڭۈل ئاتلىق گۆھەرنى خەققە قەرز بەرسە؟

## 11

نېچۈنكى ئەمدى بولغانسەن دىلىڭنى قايتىدىن بەرمەك،
جۇدۇن كەزگەن كۆڭۈلنىڭ دەشتىگە مېھرىگىياھ تەرمەك.
جاۋاب بەر، ئەسلىگە كەلگەن قاچاندا، قايسى تۇپراقتا،
ۋاپاسىزلىق تېشى بىرلە چېقىلغان بىر نېپىز ئەينەك؟

## 12

نىگارىم، كىيگىنىم بولسۇن ئاھانەتلىك كۆلا ـ جەندە،
دېمەسمەن ئاھ ئۇرۇپ قاقشاپ «مېنىڭ كۆڭلۈم پاراكەندە».
بولۇپ مەھرۇم ئەقىدەڭدىن پاراغەت تەختىدە تۇرسام،
ئۆزۈمنى مەن دېگەيمەن دوزىخى ۋەيلۇندىكى بەندە.

## 13

ئەزىز ۋەسلىڭنى ئۆمرۈمنىڭ مۇرادى ـ ئامتى دەيمەن،
ھالال لەۋزىڭ قىيامىنى جېنىمنىڭ راھتى دەيمەن.
سېنىڭ ئاتەش بولاقىڭغا چۆمۈلگەن بەختىيار دەمنى،

ھاياتىمنىڭ باھاسىز ئەڭ مۇنەۋۋەر سائىتى دەيمەن.

### 14

تۇمەن بۇلبۇل ناۋا ئەيلەر ۋەتەن قوينىدا ـ گۈلشەندە،
تەۋەررۇك بۇ مۇقام ـ نەغمە گوياكى جان ئىرۇر تەندە.
ئۆزىنى چاغلىماي ھەركىم ئۇنىڭغا سالمىسۇن چاڭگال،
مۇقام مىللەتكە مەنسۇپتۇر، ئەمەس ھېچكىمگە بەخشەندە!

### 15

مۇقام ئون ئىككى، ئون ئىككى، ئەمەس ئون ئالتە، ئون سەككىز،
ھېسابى ـ سانىدۇر چەكلىك، ھۇزۇرى ـ لەززىتى چەكسىز.
مۇقامغا سان قېتىپ يۈرسەڭ، قىزىل ئەگلىك ئېتىپ يۈرسەڭ،
بۇيۇك تارىخىي قىممەتتىن ـ جېنىدىن ئايرىلار شەكسىز.

### 16

ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن باقساق مۇقام باسقان ئۇزاق يولغا،
تۈمەنمىڭ جەبرىدىن كەپتۇ بۈگۈنكى سەلتەنەت قولغا.
مۇقام مەنزىل ئېشىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ خاس يولى بويلاپ،
يېتەر، بەس، ئەمدى تارتقۇشلاپ يۈرۈۋەرمەيلى ئوڭ ـ سولغا.

### 17

قىلايلى دەپنە تۇپراققا ئاۋام ياقتۇرمىغان ۋەزنى،
كۆڭۈلگە ياقمىغان ۋەزنىڭ تېرىقچە بولمىغاي ۋەزنى.
پىسەنت قىلماي قۇتادماس ۋەز، بىبەھرە ئەمرىمەرۇپقا،
قىلايلى بىز ئادا ئەجداد ۋە تارىخ يۈكلىگەن قەرزنى.

## 18

تۇمەننى ئىتتىرىپ يەكلەپ، ئۆزى تەنها چىقىپ تۆرگە،
«ئەگەر قۇتقۇزمىسام، - دەيدۇ، - راۋان بولماسمىدىك گۆرگە؟»
ئۆزىنى شاھ، ھەسەل ھەرە دەۋالسا كۈلمىسۇن كىممۇ،
ئىچىدە مىڭ چايان زەھىرى مۇجەسسەم كونا كۆيدۈرگە؟

## 19

مۇراد - ئامەت قۇشۇڭ ئەمدى قانات قاقماس بولۇپ قالدى،
سىنىڭدىن خەير كۈتكەنلەر قىيا باقماس بولۇپ قالدى.
قاراپ باق، ئايلىنار قانداق سىپھىرلىك چاقى ئالەمنىڭ،
زامانغا نامۇناسىپ ۋەز بۈگۈن ئاقماس بولۇپ قالدى.

## 20

راۋان بولساڭ مىنىپ دۇلدۇل ئۇزاق يوللارغا، جەڭلەرگە،
شاياتۇن ئايلىنىپ چىققاي پەرى يەڭلىغ سەتەڭلەرگە.
يولۇڭدا جىلۋە - ناز بىرلە ئۇزاتسا سۆيگۈ جامىنى،
يولۇقتۇم دەپ جەزم ئەيلە خىرىس قىلغان لەھەڭلەرگە.

## 21

بىراۋ ئېيتقان: چېچەكنى، ئاھ، ياراتقانكەن گۆدەكلەرگە،
ياشانغان دەمدە بەرداشلىق بېرىش تەسكەن چېچەكلەرگە.
چېچەكنىڭ ئاغرىقىدىن، ئاھ يامانكەن، ئەي بۇرادەرلەر،
تۇتاشسا سۆيگۈ گۈلخانى ياشانغاندا يۈرەكلەرگە.

## 22

سۇرۇپ يىلتىز ئۆسەر يۇلغۇن جۇدۇنلار قۇترىغان دەشتتە،

قىزارغاي تاۋلىنىپ چوغدەك كۆيۈك ئاپتاپتا ـ ئاتەشتە،
پىسەنت قىلماس بورانلارغا، قارا قىش ـ قەھرىتانلارغا،
بولۇپ ئۆرنەك چىدام ـ بەرداش بىللە ياشناشتا ـ گۈللەشتە.

23

خۇدانىڭ كۈنلىرى قۇتلۇق، لېكىن دەيمىز «شېكەر شەنبە»،
«شېكەر شەنبە» ھۇزۇرىدىن قېلىشماس بەھرى يەكشەنبە.
مۇقەددەستۇر ماڭا شۇ كۈن كۈلۈپ كەلسە سېغىنغان يار،
جۈمە، دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋەيا چارشەنبە، پەيشەنبە.

24

ئەجەب تەشنا ئانا يۇرتىنىڭ باھارى پەسلىگە بۇلبۇل،
باھار بوستانىدا كۈلگەن قىزىل گۈل ۋەسلىگە بۇلبۇل.
قىزىل گۈل شاخىدىن كەتمەس تىكەنلەر ئۇرسىمۇ نەشتەر،
ساداقەت بابىدا ئۈلگە ئادەمزات نەسلىگە بۇلبۇل.

25

ئەزەلدىن ئەل ئاتا قىلدى شەرەپشان تاجى مەردانىغا،
شەرەپشان تاجى كىيگەن زات جەسۇر سەركەردە كارۋانىغا.
تۈمەن مەيدانىدا ئالتۇن تاج كىيىپ ئۆتكەن باھادىر ئەل،
مىراس ئەيلەيدۇ بۇ تاجنى پىداكار قىز ۋە ئوغلانىغا.

26

جاھان رەنالىرى يەتتى بىلىم ـ ھېكمەت قىياسىغا،
ئوقۇيدۇ ئاپىرىن ئالەم ئىجادىي ئىختىراسىغا،
بۈگۈن بىزنىڭ سىڭىللار، ئاھ، نە ھالدا، ئەي قەدىردانلار،

www.uyghurkitap.com

قۇلاق سالغايسىلەر ئەمدى ئۇلارنىڭ قەلب ساداسىغا!

## 27

بىراۋنى «پەس-پاكار» دەيسەن، ئېگىز بوپكەتكىنىڭ قېنى؟
ئورۇقنى مەسخىرە ئەيلەپ سېمىز بوپكەتكىنىڭ قېنى؟
ئەيىبلەپ دوستۇ يارىڭنى، قېرىنداشىڭنى-باغرىڭنى،
بىراۋ ئالدىدا ھۆرمەتلىك، ئەزىز بوپكەتكىنىڭ قېنى؟

## 28

نۇر-ھارارەت بەخش ئېتەر يالقۇندا تاۋلانغان قەلەم،
قېپقىزىل ئاتەش ئارا ئالتۇنغا ئايلانغان قەلەم.
جىنچىراغ ھەم نوكچا پىل-پىل نۇر تۆكەر تۈنلەر ئارا،
ياغدۇرالماس شۇنچىلىك نۇر-شولا ياللانغان قەلەم.

## 29

مەيلى بولغىن قانچە شۆھرەتلىك، ئىناۋەتلىك-ئەزىز،
تۆھپە قىلغان بول ئېلىڭگە قانچىلىك شېرىن مېغىز.
ئەل دېمەمدۇ چاچ ئاقارغان چاغدا ئازساڭ-ئاينىساڭ،
«تۇتتى ئوتتۇز كۈن زورا، ئاچتى نىجاسەتتە ئېغىز».

## 30

ئېيتتى ئىمان ئىزباسار سۇلتان سۇتۇق ياش ۋاقتىدا،
بەزىلەر بولماقتا ئىماندىن جۇدا ئاش ۋاقتىدا.
ئول خۇدا بەندەم دېمەس، يۇرت ئەھلىمۇ ئادەم دېمەس،
ئېتىقاد-ئىماندىن كىم كەچسە ئاق باش ۋاقتىدا.

## 31

سۈرتىڭنى ياش كۆڭۈل ئالبومىغا ئالدىم سىزىپ،
ئاھ ئەجەب سەزمەسكە سالدىڭ ئۇشبۇ ھالنى سەن سېزىپ.
دىلرەبا، شەرتىڭنى ئېيت، ئەيلەي بەجا مەردلىك بىلەن،
مەيلى كەتسۇن قابا-يىلىك ئەت-ئۇستىخانىمدىن سىزىپ.

## 32

جان ئاتاڭنىڭ ئىپتىخارى ئەر-يىگىتسەن، ئەرچە بول،
جان ئاناڭنىڭ كۆز نۇرى،گۆھىرى سەن، گۆھەرچە بول.
زەررە مىس زەرگە قوشۇلسا پەسلىگەي زەر قىممىتى،
قەدرىگە يەتسەڭ يىگىتلىك-بىباھا زەر، زەرچە بول.

## 33

بۇ جاھاندىن ئۆتتى نى-نى شاھى-سۇلتان ھارۋىسى،
ھارۋىسىدا ئۆز غېمى يا ئەھلى مىللەت قايغۇسى،
قايسى شاھ مىللەت، ۋەتەن، ئەۋلادقا بولسا جان پىدا،
نامى بوپ قالدى بۈيۈك ھۆرمەت-مۇھەببەت تامغىسى.

## 34

قەلب كۆزى نۇرسىز-قاراڭغۇ ھەر نادان مايمۇنغا تەڭ،
ئايىنىغان ئاقىل-بىلىمدان بىھايا مەلئۇنغا تەڭ.
قەلب كۆزى نۇرسىز نادانىنىڭ بىر گۇناھى بولسا بىر،
ئايىنىغان ئاقىل گۇناھى مىڭغا تەڭ، مىليونغا تەڭ.

## 35

ئەجەبمۇ كەلمىدى رەھمىڭ مېنىڭدەك بىر دىلى ساپقا،

www.uyghurkitap.com

قىشىن- ياز بەندىمەن ئالقان گۆشىنى يەيدىغان ساپقا.
تېرىمدىن ئۈندى تال كۆكلەپ، بېدىشتە مەھسۇلى شەربەت،
ئۇزاتسام، ئاھ خۇداۋەندە، قولۇم يەتمەيدۇ بىر ساپقا.

## 36

ئېتىمنى مەن توقۇپ قويدۇم، ئېتىم بوز يورغا ئاق قاشقا،
قىيانلارنى يېرىپ ئاخىر ئېلىپ چىققاي مېنى قاشقا.
ئېشىپ تاغلار، كېزىپ چۆللەر ۋىسال باغىغا يەتكەي،
يۈرەكنى ئىككى قوللاپ مەن تۇتاي يارىم قەلەم قاشقا.

## 37

مىراس ئەتمەكتە ئەۋلادقا بىرى قان-تەر تۆكۈپ ئىشلەپ،
بىرى ئەتمەكتە ئەۋلادنى زەئىپ-نىمجان قاساپ-چىشلەپ.
زەئىپ-نىمجان نىداسىدىن جىغىلداۋاتسا يەر-ئاسمان،
بىرى راھەتتە سەمرىيدۇ قەرەلسىز غالچا يەڭگۈشلەپ.

## 38

قەيەرلىكسەن؟ جاكارلايمەن پۈتۈن ئالەم ئارا مەغرۇر،
ئانا يۇرتۇم - ئىلى، ئالتاي، خوتەن، قەشقەر، قۇمۇل، لوپنۇر!...
تەپەككۇر ئەيلە  يارەنلەر، خەتەرلىك ئۇشبۇ يۇرتۋازلىق
تۆپەيلى قانچىلىك ھەسرەت-نادامەت چەكمىدى ئۇيغۇر؟

## 39

ھەر كىشى تاپقاي شەرەپ-ھۆرمەتنى ساپ قان-تەرىدىن،
تۆكمىسە قان-تەر شەرەپ چۈشمەيدۇ ئاسمان قەھرىدىن.
قەلبىدە يوكسەك پەزىلەت شامى يانغان تۆھپىكار،

ئەلنى دەپ كەچكەي بۇ ئالەم راھىتىدىن ـ بەھرىدىن .

## 40

تالاي يىللار چېپىپ يۇردۇق چەپ بىلەن ،
ئۆزىمىزنى ئالداپ قۇرۇق گەپ بىلەن .
ئەمدى ماڭساق ماڭايلى بىز باشتىلا ،
ھېسابلىشىپ زىيان بىلەن ، نەپ بىلەن .

## 41

ئەمەسمەن بوينى باغلانغان يېتىم ئاھۇ ۋە يا بەندە ،
مۇجەسسەمدۇر ئوغۇزخانىنىڭ كارامەت قۇدرىتى مەندە .
جاھاندا نامى شۆھرەتلىك ، ئۇلۇغ ئەل نەسلى قانداقمۇ ،
ئېگىلسۇن بىر تېرىق يەڭلىغ جېنى تۇرسا تېخى تەندە؟

## 42

بەرسە ئاللا جەننەتۇل پىردەۋسىگە يول خەت كېسىپ ،
مەن دېگەيمەن : ياش بوغۇندىن بىرسىگە بولسۇن نېسىپ .
بەر جەھەننەمنى ماڭا ، كۆلپەت ـ ئازاب قىلمايدۇ كار ،
چۈنكى ئۆتكەنمەن جەھەننەم يولىنى ئون بېسىپ .

## 43

تەپەككۇر ئەيلىگىن ئالەم ئارا كىملەر ئىشەكلەردە؟
سېنىڭدەك ئۇخلىغاي كىممۇ بۇگۈن روھىي چۈشەكلەردە؟
مۇرادىڭ جىنچىراغى بىر يولى ئۆچمەسمۇ ئەي نادان ،
يىلان ـ كىرپە توگۈلگەندەك يېتىۋەرسەڭ ئۆچەكلەردە؟

www.uyghurkitap.com

**44**

ئەسلىي ئەجدادىڭ ئېرىق-ساپ، سەنمۇ ئۆتكىن ساپقىنا،
يىتتۇرۇپ قويغان باھاسىز گۆھىرىڭنى تاپقىنا.
تاپقىنىڭدىن بىر نىشان بولسۇنكى، ئەي ساھىبجامال،
تۈنجى رەت ئاشكارا مەيدەڭ-كىندىكىڭنى ياپقىنا!

**45**

تون-لىباسى ھەر گىياھنىڭ قوۋزىقىدۇر، پوستىدۇر،
مەش-ئوچاقلار پوست ۋە قوۋزاق مەھرۇمىنىڭ دوستىدۇر.
ئاررۇلۇق قىز نەسلىمىزنى تون-لىباستىن ئايرىماق،
ئويلىغىن قانداق قەبىھ مەلئۇن كۈشەندە قەستىدۇر!

**46**

جان قىزىڭغا، ئەي ئانا، كىيگۈزگىنىڭ قانداق لىباس؟
مەيدە، كىندىك، بەل ئېچشنى دەيدۇ كىم «دەۋرانغا ماس»؟
دەيدۇ: « ئون ئىنساندا خىسلەت، توققۇزى تون» خەلقىمىز،
يايرىسۇن، ئۆسسۇن قىزىڭ ئوبدان كىيىپ ئۈيغۇرغا خاس!

**47**

بار گۈزەللىك مەنبەسى-پاك ئېتىقاد، پەداز ئەمەس،
سېھىرلىك پەرۋاز ئەمەس، يا ئەجنەبىيچە ناز ئەمەس.
دەيدۇ: «كەلگەي چىن گۈزەللىك رەڭ-گىرىمدىن» بەزىلەر،
بىلمىدىم، مۇنداق تېتىقسىز گەپ نېمىشقا ئاز ئەمەس!؟

**48**

مەينى بىر كىم دەيدۇ:« تويىنىڭ زىننىتى، جان راھىتى»،

گۈل ئاچارمىش مەي بىلەن ھەركىم مۇرادى-ئامىتى.
قانچە بويتاق، تۇل يىتىم، مەھبۇس-گۇناھكار ئاھ ئۇرۇپ،
دەيدۇ: مۇنداق ھالغا قويغان مەي بالاسى-ئاپىتى!

## 49

پاك، سەبىي ئوغلۇڭنى، ئېيتقىن، قايسى ياققا بۇيرۇدۇڭ؟
دەل ئۆزۈڭ نۇرسىز تۇيۇق يولغا، قاماققا بۇيرۇدۇڭ.
نالە قىلسا «بەر كىتاب-دەپتەرگە پۇل» دەپ شۇ ئوغۇل،
«يوق»دېدىڭ، ئاچچىق تۇتۇن، قاڭسىق ھاراققا بۇيرۇدۇڭ!

## 50

سەھنە تەۋرەتتىڭ قۇيۇندەك پىرقىراپ-تاقلاپ ئەجەب،
ئوينىتىپ بەل بىرلە قۇيرۇق غەيرىي نايناقلاپ ئەجەب.
سەن ئىدىڭ بىر ئەۋرىشىم تال، ئەپ چىقىپتۇ رەستىگە،
قوۋزىقىڭدىن بىر يولى مەھرۇم ئېتىپ-ئاقلاپ ئەجەب!

## 51

ھەر سەبىي چۇشكەن ئۇسسۇلغا دەل-دەرەخ شىلدىرلىسا،
جان سۆيۈنگەي ئۈز-گۈزەل پىلدىرلىسا، غىلدىرلىسا.
كىم ئىزا تارتماس تۇمەن كولدۇرما-مىس تەڭگە ئۈنىڭ،
سۇت كەبى ئاق كىندىكدە لەيلىسە-جىلدىرلىسا؟

## 52

بوۋايلار دەيدۇ: قاپلايدۇ قارا تۇن نۇر-زىيا كەتسە،
دىلى نۇرسىز چىقار تەختكە يورۇق دىل ئەۋلىيا كەتسە.
كېتەر شۇ ئەلنى دەم تارتىپ بالاخور قارنىغا ئاپەت،

ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت، ئېتىقاد، شەرم ـ ھايا كەتسە.

53

نىپىزلىك ـ زىنىنىتى يۈزنىڭ، ئەمەس ئۇ داپ ۋە يا ناغرا،
تەقەززا ئەيلىگەي شەرم ـ ھايا كىندىك بىلەن ساغرا.
ئېچىلسا كىندىكىڭ، مەيدەڭ، بۆلەكچە تەۋرىسە ساغراڭ،
ئىزادىن بولدى ئەت ـ جانىم تونۇر ئاتەشتىكى زاغرا.

54

مەي ئىچەر ئالەمدە ھەر كىم، كىممۇ بىزدەك زورلىغاي؟
مەي ـ شاراپ بىرلە ئۆزىنى كىممۇ بىزدەك خورلىغاي؟
مەينى دەپ «قۇت ئەلچىسى، دوستلۇق ـ مۇھەببەت ئەلچىسى»
ئەل ئاۋامنىڭ قەلب كۆزىنى كىممۇ بىزدەك تورلىغاي؟

55

بەھرە ـ ھىممەتتىن جۇدا كىم قەدىر ـ قىممەتتىن جۇدا،
قەدىر ـ قىممەتتىن جۇدا كىم شانۇ شۆھرەتتىن جۇدا.
دەيدۇ ئەلنىڭ قويىنىنى «جەننەت» ئۇلۇغ ئەجدادىمىز،
بەھرە ـ ھىممەتسىز، شەرەپسىز ئۇشبۇ «جەننەت»تىن جۇدا.

56

ئازابلىق ياش، خۇشال كۈلكە مۇجەسسەم سەھنە بۇ ئالەم،
جاپا چەكمەي قارا تاشتىن گۆھەر ئالغانمۇ بىر ئادەم.
مۇرادىڭ، تەقدىرىڭ ـ بەختىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئالقىنىدا، بىل،
ئەنە، ئالدىڭدا قۇتلۇق توي، ئاجايىپ كاتتا ھېيت ـ ئايەم.

# ئالتىلىكلەر

## 1

ئېيتتى تەشنا قەلب كۈيىنى دەردۇ ھىجران تاغىدا،
تەلپىم دەپ بىلدى قۇل بولماقنى جانان باغىدا.
قىرىق قاراقچى ئالدىدا ياش تۆكمىگەن ئاشىق غېرىب،
تۆكتى ياش يار ۋەسلىگە يەتكەن بىئارام چاغىدا.
بار ئىكىن تاڭ، بىلمىدىم قانداق كارامەت، مۆجىزە
بۇ «ئۆمۈر» نامىلىق دەرەخنىڭ ھەر شېخى-ياپراقىدا.

## 2

رەببىم ئاللا، خالىي ئەتكىن يەلكەمنى قەرزدىن،
قەرزمۇ مەيلى، خالىي ئەتكىن باغرىمنى دەردىن.
ئەجەب ئەمەس شىپا تېپىپ قالسا يېرىق-دەز،
خالىي ئەتكىن قورقۇنچلۇق بىر ئۆسمە-بەزدىن.
قەرز بىلەن دەز، بەزمۇ مەيلى، خالىي ئەت، ئاللا،
ھەممىسىدىن قورقۇنچلۇق روھىي مەرەزدىن.

## 3

بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىدا كىم كۆيمىگەن ئالەم ئارا،
خەنجىرى ھىجرانىدا كىمنىڭ بولمىغان باغرى يارا؟
ئۆتتىمۇ چاڭقاق يۈرەك تەشنالىقىغا بىر قېنىپ،
شاھ سەئىدى، شاھ رەشىدى، شاھ ھۈسەيىن بايقارا،
كۈلمە، ئەي نادان، سۆزۈمگە پۈتمىسەك-چىنپۈتمىسەك،
دەل ئۇلارنىڭ دىل سىرى - «دىۋان»لىرىغا بىر قارا.

4

شاھ رەشىد تىز پۈكمىگەن ئالەمچە غۇسسە ئالدىدا،
نى جاپالىق جەڭ ـ ئۇرۇش، نى ـ نى مۇرەسسە ئالدىدا.
تىترىدى، دىر تىترىدى يولۋاس يۈرەك ساھىبقىران،
بىر پەرى تۆككەن جاۋاھىر ـ ئىشقى قىسسە ئالدىدا.
ئېيتقىنا قانداق ئۇلۇغ قۇدرەت تۈپەيلى چۆكتى تىز،
شۇنچە شەۋكەتلىك رەشىدخان ئۇل نەفسە ئالدىدا؟

5

تۆھپىكار مەردلەرنى پەرۋاز ئەيلىگەن سۇمۇرغ دېگىن،
توختىماس كارۋانغا يول ئاچقان يىقىلماس تۇغ دېگىن.
بۇ ھاياتلىق ئالىمى ياشنار پىداكارلار بىلەن،
جان پىدا مەردلەرنى نۇر ـ يالقۇن تاراتقان چوغ دېگىن.
چوغنى نابۇت ئەيلىسەڭ، تۇغنى يىقىتساڭ ـ چەيلىسەڭ،
بۇ جاھان قاتقان مېيىتنىڭ كۆزلىرىدەك سوغ دېگىن.

6

ئېرىشتى قانچە شاھ ـ سۇلتان سائادەتكە قىلىچ بىرلە،
سائادەت ئاچقۇچى زەر تاجۇ دۆلەتكە قىلىچ بىرلە.
جاھان تارىخىدىن ئىزدە يېقىپ مەشئەل كېچە ـ كۈندۈز،
قەيەردە، قايسى شاھ يەتكەن مۇھەببەتكە قىلىچ بىرلە؟
قارا قۇزغۇن بىلەن بۇلبۇل، يوۋاش پاقلان بىلەن بۆرە،
قەيەردە، قايسى چاغ ئۆتكەن ياشاپ دوستانە، تىنچ ـ بىللە؟

7

بىلىپ قاپتۇ ئەزىز خەلقىم پۈچەك ئابرۇيپەرەسلەرنى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراۋنىڭ ئىلتىپاتىدىن تۇغۇلمىش بەختكە مەستلەرنى.
بىراۋ ئالىي نەسەب پىستە كۆچۈكتەك ئەتىۋا ئەتسە،
كۆرەركەن ئەل-ئاۋام پاتقاقتىكى خەس كۆڭلى پەسلەرنى.
دىلى ئويغاق يېڭى ئەۋلاد سىلىپ ئىنسانى مىزانغا،
ئېنىق ئايرىپتۇ چىن ئادەم بىلەن ئادەم ئەمەسلەرنى.

## 8

ئۆتۈپتۇ قانچە شاھ-سۇلتان جىمى ئالەمنى تەۋرەتكەن،
سوراڭلار، قايسىسى سۆيگۈ شارابىغا قېنىپ ئۆتكەن؟
بۇ جاننى ئىلكىگە ئالدى كۆزۈڭدىن چاقنىغان ئاتەش،
ساڭا بۇ جاننى، جانانىم، تەسەددۇق ئەتكىنىم-ئەتكەن.
مۇشەققەت دەشتى-سەھراسى كېزىپ ئاشىق غېرىبجاندەك،
جۇدالىق تاغىدىن ھالقىپ ۋىسالغا يەتكىنىم-يەتكەن.

## 9

ياراتماس بىئەقىل خاقان ئەقىل ئەھلى ياراتقاننى،
قارا زىندانغا بەند ئەيلەر ئەقىل نۇرى تاراتقاننى.
ئېتەر ئۇ بەھرىمەن ھەرئان ساخاۋەت-ئىلتىپاتىدىن،
پۈچەك پۇل، يالتىراق شۆھرەت ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقاننى.
سۆزۈك قاشتاشنى بوينىغا ئېسىپ ئالغان كەبى باۋ يۈي،
ئاسار ئۇ بوينىغا خەلقىم قارا پاتقاققا ئاتقاننى.

## 10

قاراتۈن-نىسپى شەپ، بىرسى «خوجايىن بارمۇ؟» دەپ كەلدى،
دېدىم: بەلكى ئۇزاق يوللار بېسىپ ھاجەت-تەلەپ كەلدى.
قاراپ باقسام، تونۇش چېھرى، كۆچۈكتەك ئوينىتىپ قۇيرۇق،
دېدى: بۇ ئەرزىمەس سوۋغا پەقىر كۆڭلىنى ئەپ كەلدى.

دىدىم كۆڭلۈمدە: يەم-يەمچۈك قويارمۇ بىغەرەز ئۇۋچى،
ئاگاھ بول ئەي ھالال ئىنسان، مانا ئالدىڭغا خەۋپ كەلدى!

**11**

ئاچاي مەردلىك-سېخىيلىق ئىشىكىنى كىم نان تىلەپ كەلسە،
تۆرەي يەلكەمگىچە يەڭنى زەئىپلەر قان تىلەپ كەلسە.
بىمىننەت مەن ئېتەي ئىنئام ھالال ئەجرىم ھوسۇلىنى،
شىجائەتلىك، تەلەپچان ياش بىلىم-ئىرپان تىلەپ كەلسە.
بېرىپ مەن مۇشت بىلەن پەشۋا قىلاي ئەل ئالدىدا رەسۋا،
كۆچۈكتەك ئوينىتىپ قۇيرۇق ئەمەل-ئۇنۋان تىلەپ كەلسە.

**12**

قەبرە چاقتۇق-چەيلىۋەتتۇق، ئېيتقىنا، خەق چاقتىمۇ؟
مەدرىسكە-مەسچىتكە ئوت ياقتۇق، بىراۋلار ياقتىمۇ؟
تۇن-كېچە پىنھاندا بەرگەن ۋەدىسى-تىلخەتلىرى،
ئېيتقىنا، ئەل ئالدىدا سۈبھى-سەھەردە ئاقتىمۇ؟
سەكرىسەك قايىنامغا بىز مەھرۇم بولۇپ ھوش-كاللىدىن،
ئارزۇ-ئىقبال دىلرەباسى قايرىلىپ بىر باقتىمۇ؟

**13**

دەيدۇ بىر زات: «قاتمۇقات ئارغامچا-سىرتماق ئەنئەنە،
كۆيدۈرۈپ ئۆرتەنمىسە قىلمايدۇ ئۆرلەش تەنتەنە».
راۋۇرۇس ئەر ئوينىسا نايناق سەتەڭلەر تەرزىدە،
تولغىنار تۇپراقتا يىلاندەك گۈزەل چولپان ئەنە.
بىر يولى ئۆرتەنسە مىللىي ئەنئەنە-باي ئەنئەنە،
ئارزۇلۇق ئەۋلادىمىز قانداق بولۇپ كەتكەي يەنە؟

## 14

زەپ چىرايلىق گۈل ـ چېچەك ئاچقۇزدى ئەجرىڭ ـ مېھنىتىڭ،
مېھنىتىڭ ـ ئەجرىڭ تۆپەيلى ئۈستى قەدرىڭ ـ قىممىتىڭ.
نەۋ باھار ئايتىپىدەك ئىللىتتى خەلقىڭ قەلبىنى،
ئەلگە تەقدىم ئەيلىگەن خالىس مۇرۇۋۋەت ـ ھىممىتىڭ.
ھىممىتىڭنى، قىممىتىڭنى كۆككە سورۇپ بىر يولى،
قاپقارا پاتقاققا ئۇردى بىر تەمەننا ـ مىننىتىڭ.

## 15

قانچىلىك ئىش مەردۇ مەردانىلارغا ھىجران كۆلپىتى،
بەلكى جانىنىڭ راھىتىدۇر يارۇ جانان كۆلپىتى.
بۇ يۈرەكنى پارە ئەيلەر، قان ئېتەر، زەرداپ ئېتەر،
ئايجامال پەرى سۈپەت ئالۋاستى شەيتان كۆلپىتى.
جىن ـ شاياتۇن كۆلپىتىدۇر ئۇشبۇ ئالەملىك پەقەت،
ئىككىلا ئالەمدە جان قىينايدۇ ۋىجدان كۆلپىتى.

## 16

ئالغا يۈرسەم تار، ئېگىز ـ پەس يولدا مەن دىت ئىشلىتىپ،
نە ئۈچۈن توستۇڭ مېنى چاققاق بىلەن چىت ئىشلىتىپ؟
چىت بىلەن چاققاقتىن ئۆتسەم پەم بىلەن مىڭ تەستە مەن،
بىر يولى يۇتماقچى بولدۇڭ قانچىلاپ ئىت ئىشلىتىپ.
توختىماي مەنزىل ئېشىۋەردىم يەنە دىت ئىشلىتىپ،
ئىتلىرىڭنى بىر ـ بىرىگە چىشلىتىپ، زىت ئىشلىتىپ.

## 17

مەندە نە ئۇل خۇدا بەخش ئەيلىگەن جاندىن بۆلەك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جانىغا چىرماشقان ئۇلۇغۋار ئارزۇ-ئارماندىن بۆلەك.
بۇ يۈرەكتە ياندى ئوت چىللاپ گۈزەل يار ۋەسلىگە،
تۈتمىدىم ئۆمرۈمدە ھەمراھ يولچى-كارۋاندىن بۆلەك،
يوق مېنىڭ ھەتتا قۇرت-قوڭغۇزغا ئاراز-كۈلپىتىم،
ئۇچرىماس، ئاھ نە ئۈچۈن ئالدىمغا قاپقاندىن بۆلەك.

## 18

پۈتۈن جىسمىمنى، ئەي جانان، قىياس ئەتسەم قىزىق مەشكە،
يۈرەكنى ئوخشىتاي يالقۇن-نۇرى ئالەمچە ئاتەشكە.
ئاشۇ ئاتەش يۈرەكنىڭ پارىنى ئىزدەپ سەھەر-ئاخشام،
راۋان بولدۇم قارا قۇزغۇن قانات قاقماس قاقاس دەشتكە.
تۇرامسەن خۇش ۋىسال گۈلزارىدا تەنها، قەدىردانىم،
بېقىپ تەشنا كەمىنەگەدەك بېلى مەھكەم جاپاكەشكە؟

## 19

تۇغۇلدۇم ئۇشبۇ ئالەمگە، نەزەر سالدىم زامانەمگە،
ماڭا يول بەردى نى تاغلار بولۇپ قايىل ئىرادەمگە.
پەلەككە ئۆرلىمەسمەن ھېچ قانات راسلاپ تەمەننادىن،
بېقىپ سۈبھى-سەھەر، ئايدىڭ كېچە بەستىمگە-سايەمگە.
ھاياتىم قىسسىسىنى ئۆز قولۇمچە يازغىنىم يازغان،
ھالال ئەجرىم ئىزىدىن يول ئېچىپ نۇرانە غايەمگە.

## 20

ۋاپا-سۆيگۈ شارابىغا قېنىپ ئۆتكەن كىشى بارمۇ؟
پىراقىڭدا پىقىرىڭدەك يېنىپ ئۆتكەن كىشى بارمۇ؟
كېچىپ تەنها ئېقىن-دەريا، كېزىپ تۈنلەردە چۆل-سەھرا،
مۇشەققەت تاغىنى مەندەك يېرىپ ئۆتكەن كىشى بارمۇ؟

جۇدالىق قەھرىتانىدا چېچىپ ئۆز قەلبىدىن ئاتەش،
ۋىسال پەسلىگە پارلاق نۇر بېرىپ ئۆتكەن كىشى بارمۇ؟

## 21

قانارمەنمۇ تولۇن ئايدەك جامالىڭغا بېقىپ ئۆتسەم،
ئوتتۇڭدا تەك يېنىپ، جانان، قىيانىڭدا ئېقىپ ئۆتسەم.
قانارمەنمۇ كېزىپ ھىجران داۋانى، چۆل-باياۋاننى،
قۇياشلىق تاڭدا گۈلباغدا ۋىسال قەنتى چېقىپ ئۆتسەم.
قانارمەنمۇ ھارارەتلىك يۈرەك-باغرىڭغا، ئەي جانان،
مېنىڭ تەشنائى باغرىمنى ئۆمۈرۋايەت يېقىپ ئۆتسەم.

## 22

ئۇلۇغ شائىر دېسۈن كىممۇ گۈزەل سۆزلەرگە ماھىرنى،
تىزار بولسا ۋاراقلارغا كاۋاك مۇنچاق-جاۋاھىرنى؟
جاۋاھىر تىزغۇچىدىن ئەتىۋا شائىر بىلەن خەلقىم،
مۇھەببەتنىڭ پىداكارى غېرىپ، پەرھادۇ تاھىرنى.
مۇھەببەت-سۆيگۈنىڭ يۈكسەك قىياسى جان پىدالىقتۇر،
بۇ مىزان ئۆلچىگەي لىللا جىمى مەدداھنى-شائىرنى.

## 23

شار كەبى پۈۋلەپ ئۇچۇردۇڭ كۆككە سەن،
راستتىن ئېيتسام جىگدە سالدىڭ بۆككە سەن.
لەخمە كولاپ مەدھىيەڭنىڭ ئاستىدىن،
باشلىق بولدۇڭ قاقاس چۆللۈككە سەن.
دەرد-ئازاب باشىمغا ياغدۇرساڭ بۈگۈن،
نە بولۇرسەن ئەتە-ئۆگۈنلۈككە سەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 24

قاش ئېتىپ نازى بىلەن كۆز ئوينىتار،
سېھرى ئاۋاز بىلەن سۆز ئوينىتار.
جان كۆيەر جانان قىياپەت ساختا يار،
بىر قوچاقلاپ، ئون سۆيۈپ، يۈز ئوينىتار.
ساختا جانان قوينىدا ياتساڭ بىھوش،
ھەمىيىنىڭدا قار بىلەن مۇز ئوينىتار.

## 25

بارچە بايلىق-بەخت دېمە چوڭ سەللىدە،
چاپمىغىن سەللەڭ بىلەن ئات چەللىدە.
پەن-بىلىم، دوللار، گۆھەر، ئالتۇن-كۈمۈش،
ھەممىسى ئوخشاشلا بايلىق غەللىدە.
قانچىلىك بولسا ئېغىر غەللەڭ سېنىڭ،
شۇنچە تاپقايسەن ئىناۋەت پەللىدە.

## 26

ئەلگە باقتىم، ئەلنى سۆيدۈم، ئەل دېدىم،
ئەل بىلەن ئارزۇ-مۇرادىم ھەل دېدىم.
مېھرى ئەلنىڭ قان تومۇرۇمدا مېنىڭ،
قىلدى ھاسىل كاتتا كەلكۈن-سەل دېدىم.
ئەلگە مەنسۈپ بولمىغان نى-نى شەرەپ،
بىمەھەل قورساقنى ئەسكەن يەل دېدىم.

## 27

بۇرادەر شۇنچە يىل باستىڭ، بېسۋە،

جىنايەت تاختىسى ئاستىڭ، ئىسىۋە.
غەرەز ـ قەستىڭ مىنى چەيلەپ سىستىماق،
بىراق شۇنچە سىسىپ كەتتىڭ، سىسىۋە.
جاھاندا بارمىكىن ئەيىار ـ كەمەككە،
سىسىپ كەتمەكتىن ئۆزگە نەپ ـ نىسىۋە؟

## 28

جاھاندا ئۆز ئانا يۇرتتەك ۋاپادار ئانىجان بارمۇ؟
ئۇنىڭدەك مېھرىبان ـ غەمخور، سۆيۈملۈك جانىجان بارمۇ؟
ئانا يەر سۆيگۈسى بىرلە يۈرەك ـ باغرى يېنىپ تۇرغان،
زامان مەردانىلىرى ئوخشاش باھادىر پەھلىۋان بارمۇ؟
زامان مەردانىلىرى قان ـ تەر تۆكۈپ ئۆتسە كېچە ـ كۈندۈز،
ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەس تەكەببۇر تاغ ـ داۋان بارمۇ؟

## 29

بۇ ئانا تۇپراق شۇدەم تەلمۈردى ياش پالۋانىغا،
قەلبىدە ئاتەش يانار مەردانە قىز ـ ئوغلانىغا.
چاك ـ چاك بولسا ئانا يەر بۇ قەدەر چاڭقاپ ـ قۇرۇپ،
قايسىبىر مەردانە چاك كەتتى دېمەس ئۆز جانىغا؟
چاڭقىغان بۇ ئانا چىللايدۇ باتۇر نەسلىنى،
قاتمۇقات تاغ باغرىغا ــ شانلىق چېلىش مەيدانىغا!

## 30

جەڭگە كىردۇق ئانت ئىچىپ مەردانە ئەجداد ئالدىدا،
ئوينىتىپ مىسران قىلىچ جەڭگاھتا جاللات ئالدىدا.
قانچىلىك راھەت ـ ھۇزۇر تاغلار يېرىپ سۇ باشلىماق،
جانىجان شىرىن ئۇچۇن شەيدائى پەرھاد ئالدىدا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەڭگىۋار تارىخ كىتابى تولدى شان-شۆھرەت بىلەن،
رەڭگىمىز ئۆڭمەس نۇمۇستىن يېڭى ئەۋلاد ئالدىدا.

## 31

جاھان ئەھلى ئارا كىمنىڭ غۇرۇرى ئىپتىخارى بار،
ئۇنىڭ جانى-مادارى بار، ئىناۋەت ئېتىبارى بار.
پاناھى-خەيرىخاھى بار كۆزىنىڭ گۆھىرى يوقنىڭ،
غۇرۇرسىز روھىي بىمارنىڭ قەيەردە دوستى-يارى بار؟
غۇرۇردىن بولغۇچە مەھرۇم جۇدا بولغان تۈزۈك جاندىن،
غۇرۇرلۇق ھەر يىگىت-قىزنىڭ تۇمەنمىڭ ئىزباسارى بار.

## 32

جاندىن كەچمەمدۇ ئاشىق يارۇ جانان ئالدىدا،
خۇش ۋىسالدىن رىشتە ئۈزگەي كىممۇ ھىجران ئالدىدا.
چۆل-باياۋان، تاغ-داۋان، قاينام-ئېقىن ھېچگەپ ئەمەس،
بەلنى مەھكەم باغلىغان مەردانە كارۋان ئالدىدا.
جان كۆيەر يارىم سېنى قانماي سۆيەي ئۆمرۈم بويى،
لەيلى، شېرىن، رابىيە، زۆھرە، سەنەمجان ئالدىدا.

## 33

تەئەججۇپ ئەيلىدىم شۇدەم كۆرۈپ، شائىر يىگىت، سىزنى،
ئۇزاقتىن دەپتىمەن مەجرۇھ مۇھاجىر مويسىپىت سىزنى.
نېچۈن سىز بۇ قەدەر ئاشىق ھەشەملىك ئەجنەبىي تىلغا،
ئاشۇ تىل بەھرىدىن ياكى باغاش ئەتكەنمۇ بەخت سىزنى؟
ئانا تىل-بىباھا ئۆز تىل-ئەسەرنىڭ زىننىتى-كۆركى،
بەھەيۋەت ئەجنەبىي تىللار پەقەت ئالدايدۇ دىتسىزنى!

34

ياشنىغايمۇ گۇل-گىياھ سۆيگەن ئانا يەر بولمىسا،
بولسا شۇ مۇنبەت زېمىن، ئاپتاپ ۋە كەۋسەر بولمىسا.
بولسا يەر، كەۋسەر يەنە نۇرلۇق قۇياش، سەلكىن-شامال،
شۇ ئانا يەر باغرىغا تامغان ھالال تەر بولمىسا.
بۇ ئانا تۇپراق مۇراد تاپقايمۇ ساپ قان-تەر بىلەن،
ئەل سۆيەر ئەۋلاد سۆيەر مەردانە رەھبەر بولمىسا.

35

بىمەزگىل بولغىنىڭ غايىب ئاجايىپ چوڭ جازا بولدى،
پېقىر گويا بورانلىق تۈندىكى تەنھا قوزا بولدى.
پېقىرنىڭ بىر ساڭا تەشنا تىكىلگەن قەلبى، ئەي دىلبەر،
رەھىمسىز مىڭ قۇرت ھەريان تېشىپ ئۆتكەن غوزا بولدى،
مۇقەددەس توي ئىدى مېھرىڭ بۇلىقىغا چۆمۈلگەن دەم،
بۇلاقىڭ بەھرىسىز ھەرئان ماڭا ماتەم-ھازا بولدى.

36

ئانا ئەل ئالقىشى مەنسۇپ چېۋەر، چەبدەسكە، چاققانغا،
ھالال ئەمگەك بىلەن كەلگەن ھوسۇل قەنتىنى چاققانغا.
تۇرۇپتۇ نەدە بۇ ئالقىش-شەرەپنىڭ زەررىسى، دوستلار،
ھەسەت نەشتەرلىرى بىرلە چېۋەر، چاققاننى چاققانغا.
ئانا ئەل كۆڭلى كەڭ ئاسمان، ياغار مۆلدۈر بولۇپ قارغىش،
ئۆزى چاققاننى ئاز دەپ يارىنى ھەر كىمگە چاققانغا!

37

بولسا غايىب ئەنئەنەڭ، نەدە تۇرۇپتۇ تەنتەنەڭ،

www.uyghurkitap.com

ئەنئەنە مەھرۇملىرى ئالەم ئارا كىملەرگە تەڭ؟
بارمۇ پەرقىڭ توگۈلىغان ـ قاتقان مېيىتتىن، ئېيتقىنا،
بولمىسا جىسمىڭدا دەرمان، كۆزدە نۇر، ھۆسنۈڭدە رەڭ؟
ئەنئەنە ـ رەڭ، نۇر، مادار ـ مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ شاھىدى،
ئايرىلىپ قانداق سىغارسەن بولسىمۇ يەر شارى كەڭ؟

**38**

خۇش پۇراق گۈل دەر ئىدىم، جانان، سېنى سۇلمايدىغان،
دەل ئۆزۈڭ ئاشكارا قىلدىڭ سۇلغىنىڭنى ئاھ ئەجەب.
شاختىكى بىر ئالما دەيتتىم مەڭگۈ قورۇلمايدىغان،
دەل ئۆزۈڭ ئەتتىڭ ئايان قورۇلغىنىڭنى ئاھ ئەجەب.
بىلمىدىڭ، مىليون تۈمەن ئەپسۇس ـ تەئەججۇپ، بىلمىدىڭ،
نەپ ـ دەرەم سەۋداسىدا كىم بولغىنىڭنى ئاھ ئەجەب!



# پارچىلار

1

كەڭ جاھانغا كۆزۈم ئاچتىم دۇردۇن ئۈستىدە،
ئۆسۈپ يەتتىم ئات ئويىنتىپ ئالتۇن ئۈستىدە.
نېمە قىسمەت، نېمە ھال بۇ، ئېيتىڭلار بۈگۈن،
مەن پىيادە، ئۇ ياسىداق پەيتۇن ئۈستىدە؟

2

چۆرگىلەيدۇ پەلەك چاقى تەتۈر-ئوڭ ئەجەب،
تومۇزدىمۇ ئېرىمەيدۇ قاتقان توڭ ئەجەب.
ئانىسىدىن قاغىش ئالغان نادان تەلۋىنىڭ،
بىراۋلارنىڭ قۇچىقىدا يۈزى چوڭ ئەجەب!

3

گۈل تاقاپ كۆكسۈمگە شەلپەر رەختتە مەن،
تۇرىمەن گوياكى ئالتۇن تەختتە مەن.
مىڭ قېتىم دەيمەن باقالماي ئەلگە مەن:
ـ ئاھ نېمانچە بىئەقىل بەتبەختتۇرمەن!؟

4

بۆلەك كىممۇ بىخۇد-غاپىل، ساراڭلاردىن،
بىزار بولماس قۇرۇق مىسرا-پاراڭلاردىن.
قۇرۇق مىسرا بىلەن جان باققۇچە دوستلار،
بولاي مەن بىر يولى غايىب ئاراڭلاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

5

ۋەدە قىلدىڭ ئابرۇي-ئۇنۋان ماڭا،
دەخلىسىز شاھزادىلىق ئىمكان ماڭا.
نېمە كۆرسەم قانۇ تەرىمدىن كۆرەي،
بولدى، قوي ھاجەت ئەمەس ئېھسان ماڭا!

6

نە تۇرغاي، نىگارىم، كۆز يېشىڭ«لىغ-لىغ» قىلىپ،
سەن ئۇچۇن كۆيگەن يۈرەكنى «جىغ»قىلىپ، «جىغ-جىغ» قىلىپ.
يۈرسىمۇ پاسىق كۇشەندە «مىغ» قىلىپ، «مىغ-مىغ» قىلىپ،
بىز ئۆتەيلى ئىككى تەن، بىر جاننى ئالماس تىغ قىلىپ.

7

ئاھ ئۇرامسەن، ياش تۆكەمسەن، نە ئىشىم،
سەندىن ئايرىلغانغا يوقتۇر تەشۋىشىم.
ئۆرلىشىم بار، چۈشمىكىم يوق، چۈنكى مەن،
تالى مەجنۇندىنمۇ يۇمشاق-ئەۋرىشىم.

8

ئەل يۈزىگە مەن قويالايمەن ئاياق،
شۇندا ھەم ئامەت قۇشۇم كەتمەس يىراق.
مەن ئۆتەرمەن بارچە ئۆتكەلدىن ئامان،
چۈنكى، ھەمراھىم مېنىڭ قولتۇق تاياق.

9

ئېغىپ يۈرسەڭ سولغا ۋە ئوڭغا،

ئەلنىڭ ئىشى تارتمايدۇ ئوڭغا.
قوغلانمىسا تۆردىن ساراڭلار،
نېسىپ بولماس پەگاھمۇ ئوڭغا .

**10**

جاھان تولغان تۇرلۇك تۈمەن ھېكمەتكە ـ سىرغا،
تۇرلۇك تۈمەن رەڭ ـ بوياققا، پەدازغا ـ سىرغا.
بەخش ئېتەلمەس ئالۋاستىغا پەرىلىك سۈپەت،
نى ـ نى كىيىم، پەرداز ـ گىرىم، زەر ھالقا ـ سىرغا.

**11**

خەندەك قېزىپ، قاپقان قۇرۇپ، قەستلىشىپ،
كەتتۇق ئەجەب رەسۋالىشىپ، پەسلىشىپ.
بولماسمىدى ئۆتسەك ئىناق ـ ئىتتىپاق،
ئارزۇ ـ ئارمان مەنزىلىدە بەسلىشىپ!

**12**

ۋاھ ئەجەب، تايغان ھۆرۈشتىن توختىماس،
پەھلىۋان كارۋان يۈرۈشتىن توختىماس.
لالما تايغان غىڭشىغانچە پەھلىۋان،
روھلىنىپ خەندان ئۈرۈشتىن توختىماس.

**13**

يالتىراق تاج قايسى شاھتىن قالمىغان،
كىمنى ئۆز ئىلكىگە بۇ ئوت ئالمىغان؟
ئۇشبۇ تاج سەۋداسى بىرلە مەست جاناب،

قايسى سۆڭگۈچ قالدى سەن ئىز سالمىغان؟

**14**

ئۈيقۇ لەززەتلىك ئەجەب، ئارزۇ ـ خىيال شېرىن ئەجەب،
چۈشلىرىمدە ھەمنەپەس ساھىبجامال شېرىن ئەجەب.
ئۇخلىسام، ئويغانمىسام سەككىز بېھىش ـ جەننەت ئارا،
ھۆر ـ پەرىلەر تۇتقۇسى ساپ شىرنە ـ بال شېرىن ئەجەب!

**15**

خەتەردىن قورقمىغان غەۋۋاس گۆھەر ـ دۇردانىلار سۈزگەي،
شىجائەتلىك نەسىل ھەرئان بىلىم دەرياسىدا ئۈزگەي.
بىلىم دەرياسىدىن نۇرلۇق گۆھەر ـ دۇردانە سۈزگەن ياش،
پاراسەت زۇلپىقارىدا جاھالەت بويىنىنى ئۈزگەي.

**16**

قالدى بۇ ئالەمگە پاتماي لاپ ئۇرۇپ،
تاپسا ئىككى نان، بىرىدە داپ ئۇرۇپ.
ئاھ ئىسىت دەپ قالدى قول چىشلەپ، بىراۋ
كەتسە ھۆل خىش دەسسىتىپ باپلاپ ـ ئۇرۇپ.

**17**

تۈمەن بايدىن يامان بىر غالچا دەرمىشلەر،
بۇ غالچا ـ ئەل بېشىغا قامچا دەرمىشلەر.
خالاس تاپمايدۇ ئەل قەلبى جاراھەتتىن،
ئىزىپ يانجىلمىسا بۇ سالچا دەرمىشلەر.

## 18

جاپاكەش قەرزى نە چاغ تاغ ئەمەستۇر،
يۈرەك باغرى جاراھەت ـ داغ ئەمەستۇر.
بىچارە ئۆچكە، قوي جان قايغۇسىدا،
نە قاسساپ ئارمىنى گۆش ـ ياغ ئەمەستۇر؟

## 19

تىترىگەي تۇپراق بوران ـ يەل تەۋرىسە،
يا بۇزۇپ قىرغاق قىيان ـ سەل تەۋرىسە.
ئۇنتۇما ئەجداد سۆزىنى، ئەي ئوغۇل،
تاجۇ تەخت گۇمران ئاۋام ـ ئەل تەۋرىسە.

## 20

«خوش!» دېدىڭ، كەتتىڭ ئۇزاپ ئاھۇ كۆزۈڭگە ياش ئېلىپ،
ئىشىق ئوتۇڭغا، ئامرىقىم، قانداق ئۆتەي بەرداش بېرىپ؟
سەن كېلىپ ھىجران ئوتىدىن قۇتقۇزامسەن، ئەي نىگار،
يا كېتەيمۇ قاغجىراق چۆللەرگە تەنھا باش ئېلىپ؟

## 21

ياراتقاي بىزنى ھەق ئاللا ۋاپادار جۈپ قىلىپ پەرلەپ،
جۇدالىق ئەيلىدى نىمجان يۈرەك ـ باغرىمنى نەشتەرلەپ.
مادارىم، ئىشتىھايىم يوق ۋەيا ئۇيقۇ يوق، ئارامىم يوق،
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ، جانان، ياتارمەن ئاھ سوغۇق تەرلەپ.

## 22

بۇ يۆتەل، كوم ـ كوم يۆتەل كۈندۈز ـ كېچە قويمايدۇ تىنىچ،

كۆز يۇمالماس زەربىدىن پەرزەنت ئەمەس، يان قوشنا ھېچ.
تۇرسا يەر ـ ئاسمان تۇتەك تەپمەيدىكەن دورا ـ ئۆكۈل،
ھەر يۆتەل قىسقارتىدۇ ئۆمرۈم يولىدىن بىر غېرىچ.

## 23

بورانلىق تاغ ـ داۋانلاردا سىلەر ئاچقان ئۇلۇغ ئىز بار،
بولۇك ئەجدادلار خاتىرجەم ئىزىڭلاردا مانا بىز بار.
سىلەر ئارمان قىلىپ ئۆتكەن گۈزەل مەنزىلگە يەتمەككە،
ئىرادە باغلىغان ئاقىل، پىداكار ـ مەرد ئوغۇل ـ قىز بار.

## 24

يىغلىماس، زار يىغلىماس ئاقىل كىشى،
تاك بىدار پەرياد ئۇرۇش نادان ئىشى.
ئارزۇ ـ ئارمان غۇنچىسىنى، ئەي نىگار،
قايسى چاغ ياشناتتى كىمنىڭ كۆز يېشى؟

## 25

ئوغرىلارغا قول چىراغ ھەم قاپ بولۇپ،
ھەم ئۇنىڭ ئايپالتىسىغا ساپ بولۇپ.
ئاخىرى قالدىڭمۇ داغدا، ئەي نادان،
ئىچ ـ ئىچىڭ قانلىق يارا ـ زەرداپ بولۇپ!؟

## 26

تەرگىنىڭ جانغا جازا ئاغرىق ـ نىزا،
قىلمىشىڭدىن ئەھلى يۇرتۇم نارىزا.
يانمىساڭ تەتۈر يولۇڭدىن، ئېيتقىنا،

كىم تۇتار بىركۈن ساڭا ماتەم-هازا!؟

## 27

ئون گېپىڭنىڭ توققۇزى يالغان،
بىرى توققۇز يالغانغا قالقان.
قالقىنىڭنى قىلساڭمۇ توققۇز،
يالغىنىڭنىڭ چانغىنى-چانغان.

## 28

دەيدۇ  بىر كىم: ئۇخلا غەپلەت ياستۇقىغا باش قويۇپ،
ئاچ-يېلىڭلىق قىينىسا گۈمبەز قۇچاقلا ئاھ ئۇرۇپ.
يات-يېتىۋەر چۈش كۆرۈپ، ئويغانغۇچە غايىب بولاي،
ئەجدىھانىڭ قارنىدەك ھەميانغا گۆھەر تولدۇرۇپ.

## 29

پەۋەستۇر ھەر كىشى ئەجەب شېرىن خىيال-ئويغا،
شۇ ئويلار سالمىسۇن ئاتەش يۈرەك ئەۋلادنى نە كويغا؟
گۈزەل ئويلار رېئاللىققا بۈگۈن ئايلاندى، جان دوستۇم،
ئەزىز مەھبۇبىڭىز بىرلە قىلۇرسىز مەرھەمەت تويغا!

## 30

تولارمىش كۈچكە-دەرمانغا جىمى توپ-توپى بىرلە،
ئۆتەرمىش قۇش قاناتلارمۇ بىئارمان جۈپ-جۈپى بىرلە.
تىلەيمىز ھەقتائاللادىن: ئادەمزات نەسلى-ئەۋلادى،
مۇراد گۈلزارىغا يەتسۇن ۋاپادار مەھبۇبى بىرلە.

www.uyghurkitap.com

## 31

نەزەر سالساق، قاپتۇ ئىزلار گاھى ئوگدا-سوللاردا،
قاپقاق-توزاق، ئاھ ئەجەبمۇ نۇرغۇن ئىدى يوللاردا.
كارامەت بىر سەھنىدۇر بۇ ئادەمزات دۇنياسى،
ھەر كىشىنىڭ نەرخ-باھاسى ئۆزى ئالغان روللاردا.

## 32

ئۆتتى دەپ ماختانما نەزمە شەۋقىدە ئەللىك يىلىم،
يازغىنىڭنى جەملىسەك بۇ ئىككى سۆز: بىرلىك-بىلىم.
ئېيتقىنا، دوستۇم، بۈيۈك-بىرلىك، بىلىم-پەندىن ئۇلۇغ،
قايسى ئەگكۈشتەرگە موھتاج جانىجان خەلقىم-ئېلىم؟

## 33

بىلەمسەن، پۇل دېگەن شىرىن ھوسۇلى قان بىلەن تەرنىڭ،
بۇ ھالدا ياتقىنى قانداق سېنىڭدەك تەندۇرۇس ئەرنىڭ؟
تېگىشتىگمۇ ئاتاڭنىڭ قان-تەرنى بۇس بىلەن مەيگە،
دېمەككى، دەل ئۆزى سەن ئەتىكى نىمجان قەلەندەرنىڭ!

## 34

يۇرەك-باغرىڭ گويا ياقۇت شىشە، ئالتۇن بېلىق بولدۇم،
سېنىڭ بىرلە غەنىيمەت دەم نەپەسداش-ھەمتىنىق بولدۇم.
نېسىپ بوپتۇ ماڭا كۆرمەك گۈزەل قوينۇڭدا بەختىمنى،
دېمەسمەن پۇرسىتى ھىجران قەدىرسىز قىلتىرىق بولدۇم.

## 35

ۋىسالىڭ شېئىردۇر، ھىجرانىڭ شېئىر،

ھەسرىتىڭ، شوخ كۈلكە-خەندانىڭ شېئىر.
زىنىقىڭ شېئىردۇر، تىنىقىڭ شېئىر،
مۇبارەك قەدىمىڭ، جەۋلانىڭ شېئىر.

## 36

لېۋىڭدىن تامچە مەي بەرسەڭ، قېنىمنى مەن بېرەي شەرتىسىز،
ئەگەر سەن تامچە قان بەرسەڭ جېنىمنى مەن بېرەي شەرتىسىز.
مېنىڭ تەشنالىقىم قانسا گۈزەل قوينۇڭدا، ئەي جانان،
مۇراد-بەختىڭ ئۈچۈن ئۇتلۇق ئېقىنلارغا كىرەي شەرتىسىز.

## 37

دېسە شاھ كىممۇ ھەيراندۇر «ئۆزۈمگە ئەل قاراتمىشمەن،
شەرەپ-داڭقىمنى ئەل-ئالەم ئارا ھەر يان تاراتمىشمەن »
غەزەپ ئوقياسىدىن قارغىش ئوقى ئۈزمەس كىشى بارمۇ،
دېسە كىم «خاكى تۇپراقتىن تىرىك مەخلۇق ياراتمىشمەن».

## 38

ئۆزۈڭ ياققان ئەمەسمۇ سەن كۆڭۈل خانەمگە بۇ شامنى،
نېچۈن ئۈلاي ئارام-ئۇيقۇ بىلەن سۈبھىگە ئاخشامنى؟
يورۇق شامىڭ ئاتا قىلسا ئۆمۈرلۈك كۈچ، ئەقىل، ئىلھام،
نېمىشقا توختىتاي ئوتلۇق مۇھەببەتنامە-ناخشامنى؟

## 39

تىلەيدۇ بىر ئانا: «ئاللا بالامنىڭ بەختىنى بەر» دەپ،
ياتار چوپچوك ئوغۇل قوپماي «تىلەپ بەر ئاتىبىشى زەر» دەپ.
سامادىن كەلدى بىر ئاۋاز: «تۇرۇپتۇ زەررە زەر تەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ دەس ئورنىدىن كىمكى ئايانماي تۆكمىسە تەر؟» دەپ.

## 40

كۆمۈش سىملار ئارا كەلدى ئاجايىپ بىر سادا سۈبھى،
ئۆزۈك قىلدىڭ سادا بىرلە ئازابلاردىن ئادا سۈبھى.
كەمىنەڭگە ئاتا قىلغاچ ھاياتى كۈچ شىكەر لەۋزىڭ،
سەپەر تۇلپارىغا مىندىم بولۇپ بىر جان پىدا سۈبھى.

## 41

دەيدۇ: بەش كۈنلۈك ئۇزۇق جانانىنىڭ بىر سۆيگىنى،
شۇ سۆيۈشنىڭ تەپتىدىن جان-تەننى بىر كۆيدۈرگىنى.
مەن دېگەيمەن: بىر پۈتۈن ئۆمرۈمگە لەززەتلىك ئۇزۇق،
كۆكرىكىمگە باش قويۇپ تاتلىققىنا بىر كۈلگىنى.

## 42

نەۋقىران چاغلاردا كىم بولمايدۇ ئوت-يالقۇنغا غەرق؟
سۆيگۈ ئىزدەر بارچە جان-جانىۋارمۇ باش كۆكلەمدە نەق.
نەۋقىرانلىق پەخرىگە چۆمگەن نەسىل ئېيتقىن قېنى،
كەممۇ تاڭغى زەر شەپەقتىن كەچكى يالقۇنلۇق شەپەق؟

## 43

ھاۋا-ئادەم يارالغان جۈپ، جىمى جانىۋارمۇ ھەم جۈپ-جۈپ،
ئۆمۈرلۈك قول-قاناتتۇر ھەر كىشىگە مېھرىبان مەھبۇپ.
جېنىڭغا جان قوشۇلغاي جان كۆيەر مەرغۇپ نىگار بىرلە،
ئەجابەت بولدى دەپ خۇش بول ئۆمۈرلۈك مۇددىئا-مەتلۇپ.

## 44

قويسا كىم ئىنساپ ـ دىيانەت ئۈستىگە ئۆز نەپسىنى ،
جان تۇرۇپ ئۆز جىسمىدا كۆرگەي جەھەننەم ـ ھەپسىنى .
دەپ قالار ئاچچىق قاساپ قول: ئاھ، پۇچەك پۇل، ساختا نام،
بۇ قەدەر نۇرسىز ـ قاراڭغۇ كۈنگە قالدىم دەپ سىنى!



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئۆسمۈرلۈك ئىزنالىرى

## دوختۇر قىز

ئاستا مېڭىپ، سىلىق بېسىپ،
كىردى دوختۇر ـ دىلرەبا.
مېھرىبانلار ئۆلگىسىدەك،
مىسلى غەمخور دىلرەبا.
ياشتا كىچىك، ئىشتا چاققان،
شەپقىتىدە ئۆز ئانام.
لەۋلىرى پىشقان ئاناردەك،
سۆزلىرى شەربەت ـ قىيام.
لەۋزىدىن تۆككەن قىيام،
بەردى يۈرەككە زوق ئارام.
مېھرىدىن تاپتى شىپالىق،
جاننى قاقشاتقان يارام.

يوق ئىدى ھالىم مېنىڭ،
بەك شۈبھىلىك بۇ تەندە جان.
ئىككىلەنمەي شۇ گۈزەل،
ئۆز تېنىدىن بەردى قان.
قايتىدىن ئاچتىم كۆزۈم،
گويا يورۇق دۇنياغا مەن.
كۆيىمەن شۇندىن بۇيان،
ئاشۇ گۈزەل رەناغا مەن.

1954 ـ يىل ماي

# خوشلىنىش

(قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىنى پۈتتۈرۈش خاتىرىسى)

دىلدا قىلچە قالمىدى داغ، چۈمگىنىم ئىرپان بۇلاق،
يورۇتۇلدى پاك دىلىمدا مەڭگۈ ئۆچمەس شام - چىراغ.
باغلىدۇق بىز بۇ ۋەتەنگە جانۇ تەندىن ئىشتىياق،
غەيرىي ئىللەت، غەيرىي ئىستەك كەتتى بىزدىن كۆپ يىراق.

بىرسىمىز ئىشچى - ھۈنەرۋەن، بىرسىمىز خەلق كادىرى،
بىرسى جەڭچى، بىرسى دوختۇر، بىرسىمىز پەن ماھىرى.
ئۇچقۇچى ۋە ئۈزگۈچى ھەم نەچچىمىز خەلق شائىرى،
ھەم مۇئەللىم، ئىنژىنېر - ئالىم بولارمىز ئاخىرى.

شۇ ئۈچۈن غەيرەت قىلارمىز بىر تېمىم قان قالغۇچە،
ۋەتەن گۈلشەن، جاھان گۈلزار، خەلق بەختىيار بولغۇچە.
جانىجان يەر - ئانىمىزدىن مەدەت ئېلىپ قانغۇچە،
چامدىدۇق مەنزىلنى كۆزلەپ يەك تۇرۇپ جەينەككىچە.

جەڭچى ئوخشاش بىزنى تاۋلاپ قورال بەردىڭ مۇنتىزىم،
ئالدىڭىزدا كۆپ خىجىلمىز جانىجان ئۇستازلىرىم.
سەۋەن - خاتا، كەمچىلىكلەر بىزدىن ئۆتتى كۆپ قېتىم،
كەچۈرگەيسىز مېھرىبانلار قوبۇل ئەيلەپ بۇ خېتىم.

ئانا مەكتەپ ھەم ئۇستازىم دائىم مېنىڭ دىلىمدا،
ھەر مۈشكۈللەر ئالغا كەلسە مەدەت بېرىپ يېنىمدا.
سىز چوقۇم بار ۋۇجۇدۇمدا ھەر خۇشاللىق چېغىمدا،

ھەر سۆزىڭىز يەلكەن بولۇپ ئۆزەر قىزىل قېنىمدا.

سىزگە مەھكەم رىشتە باغلاپ ھەممىنىڭ پاكىز دىلى،
ئايرىلىش چاغ سۆزلىيەلمەس مېھرىنى كۆپلەر تىلى.
تەربىيلەپ سىز ئۆستۈرگەن بىز ۋەتەن پەرزەنتلىرى،
تەندە جان سىزنى يادلار ئوغلىڭىز مۇھەممەتئېلى.

1955 ـ يىل 17 ـ ئىيۇل



# ئاق يول تىلە

مىگلاپ ئانا رازىدۇر،
ئوغلى بارسا سوقۇشقا.
ئاھ ئۇرىسەن نېمانچە،
باراي دېسەم ئوقۇشقا.

دەيتتىڭغۇ سەن دائىما،
«ئادەم بولغىن يارامىلىق»
قانداق بولاي يارامىلىق،
ئۆگەنمەستىن داۋاملىق؟

ئۇرۇمچىنىڭ يولىنى،
بارسا كەلمەس يول دېمە.
جېنىم ئانا، جان ئانا،
خۇدايىم بار، غەم يېمە.

رومىلىگىنىڭ ئۇچىدا،
كۆز يېشىگنى سۈرتكىنە.
ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ،
خەتلىرىمنى كۈتكىنە!

1955 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىستىما

شۇ گۈزەل چولپان كۆزۈڭدىن نۇر يېغىپ، يالقۇن يېنىپ،
مايسىدەك كىرپىكلىرىڭدىن مەرۋايىت شەبنەم ئېقىپ،
سۈپسۈزۈك ياقۇت لېۋىڭدىن تىل يارار شەربەت تېمىپ،
«شول ھاياتىم ئاچقۇچى سەن، سۆي جېنىم» دەپ قىستىما.

«سېنى سۆيدۈم، ساڭا كۆيدۈم، كەڭ كۆڭۈلدىن بەر ئورۇن،
پاك يۈرەك، مېھرىم، ئەقىدەم سەن ئۈچۈن، ئاچقىل قويۇن،
بىر سېنىڭسىز سارغىيىپ بولماي غازاڭ، ئەگمەي بويۇن،
دىلغا نۇرلار چاچقۇچى سەن، سۆي جېنىم» دەپ قىستىما.

ئاي يۈزۈڭ، چولپان كۆزۈڭ، ئاتەشسىمان مېھرىڭنى ھەم،
گۈلباھاردەك نازىنىن جىلۋەڭ بىلەن كۈلكەڭنى ھەم،
سىغدۇرالماس شۇنچە كەڭ دىل، ئاھ ئۇرۇپ كۆپ چەكمە غەم،
ئەركىلەپ نازىڭ بىلەن «سۆيگىن جېنىم» دەپ قىستىما.

بىر پۈتۈن ئۆمرۈم قاياشى، يۈرىكىمنىڭ پارى بار،
لەۋلىرىمگە تۇنجى پاك سۆيگۈم شارابى مەڭگۈ يار،
سېنى سۆيسەم شۇل ۋاپادار سارغىيىپ بولماسمۇ خار،
خالىساڭ دوستۇڭ بولاي، «سۆيگىن جېنىم» دەپ قىستىما.

1957-يىل 5-مارت

# قانچىلىك ئۇلۇغ

كىرگەندە سىنىپقا قولۇمدا كىتاب،
ھاياجان ئىلكىدە ئالەمنى كەزدىم.
شاگىرتلار ھۆرمەتتە تىك تۇردى، شۇ تاپ،
ئۆزۈمنى سائادەت تەختىدە سەزدىم.

يۈرىكىم ياپراقتەك تىترىدى بىر پەس،
ۋە بەلكى يۈزۈممۇ بولغاندۇ ئانار.
ھودۇقۇش تەپتىدىن بوغۇلدى نەپەس،
ئۆتكۈنچى ھاياجان بولۇپ ھەمراھ-يار.

ئۆتتى دەم-دەقىقە، ئوڭشاپ ئۆزۈمنى،
باشلىدىم ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دەرس.
ھەممىگە تەپتەكشى تىكتىم كۆزۈمنى،
بەختىيار كۆڭلۈمدە قاناتلاپ ھەۋەس.

شۇ سائەت مەن بىلدىم بۇ ئۇلۇغ نامنىڭ،
شەرىپى بەك ئۇلۇغ، يوق ئىكەن چېكى.
مەن بىلدىم، مۇئەللىم نەسلى ئىنسانىنىڭ،
ئەڭ يېقىن سىردىشى، ئەقىل چېكى...

1959-يىل 18-مارت

www.uyghurkitap.com

# قەدرىگە

مەن بىلىم تەشناسى، يەتكەيمەن بىلىم-پەن قەدرىگە،
بىر بوۋاق يەتكەن كەبى ئاق سۈت، شېكەر-قەنت قەدرىگە.

ئەجرىدىن ئەمگەكچى باغۋەن ئەيلىدى گۈلشەن بىنا،
يەتمىگەيمۇ كۈيچى بۇلبۇل ياخشى باغۋەن قەدرىگە.

ھەزرىتى لوقمانغا يانتاق قەنت-شېكەر بەرگەيمىدى،
يەتمىسە يالپۇز، بىنەپشە، پىننە، ئەمەن قەدرىگە.

مەن نادانلىق غارىدا بولماسمىدىم يولۋاسقا يەم،
يەتمىسەم يولۋاسنى سۈرگەن نوچى مەرگەن قەدرىگە.

تاغ-داۋانلىق مەرىپەت-پەن يوللىرىدا بىر ئۆمۈر،
ئالغا ئۆرلەرمەن يېتىپ ئۇستاز-ھۈنەرۋەن قەدرىگە.

1960-يىل يانۋار

# خوش ئۈرۈمچى

يۇمران بىر باچكا ئىدىم، قانات بەردىڭ،
لېۋىڭدىن بال ئىچۈردۈڭ، ناۋات بەردىڭ.
يايرىتىپ بىلىم-ھېكمەت باغلىرىدا،
چاڭقىغان دىلغا ئابىھايات بەردىڭ.
ئالدىمدا گۈزەل چېھرىڭ، خوش ئۈرۈمچى،
قەلبىمدە سۆيگۈ-مېھرىڭ، خوش ئۈرۈمچى.

ھەيۋەتلىك قىزىل بىنا - پەن بىناسى،
مەرىپەت تۇپرىقىنىڭ تىك قىياسى.
مۇبارەك خىشلىرىڭنىڭ دانىسىدە،
بەرق ئۇرار تۇمەن يۇلتۇز نۇر-جۇلاسى.
ھەر ئىشىك، ھەر پەلەمپەي، ھەر بوسۇغا،
بىر قۇلۇپ ئاچقۇچىنى قىلدى سوۋغا.

دەريادا بېلىق خۇشتۇر، ئاسماندا قۇش،
بىز ئىدۇق قۇش-بېلىقتىن ھەسسلەپ خۇش.
ئەجەبمۇ تاتلىق ئىدى، شېرىن ئىدى
بىز سۆيگەن ستۇدېنتلىق ساددا تۇرمۇش!
نېمدەي شېرىن ھايات خۇشلۇقىغا،
سىغمايتتى كۆلكە ئالەم بوشلۇقىغا.

ياش ئىدۇق، بېشىمىزدىن ئىش ئۆتمىگەن،
بۇ قەدەر شۈرغانلىق قىش ئۆتمىگەن.
سېھرلىك چاڭگىلىدا «ئېچىلىش»نىڭ،
قالدى كىم ئاچچىققىنا غەم يۇتمىغان؟

سەن دېدىڭ: چوڭ بولارسەن، تاۋلىنارسەن،
ئەلنىڭ پەر-قاناتىغا ئايلىنارسەن.

ئۆزىتىپ ئوت چاقنىغان قىزىل دىپلوم،
سەن دېدىڭ: چېچەك ئېچىپ گۈللە، ئوغلۇم.
خانتەڭرى كۆتمەكتىدۇر تەشنائى-زار،
شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىپ ئۆرلە، ئوغلۇم!...
يېنىشلاپ سۆيۈپ نۇرلۇق پېشانەمگە،
«يەت،- دېدىڭ،- مەردانە ئۆز نىشانەڭگە!»

ئەي ئانا، غەمگۈزارىم - مېھرى ئوتلۇق،
شۆھرىتى ئالەمشۇمۇل، نامى قۇتلۇق.
تىكتىڭ سەن مۇنبەت، گۈزەل تۇپرىقىڭغا،
ئۇرۇق دەپ تاللاپ مېنى ياخشى سورتلۇق.
«ئۆت،- دېدىڭ،- ئاسمان-پەلەك تاغ-داۋاندىن»
«ئۆت،- دېدىڭ،- شان-شەرەپلىك ئىمتىھاندىن.»

قەلبىمدە ئۆزۈڭ ياققان پەن چىراغى،
چارچىسام بەردى دەرمان تەڭرى تاغى.
ھەر سەھەر يېڭى لەززەت قىلدى سوۋغا
ئۇلانباي گۈللىرىنىڭ خۇش پۇراقى.
چاڭقىسام بۇغدا كۆلى بولدى جامىم،
قىرانلىق قۇدرىتىگە تولدى جانىم.

ئەيلىدىم پەرۋىش باھار مايسىسىنى،
قەھرىمان ئەجدادلىرىم ۋارىسىنى.
يورۇتتۇم ئاتەش يۈرەك نۇرلىرىدا
ئۆسمۈرلۈك ئارزۇسىنى، غايىسىنى.

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادلار ـ يۇمران كۆچەت، باغۋەن ئۆزۈم،
مەنىلىك ھەم بەھىرلىك كەچ ـ كۈندۈزلىرىم.

خەمىكى ھەرخىل بولۇر ھەر پىلەكنىڭ،
سۆيگۈنى باشقا ـ باشقا ھەر يۈرەكنىڭ.
مەن ئىدىم مەھلىياسى، جان پىداسى
شۇ ئەزىز ـ ئەتىۋارلىق گۈل ـ چېچەكنىڭ.
يولداشلىق، قېرىنداشلىق مېھرى باشقا،
مۇنچىلا كۆيمەس ئىدىم قېرىنداشقا.

ھەر كىشى تاپقاي شەرەپ ـ تەر ئىزىدىن،
(كەلمىگەي ئۇ ھېچقاچان ئۆز ـ ئۆزىدىن.)
كىمكى ساپ تەر ئىزىغا قوشسا زىنىنەت
پاك مىجەز ھەم چىرايلىق گەپ ـ سۆزىدىن.
قوغداپ چىن ھەققانىيەت قالقىنىدا،
كۆتۈرەر بارچە ئىنسان ئالقىنىدا.

ئات سېلىپ چەۋەندازلار بەيگىسىگە،
كۆكرىكىم تولدى شۆھرەت لەيلىسىگە.
كۆكسىگە لەيلى قىسقان ھەر يىگىت ـ قىز،
يېڭى يۈك يۈكلىمەمدۇ يەلكىسىگە؟
يۈكلىسەڭ مەن كۆتۈردۈم ھەرقانچە يۈك،
بۇيرۇساڭ سۇنى كەچتىم يەشمەي ئۆتۈك...

ھەر قېتىم نامە ئالسام جان ئانامدىن ـ
كۈنۈ تۈن يولغا باققان مېھرىبانىدىن.
يۈرەك ئوت، پۈتۈن جىسمىم بولدى خۇمدان،
تەشنالىق، تەقەززالىق ئۆتتى جانىدىن.

پەرزەنتلىك سۆيگۈسىدە ئوي ـ خىيالىم،
ئاخىرى ساڭا يەتتى ئەرزۇ ھالىم.

ئۆرگىلەي، جېنىم ئانا، باشلىرىڭدىن،
دانىسى ياقۇت ـ گۆھەر تاشلىرىڭدىن.
ئۆرگىلەي نەق ئالتە يىل ماڭا بەرگەن
مەرىپەت كەۋسىرى، تۇز ـ ئاشلىرىڭدىن.
«خوش!» دېسەم جىغىلدايدۇ يۈرەكلىرىم،
سەن ئۈزۈك يىلىك بەرگەن سۆڭەكلىرىم.

جەڭچىلەر تەييار ھامان بارچە سەپتە،
كارۋانىمۇ توختىمايدۇ بىر بېكەتتە.
ئەي ئانا، مەن تۇرارمەن نەدە بولسام،
جەڭگىۋار سەپ بېشىدا ـ تۇنجى رەتتە.
لەۋزىمدىن پاك ـ غۇبارسىز ئۈنچە تۆكتۈم،
نەسىھەت ـ سۆزلىرىڭنى دىلغا پۈكتۈم.

خەير ـ خوش، ئۇرۇمچىنىڭ قۇچاقلىرى،
يېڭىلىق، يۈكسىلىشنىڭ ئوچاقلىرى.
خەير ـ خوش، مېھرىم ئوتى شولىسىدا
چاقنىغان ئەلنىڭ گۆھەر مۇنچاقلىرى!
خوش، مېنىڭ شاگىرتلىرىم ـ ياش تىلەكلەر،
ئەۋرىشىم كۆچەت، مەسۇم گۈل ـ چېچەكلەر.

1961 ـ يىل ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# باغۋەن قىز

ۋۇجۇدۇم بولدى ئوت-يالقۇن كۆلۈپ سوۋغاڭنى تۇتقاندا،
تەبەسسۇم، ناز بىلەن ياشلىق كۆڭۈل مەيلىمنى ئۇتقاندا.

يۈرەك گوياكى شام ئوخشاش قىزىپ، بىر يول ئېرىپ كەتتى،
قىزىل ياقۇت ئانارىڭدىن يېرىپ بىر قەترە يۇتقاندا.

دېدىڭ: قانداق ئىكەن تەمى؟ چېچەن بۇلبۇل كەبى سايراپ،
قىلىپ مەست شۇ ئانار شىرنەڭ ئۆزۈمنى مەن ئۇنۇتقاندا.

- قىلاي تەرىپىنى قانداق؟- دېدىم ئاستا ئۆزۈم ئوڭشاپ،
بولۇپ ئەجرىڭ گۇۋاھى بۇ، ئاتاق-داڭقىڭ تونۇتقاندا.

دېدىڭ: شۇنداق بولاركەن، راست، ئانا تۇپراققا ئىشق باغلاپ،
يېشىل-يۇمران كۆچەتلەرگە كۆڭۈل مېھرىڭنى قاتقاندا.

دېدىم: شۇنداق، گۈلۈم، ھەرگىز ئۆلۈك، زەي سۇچە تەم بولماس،
يۈرەكتىن ئەل-ۋەتەننىڭ مېھرىنى بىردەم سوۋۇتقاندا.

1962-يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جاندىن ئەزىز

ئەي يۈرەك سۆيگەن دىيارىم، سەن ماڭا جاندىن ئەزىز،
شوخلىنىپ ئاققان تومۇردا قىپقىزىل قاندىن ئەزىز.

چىن گۈزەللىك ئاشىقى مەن، گۈلگە تەشنا كۈيچى مەن،
بارچە گۈللەر تاجىسى سەن لالە-رەيھاندىن ئەزىز.

ئەڭ مۇقەددەس ئىززىتىمدۇر ئار-نومۇس، ۋىجدان مېنىڭ،
ئىززىتىمنىڭ مەنبەسى سەن قەلبى-ۋىجداندىن ئەزىز.

دەيدىكەن ئاققۇ، بېلىق: چەكسىز ئەزىز ئوكيان-دېڭىز،
ماڭا بەرگەن مېھرى قەترەڭ قانچە ئوكياندىن ئەزىز.

دەيدىكەن پەرۋانە دائىم نۇر بىلەن يالقۇن ئەزىز،
مەن ئۈچۈن ئىشقىڭ ئوتىدۇر قانچە گۈلخاندىن ئەزىز.

تا ئەزەلدىن سايرىغانكەن بارچە بۇلبۇل باغ ئارا،
چۆل-جەزىرەڭ مەن ئۈچۈن بىگانە بوستاندىن ئەزىز.

ياش كۆكۈل گوياكى ئاسمان، ئارمىنىم يۇلتۇزچە بار،
سەن ئۈچۈن جاننى بېغىشلاش ھەممە ئارماندىن ئەزىز.

1963-يىل فېۋرال

# ئۆزۆلمەس چاتمىلار

## مەھبۇس چۇقانلىرى

### مۇقەددىمە

نەزەربەند ئەيلىدى «كۈرس»[1] قا، ياقامنى چىشلىدىم دەسلەپ،
گۇناھىم نە ئىررۇر دەيمەن چىكەمنى چىڭ تۇتۇپ ئەسلەپ.

سىياھدەك قاپقارا بىر تۈن بېشىمدا ئۈينىدى كالتەك،
چۈشەندىمكى، ئۆچۈرمەكچى ھاياتىم شامىنى قەستلەپ.

دېدىم: ئۆمرۈم شېخىدىن قانچىلىك تۆكتۈم ئانار، ئەنجۈر،
ئۆلۈمدىن مىڭ يامان ياتماق چېكىپ ھەسرەت، قۇرۇق ئەسنەپ.

چېلىش مەيدانى ـ ئاق قەغەز، ئاكوپ ھەر بىر سىزىق گويا،
ئېتىم چاپتى، يوقالدى شۇم ئەجەلنىڭ ھەيۋىسى پەسلەپ.

يارالدى ئۇشبۇ ئەجرىمنىڭ ئىزىدىن بىر كىچىك خامان،
ئۇقۇرمەن، سىزگە سۇندۇم تاڭ ساباسىدا ئۇنى چەشلەپ.

### بۆشۈك

ياتارىم-يۈز يۈيۈش ئورنى، ئەسىر قىلماقتا پالەچلىك،
ئېلىپ چىقمايدۇ ئاپتاپقا سەھەر-چۈشلۈك ۋە يا كەچلىك.

---

[1] كۈرس ـ «ئۆگىنىش كۈرسى» دەپ چىرايلىق نام بېرىلگەن نەزەربەند لاگېرى.

www.uyghurkitap.com

بىلىم ئاغرىيدۇ زەي تارتىپ، پۇتۇم ئاغرىيدۇ پەي تارتىپ،
تىنىمدىن بۇرگە مەي تارتىپ، كۆكۈلنى چىرمىدى غەشلىك.

قويۇلغان بىر ئۇمۇۋالىنىك، جۇمەك-ئەمچەكلىرى سانسىز،
ئاڭا كەتكەن ئىكەن ۋايتاڭ، تۇنىكە قانچە داس-مەشلىك؟

ئەجەب ئۇبدان بۆشۈك بولدى ئۇنىڭغا مەن چىقىپ ياتسام،
دېدىم: ئەقلىمگە ھەشقاللا، قۇرۇپ كەتسۇن زىيانكەشلىك.

مېنىڭ تىك تۇرغىنىم ياۋغا ئۆلۈم قورقۇنچى يوللايدۇ،
ئەجەل يوللايدۇ دۇشمەنگە ھايات دەرياسى ئۆركەشلىك!

## ئېھترام

دېدى:«خەلق ئاش-ئوزۇق بەردى، يېتىپ يېمەك ھارام ھەركۈن،
جىنايەتتىن بولۇپ خالىي ئۆمۈر سۈر شاد-خۇرام ھەركۈن.

خەتەرلىك يار لېۋىدىن قايت، ئېتىڭنىڭ تىزگىنىنى تارت،
بېشىڭنى ئەگمىسەڭ جاھىل، ساڭا يوقتۇر ئارام ھەركۈن!...»

ئىچىمدە مىڭ قېتىم دەيمەن: ھەئە، خەلق ئاش-ئوزۇق بەردى،
ئۇنىڭ لەززەت-ھۇزۇرى بەخش ئېتەر مەردلىك، چىدام ھەركۈن.

رەقىبىم ئالدىدا ئەگسەم بېشىمنى، ئەلگە نىم دەيمەن،
مېنىڭ تىك تۇرغىنىم ئەلگە قىلىنغان ئېھترام ھەركۈن.

ئەگەر چىن ئاقلىسام ئەلنىڭ ئىشەنچ، ئارزۇ-ئۈمىدىنى،
ئۇتۇقلار جامىدا تۇتقاي «يارايسەن!» دەم قىيام ھەركۈن.

## بەلۋاغ

«كەمەرنى يەش، ـ دېدى باشلىق، ـ ئۆزۈڭگە قىلمىغىن سىرتماق»
ئېزىقتا چاينىۋەتتىم بۇ جاۋابنى مەن بولۇپ ئېيتماق:

ئەجەب قالتىس كۆيۈمچانسەن، ۋاپا ـ مېھرىڭ تۆپەيلىدىن،
قۇرۇپسەنكى ئەزىز ئۆمرۈم يولىغا شۇنچە دام ـ قىلتاق!

ئىرادە بەلۋېغىم تۇرسا كەمەرنى نە قىلاي، ئالغىن،
كەمەرنىڭ قولىدىن كەلمەس نىقاب ـ چۈمپەردىنى يىرتماق.

ئىرادە بەلۋېغىم باركى، قوۋۇرغام بولغۇسى خەنجەر،
ۋە ئالماس ئۈشكىگە ئايلانغۇسى قول ـ پۇتتىكى تىرناق.

شۇ بەلۋاغ باركى، بىر چۇسا چېقىپ ئۆتكەنچىلىك بولماس،
تىكەنلىك قامچا قان چاچقان قاباھەتلىك سوراق ـ قىيناق!

## دوختۇر

«داۋالاش» زەپ يېقىملىق سۆز، «قۇتۇلدۇرماق» دېگەن ئاندىن،
جېنىم دوختۇر، جۇدا بولدى قولۇڭدا قانچىلار جاندىن.

ئوكۇل يىڭنەڭمىدى، دوختۇر، قىزىل مويلۇق تۆمۈر نەرەڭ،
ياسالغانمۇ دىئاگنوز ئەينىكىڭ ئەپسانە ـ يالغاندىن؟

بېسىم ئۆلچەش قورالىڭمۇ تېنىمنى چىرمىغان ئارقان،
مېنى كەتكۈزدى ئەس ـ ھوشتىن، زۇۋاندىن، كۈچ ۋە دەرماندىن.

«ئېغىر، خەۋپلىك كېسەل» دەيسەن مېنىڭدەك سەللىمازانى،

www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن بۇ ھۈنەرنى سەن قەيەردە قايسى شەيتاندىن؟

يېتەر، بەس خەيرىخاھ دوختۇر، جېنىم جاق تويدى، بەس ئەمدى،
بىزارمەن سەن كەبى ئادەمسىياق چىلبۆرى-ھايۋاندىن!

## مېنى كۈت

كۈت مېنى، جان-دىل بىلەن سۆيگەن نىگارىم، كۈت مېنى،
ئامرىقىم، تەشنائى يارىم، ئىنتىزارىم كۈت مېنى.

سالدى بۇ تىنجىق-بۇرۇقتۇم دەردۇ ھىجران دەشتىگە،
قارىمۇقنىڭ قاسرىقىچە يوق گۇناھىم، كۈت مېنى.

كۈت مېنى، باغرىڭدا ھىجران ئۇتلىرى كۆيگەندە كۈت،
تىنك تۇرۇپ مەغرۇر ياشاش-ۋىجدان قارارىم، كۈت مېنى.

سوغ نەپەس دۈشمەنلىرىم ئالدىڭدا سەت كەلگەندە كۈت،
مەن ۋىسال تەشناسى، كۈلگەي نەۋباھارىم، كۈت مېنى.

«جىن-شاياتۇن» دەيدۇ، جىن-شەيتان تۇرۇپ دەل ئۆزلىرى،
نۇر چاچار تاڭ ۋەسلى نامىم-ئىپتىخارىم، كۈت مېنى!

## كاككۇك

ئاۋازىڭ ئاڭلىدىم، كاككۇك، تېرەك بولغانىمكىن تەڭگە،
مېنىڭ سۆيگەن بېغىم كىرگەنمىكىن كۆك رەڭ، يېشىل رەڭگە؟

جاۋاب بەر، تولدىمۇ شۇدەم ھاياتلىق شەربىتى-زەمزەم،
جۇدۇنلۇق قىش-زىمىستاندىن بىزارى ئېرىق-ئۆستەڭگە؟

سۆيەتتىم مەن سېنى، كاككۇك، سۆيەتتىم پەسلى كۆكلەمنى،
نەزەربەندىمەن قارا قۇزغۇن قىيا باقماس سوغۇق دەڭگە.

ئاجايىپ دەڭ ئىرۇركى بۇ، ھاشارەت-بۇرگىگە تولغان،
زەھەرلىك نەشتىرى دوزاق ئازابى جان بىلەن تەنگە.

ھاشارەت نەشتىرىدىن مىڭ زەھەرلىكتۇر يالا-تۆھمەت،
قەدەمدە دۇچ كېلەر ئىنسان تۇمەن ئەپسانە-نەيرەڭگە.

نېمىشقا ئۆرتىمەي قەھرىم ئوتىدا مىكرى قاپقاننى،
بۇ تارىخ يۈكلىگەن تۇرسا ئۇلۇغۋار يۈكنى يەلكەمگە؟

ساڭا تەڭكەش بولۇپ، كاككۇك، پەلەكتە سايرىسام دەيمەن،
ئاتالغان بۇ ھاياتىم شۇ بۈيۈك ئارمان ئۈچۈن جەڭگە!

## قەبرىگاھ ئالدىدا

«ئال قولۇڭغا پالتا-بازغان، چاق!» دېدى،
«قالمىسۇن ئىزنا-نىشان، ئوت ياق!» دېدى.

«بۇندا ياتقان ئاق ئەدىب قەلئەسىنىڭ
قالمىسۇن بىر تال خىشمۇ ساق!» دېدى.

پۈت-قولى زەنجىرگە بەند مەھبۇس يىگىت
«خوپ» دېمەي كۆزدىن چېچىپ ئوت «ياق!» دېدى.

«چاقمىساڭ ئۆمرۈڭ بويى زەنجىردە سەن،
بىر بېشىڭدا قاتمۇقات قالپاق!» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«سالمىغايمەن بۇ جىنايى ئىشقا قول،
چاقسىمۇ باشىمدا ئوت-چاقماق!» دېدى.

## سوئال

بۈگۈن تەقدىر جامالىڭنى تاۋاپ قىلماق نېسىپ ئەتتى،
بىراق، كۆلكە-ئارامىمنى ئەلەم-ئاھىڭ بېسىپ كەتتى.

كۆزۈڭ قان، يۈز-پېشانەڭ قان، يۈرەك-باغرىڭ نە ھالەتتە،
قارا قۇندۇز چېچىڭنى، ئاھ ئانا، كىملەر كېسىپ كەتتى.

گويا بىر تالى مەجنۇن سەن بوران ئىلكىدە تولغانغان،
ئانا، قانداق قىزىل ئامبۇر سېنى مۇنچە قىسىپ كەتتى؟

تېپىرلايسەن گوياكى جان بېرىشكە نارىزا قويدەك،
قولۇڭ، بوينۇڭنى باغلاپ كىم كانارىغا ئېسىپ كەتتى؟

قوياشلىق ئاسمىنىڭ ئەترە پۇرايتتى، تۇپرىقىڭ ئەنبەر،
ئانا، ئېيتقىن، ھاۋا ئەمدى نېمانچە سەت سېسىپ كەتتى!؟

## ئىشەنگىن، نىگار

مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن، نىگار،
سۆيىمەن ئالەمچە مۇھەببەت بىلەن.
يۈرىكىم تەلپۈنەر، تەلپۈنەر يۈرەك،
مەڭگۈگە ئۈزۈلمەس ساداقەت بىلەن.

بۆشۈكتە ئۇخلىماق بوۋاقنىڭ ئىشى،

زاكىغا سىغامدۇ يىگىت نەۋقىران؟
كۆنەمدۇ يۈگەنگە تاڭشۇرۇلغان ئات،
كۆنەمدۇ قەپەسكە بۇلبۇل-غەزەلخان؟

ھازىدار ئەمەسمەن، چاچلىرىم ئۆسكەن،
يا بىتاب ئەمەسمەن، چىرايىم سېرىق.
رېنتگېن نە كېرەك ھالىتىمگە باق،
ئازابىم بىلىنەر كۆزۈمدىن ئېنىق.

بۇلاقتىن سۇ چىقار، قان تومۇردىن قان،
چىقامدۇ بەختىيار يۈرەكتىن پىغان؟
يا شۇڭقار تۇماققا قىلامدۇ ھەۋەس،
خۇشتارمۇ چېكى يوق ئەلەملەرگە جان؟

يۈرىكىم تەلپۈنەر سەن نىگار ئۈچۈن،
سەن پەقەت قەلبىمنىڭ سۆيگەن نىگارى.
ئىشەنگىن ئىسسىق قان-تەرىمىز بىلەن،
يارالغاي ھاياتنىڭ زۈمرەت باھارى.

## سۈرگۈن

### 1

تىنىمسىز تارتىدۇ سۈرلۈك زىمىستان دىۋىسى نەرە،
زەھەر نەشتەر ئۇرار تەنگە گوياكى مىڭ تۈمەن ھەرە.

ئازاب ئىسكەنجىدە دەھشەت سىقىلغان جان قىلۇر جىغ-جىغ،
بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلماقنىڭ ئامالى بارمىدۇ زەررە؟

www.uyghurkitap.com

موماي يىغلايدۇ ئۈن-تىنسىز، قەدىناس مەمراھى جىمجىت،
ئېمىزگە نەدە قالغاندۇ، تىنىمسىز قىرقىرار نەۋرە.

ئۈنىڭ بىر جۈپ قەدىردانى قارا زىنداندا ھەسرەتتە،
بېشىدا، بەلكى شۇ سائەت ئۇچۇپ يۈرگەندۇ قان دەررە.

دېدى جىمجىت بوۋاي: كىندىك قېنىم تامغان ماكانىم، خوش!
ئەزىزانە دىيارغا بېقىپ ئاخىرقى بىر مەررە.

2

ئاھ، يېرىلغايمۇ قورام تاش «يېرىلىڭ تاشىم» دېسەم،
كەڭ جاھانغا پاتمىدى مۇشتۇمچىلىك باشىم دېسەم.

يات تاپانلار ئاستىدا ئىسسىق ماكانىم - ئۆز ئۇۋام،
ئاق يېغىن شەھرىم تامان باقسام سۆزۈك ياشىم دېسەم.

ئۆتتى ئۆمرۈم زەر بىلەن، -زەرگەر ئىدىم داڭلىق خېلى-،
قالمىدى سەھرا ئارا كەتمەنگە بەرداشىم دېسەم.

قايسى زات بەرگەندۇ «سەھرايى قىيامەت» نامىنى،
شۇ قىيامەت قوينىدا ئوغا مېنىڭ ئاشىم دېسەم.

ئاھ، يېرىلغايمۇ قورام تاش «يېرىلىڭ تاشىم» دېسەم،
كۆرمىسۇن مۇنداق جۇدالىق ھېچ قېرىنداشىم دېسەم!

3

بىر غېرىب يېگانە قەبرە... قوينىدا كىم بار ئۈنىڭ،
نام-نەسەب، ئۇنۋانىنى كىم ئەيلىگەي ئىزھار ئۈنىڭ؟

ھەر مۇقەددەس كۈندە يوقلار ھەر كىشى ھەر قەبرىنى،
شەنىگە تەكبىر ئوقۇپ كىم ئەيلىگەي ئاھ-زار ئۈنىڭ؟

ھەر زامان قىلغاي ھۇجۇم تەتۈر قۇيۇن، سۈرلۈك بوران،
ئەپ كېتىشكە، يەپ كېتىشكە خاكىنى تەييار ئۈنىڭ.

ئېيتتى بىر دېھقان جاپاكەش مويسىپىت دەردلىك تىنىپ،
كەسپىنى ئەۋلادى نەققاش، قۇرغۇچى-مىمار ئۈنىڭ.

قالدى جىسمى، روھى يۈرگەندۇر سۆيۈملۈك شەھىرىدە،
بۇ زېمىن-تۇپراقتا كۆڭلى چۈشمىگەن زىنھار ئۈنىڭ.

4

مىڭ سالام-تەزىم، قەدىردان، مېھرىبان ھېيتگاھ غۇجام،
خىشلىرىنى تۇتىيا ئەيلەي كۆزۈمگە، ئاھ غۇجام!

ئۆزلىرىنىڭ جان كۆيەر ئوغلانى ـ چاقماقجان ئىدىم[1]،
سوغ قۇچاق ئاچتى ماڭا بىر ناتونۇش دەرگاھ، غۇجام.

بەھرىسىز، ئۇيقۇ-ئارامسىز ئىش بىلەن، ئەمگەك بىلەن،
مەن بولۇپ قالدىم مۇشۇنداق بىر ئورۇق ئەرۋاھ، غۇجام؟

دەيدۇ كەلسەم:«لاماكانسەن، يوق نوپۇس-نورماڭ سېنىڭ!»
كۆز يېشىم، ئاھىمغا كىم قىلغاي بۈگۈن پەرۋاھ، غوجام؟

ناتونۇش سەھرادا بولدۇم قەدرى-قىممەتتىن جۇدا،

---

[1] چاقماقجان ـ بىر ئۆمۈر بويىتاق ئۆتكەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاشىق باققال.

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنىڭ قوينى-تەختىم، مەن ئىدىم بىر شاھ، غوجام!

5

بۇلۇتلۇق كۆك يېپىنچامدۇر، سېلىنجام بۇ زېمىن داق يەر،
نېسىپ بولماق ئاسانمۇ مەن كەبى سەرسانغا بۇ ئاق يەر؟

قويار بولسام غېرىبانە بېشىمنى ئۆز بوسۇغامغا،
دېۋەيلەپ دەيدۇ بىر كىملەر: بىلەمسەن، ماۋۇ قانداق يەر!؟

تۆمۈر پەشۋا، چويۇن مۇشت زەربىدىن قالماپتۇ، جان دوستلار،
مېنىڭدەك بىر نوپۇسسىزنىڭ پۈتۈن جان-جىسمىدا ساق يەر!

## يۈرەك پەرمانى

1

ۋاپادارىم، سېنىڭ لەۋزىڭ يۈرەككە زەپ داۋا بولدى،
مۇبارەك مەكتۇبىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن ياڭراق ناۋا بولدى.

ئەلەملەر مۆلدۈرى ياغدى بېشىمغا، ئەي گۈزەل دىلبەر،
سېنى سۆيمەك، ساڭا كۆيمەك بېشىمغا بىر بالا بولدى.

تولۇن ئايىم، ۋىسالىڭنىڭ پىداسى، مەھلىياسى مەن،
سېنىڭسىز سۈبھى-كۈندۈزلەر سىياھتەك قاپقارا بولدى.

ئەزىزىم، ئىشق-ساداقەتنىڭ قىياسى نەقەدەر يۈكسەك،
ئايانكى، بىھېساب ئاشىق ھاياتىدىن جۇدا بولدى.

نە بولسۇن قىسمىتىم مەيلى، سېنى چىن سۆيگىنىم-سۆيگەن،

ساڭا چەكسىز ۋاپادارمەن، ساڭا بۇ جان پىدا بولدى.

2

ۋىسالىڭ ئىزدىدىم كۆن-تۈن، بىلەمسەن ئەي گۈلى رەنا،
ۋاپا-مېھرىڭ ھاياتىمغا ئاتا قىلغاي ئۇلۇغ مەنا.

ئەلەملەر كەلسە باشىمغا تۆكۈپ ياش، چەكمىدىم پەرياد،
بۇيۇك ئىشقىڭ بىلەن ئاققاچ تومۇرۇمدا ئەزىم دەريا.

تولۇن ئايدەك جامالىڭنى كۆزۈم ئالدىغا كەلتۈرسەم،
يۈرەكتە ياندى بىر گۈلخان، چۆمۈلدى نۇرغا كەڭ دۇنيا.

ئەلەم-ھىجران تونۇرىدا كۆيۈپ-پىشقان يىگىت تۇرسام،
نېچۈن قىلماي قاقاس چۆلنى سېنى دەپ لالىزار سەينا؟

ناۋادا قوينىغا ئالسا مېنى تەرسا قىيان-تاشقىن،
ئۆزەرمەن خۇددى تاھىردەك سېنى دەپ، ئەي گۈزەل زوھرا!

3

خەۋەر كەلسۇن نىگارىمدىن، دىلىم ياشنار خەۋەر كەلسۇن،
كۆڭۈلدەك ئاق ۋاراقلار ئۆزرە خىسلەتلىك گۆھەر كەلسۇن.

ئەجەبمۇ ئىنتىزار بولدۇم جاۋابىغا سالامىمنىڭ،
ئاناردەك لېۋىدىن رەنجىم ئۈچۈن شىرنە-شېكەر كەلسۇن.

لاچىندەك شوخلىنىپ پەرۋاز ئېتەي ئاسماندا شادلىقتىن،
رەقىبلەر باشىغا مەڭگۈ قۇتۇلماس خەۋپ-خەتەر كەلسۇن.

www.uyghurkitap.com

قىزىل كۆزلۈك رەقىب دەيدۇ:«سېنىڭدىن رىشتى ئۈزگەن ئۇ»،
تىلى كۆيسۈن ئۇ مەلئۇننىڭ، زەھەردىن چىك زەھەر كەلسۇن!

ئىزنى تۇتىيا ئەيلەپ كۆزۈمگە مىڭ قېتىم سۈرتەي،
باھارنىڭ قارلىغىچى ئوخشاش ئۇچۇپ قەلبىم سۆيەر كەلسۇن.

مۇرادىم غۇنچىسى ـ دىلبەر كېلەر بولسا كۈلۈپ خەندان،
چىقاي باشىم بىلەن يۈگۈرۈپ قۇياشلىق تاڭ ـ سەھەر كۈلسۇن.

4

ئايجامال دىلدار، قەسەمياد ئەيلىدىم، يادىڭدا تۇت،
سۆيگۈ ـ مېھرىمنى مېنىڭ سادىق يۈرەك ـ باغرىڭدا تۇت.

زەربىگە بەرگىن چىداش ئۆتكۈنچى ئۈشتۈك پەسلىنىڭ،
شۈبھىدە ھۆسنۈڭگە سايە سالمىسۇن كۈلرەڭ بۇلۇت.

ئاھ دېمە تۈنلەر بىدار، ياش تۆكمە ھەسرەتلىك تىنىپ،
مەڭگۈلۈك ئىشقىڭ بىلەن قەلبىمدە ئۇلغايماقتا ئوت.

بىغۇبار ئىشقىم ـ ئەقىدەم، ئۆزگىگە بەرسەم كۆڭۈل،
يەپ تۈگەتسۇن ئەت ـ جېنىمنى بىر يولى قۇزغۇز ـ قۇرت.

تائەبەت باغۋەن بولۇپ بەخشەندە ئەيلەي قان ـ تەرىم،
گۈل بىلەن سۇمبۇلغا تولسۇن بۇ غېرىپ، ۋەيرانە يۇرت.

ئايجامال دىلدار، ئىشەنگىن، بىر پۈتۈن ئۆمرۈڭگە تەك،
ئاتەشىن قوينۇڭدا بەختىم پارلىغان شېرىن مىنۇت.

**5**

جۇدۇنلار قۇترىدى، ئالەم جاھالەت ئىلكىدە، بىلسەڭ،
ھاياتلىق قەلئەسى ئاھۇ نادامەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

ئەجەبكى، لەۋلىرى چاك ـ چاك قۇدۇق قازغان جاپاكەشنىڭ،
يۈرەك مەلھەم ـ شىپاسى يوق جاراھەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

نەھال بۇ ياقاڭ چىشلەپ ئەسىر بولما خىياللارغا،
ۋەتەنداش، قان ـ قېرىنداشىڭ قىيامەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

گۆھەر ـ دۇردانە ئاچچىق ئىس ـ تۈتەك قوينىدا كۆيمەكتە،
باھار بۇلبۇللىرى تۇتقۇن ـ ئاسارەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

بىناكار ـ قۇرغۇچى پەستە، ئىگىزدە بۇزغۇچى تەلۋە،
بەخت ـ ئامەت خۇشامەتگۈي ھاماقەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

ئىرادەم بازغىنى بىرلە قارا دەرۋازىنى چاقسام،
كۆلەرسەن بىئازار، مەغرۇر پاراغەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

لەھەڭ ـ تىمساھقا كۆن بەرمەس قىيانىدا ئۆرلىگەن پالۋان،
زەپەر ـ بىرلىك، بىلىم ـ ھېكمەت، پاراسەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

ئەلەم ئىسكەنجىسى قەھرىڭ ئوتىدا كۆلگە ئايلانغاي،
دېسەڭ «شۈكرى»، ئۆتەر ئۆمرۈڭ ئامانەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

نېچۈن مىسران قىلىچ ئالماي قولۇمغا، ئەي گۈلى رەنا،
كىشىلىك تەقدىرى مەردلىك، شىجائەت ئىلكىدە، بىلسەڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئانا ناخشىلىرى

## ئەللەي بالام

گۈل ـ چېچەك پەسلى تۇغۇلدۇڭ، ئەي بالام، ئەللەي بالام،
ئۇخلىغىن راھەتلىنىپ ئالغىن ئارام، ئەللەي بالام.

قاپقارا تۈنلەر چېقىپ دەرۋازىمىزنى تەلۋىلەر،
قىلمىغاي ئۇيقۇ ـ ئارامىڭنى ھارام، ئەللەي بالام.

ئەمدى ئايلانماس داداڭنىڭ باشىدا سىم قامچىلار،
قايتا قوزغالماس مېنىڭمۇ قەلب يارام، ئەللەي بالام.

ياڭرىغان نەغمە ـ مۇقام ئۇ، تىنچ ـ ئىناقلىق سازى ئۇ،
بەلكى بولغاندۇ جېدەل ـ جەڭلەر تامام، ئەللەي بالام.

بىز ۋە ئامراق نەسلىمىز بەختى ئۈچۈن مەردانىلەر،
چوڭ سەپەرنى ئىز بېسىپ قىلغاي داۋام، ئەللەي بالام.

## كۆلگىن قوزام

نى ئۇلۇغ شاھلار كېچىپ زەر تاجۇ ـ تەخت، دۇنياسىدىن،
تۈتتى جاي دەرۋىش بولۇپ ھەسرەت ـ پىغان سەھراسىدىن.

ئۆردى ئاھ قان ـ ياش تۆكۈپ پەرزەنت تىلەپ كۆندۈز ـ كېچە:
«ئەي خۇدا، قىلغىن خالاس يېگانىلىق دىشۋارىدىن.»

نوكچا تىكلەپ ئەۋلىيالار قەبرىگە نى ـ نى جۇۋان،

ئۆتتى پەرزەنت ئىشقىدا سايراپ هايات سەيناسىدىن.

ياڭرىغان چاغ «شاھ، سۆيۈنچى!» سازى ئابباس ئالدىدا،
بولمىغانمۇ شاھ ئازاد پەرزەنت غېمى-سەۋداسىدىن؟

شام بولۇپ ئاقماس ئېرىپ قايسى ئانا جانۇ تېنى،
نەسلىنىڭ تاتلىق قىلىق، نۇرلۇق ھۆسن-سىماسىدىن؟

قەدرى-قىممەتلىك ئەمەسمۇ نەسلىنىڭ ھەر كۈلكىسى،
خەيرخاھ شاھى نۇشىرۋانىنىڭ تۈمەن تىللاسىدىن.

يۈرسە پەرزەنت تاڭ سەھەر مەكتەپكە ھەرقانداق ئانا،
كۈلمىگەيمۇ شادلىنىپ ھېكمەتكە زوق-ئىخلاسىدىن.

ھەم سۆيۈنمەمدۇ بىلىم-پەن قەدرىگە يەتكەن ئانا،
شۇ ئەزىز پەرزەنتىنىڭ دەسلەپكى خەت-ئىملاسىدىن؟

بەختىيارلىق ئۈنچىسى تۆكمەيدىغان جان بارمىكىن،
ئۆتسە پەرزەنتى سۈزۈپ گۆھەر بىلىم دەرياسىدىن؟...

ئاھ شۇ كۈنلەر!...
قانچە مىڭ قەلب ئۆرتىنىپ بولدى كاۋاپ،
مىسلىسىز ئاپەتنى تۇغقان يالماۋۇز ئىغۋاسىدىن!

دەيدىكەن ئۆردەك جاھاننى باسسىكەن كەلكۈن-قىيان،
تاپتى كىملەر نەپ-ھايان ئالۋاستىلار ماجىراسىدىن؟

جان دېگەن ئوتياشمىدى ھەر پەسلدە كۆكلەيدىغان،

قالمىدى ئىز بۇ ھاياتنىڭ قىممىتى-مەناسىدىن! ...

ئەي ئەزىز ئوغلۇم، كۆزۈڭ ئاچتىڭ يېڭى دۇنياغا سەن،
ئويغىنىپ گويا بۈيۈك، شانلىق سەپەر ھۇرراسىدىن.

چۆچۈمە، تىنچلان قوزام، ئەمدى ۋەتەن تاپتى خالاس،
نەسلى ئادەمگە كۈشەندە تەلۋىلەر غوۋغاسىدىن.

بىر يولى قوغلانغۇسى كۆڭلى قارا كۆيدۈرگىلەر،
بەختىمىز سورۇنلىرىنىڭ تۆرى ھەم پەگاھىدىن.

ئەل ئامان، يۇرتۇم ئىناق، تىنچ-بەختىيارسەن، جان قوزام،
ئەمدى ئايرىلماس ئانا بەرناسىدىن، زىباسىدىن.

كۈل قوزام، راھەتلىنىپ، كۈلكەڭ-خۇشاللىق نەغمىسى،
جان سۆيۈنسۇن خۇش ئاھاڭ، ئاتەشسىمان مىسراسىدىن.

كۈل قوزام-كۈلگىن قوزام، دەۋرىڭ گۈزەل، بەختىڭ گۈزەل،
ھەم گۈزەل ئىقبالىمىز سۈبھى-سەھەر رەناسىدىن.

## ئىجتىھات قىلسا كىشى

ئەجرىدىن قارلىق دالا-تاغلاردا زەر تاپقاي كىشى،
چوڭ ئىقىن-قاينام ئارا نۇرلۇق گۆھەر تاپقاي كىشى.

ئەجرىسىز ياپماس بىدىشنى تال، ئۈزۈم مۇنچاقلىرى،
تۆكسە تەر چۆللەرگە يانتاقتىن شېكەر تاپقاي كىشى.

كەزسە پەرھادتەك كۆيۈپ ئاتەشتە ھىجران دەشتىنى،

جان كۆيەر شېرىن سۈپەت ماھى-قەمەر تاپقاي كىشى.

ئىجتىھات قىلسا قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش يىڭنىدە،
نۇر-جۇلاسى مەڭگۈلۈك ھېكمەت-ھۈنەر تاپقاي كىشى.

يەن-بىلىم ئەڭگۈشتىرى ئادەم-ھاۋا ئەۋلادىنىڭ،
ئۇ بىلەن نۇرانە يول، نۇسرەت-زەپەر تاپقاي كىشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىسى
www.uyghurkitap.com

# ھېيتگاھ

## مۇقەددىمە

«ئەزىزانە» ئاتالغان بۇ دىيارنىڭ سەن كۆزى، ھېيتگاھ،
سېنى قۇرغان پاراسەتلىك بىناكار خەلق ئۆزى، ھېيتگاھ.

يۈرەكنىڭ يالقۇنى بىرلە پىشۇرسا خىش قىران ئوغلان،
گۈزەل جانانى گۈل چەككەن كېچەيۇ كۈندۈزى، ھېيتگاھ.

«يىپەك يولى» بىلەن داڭقىنىڭ تارالغان بارچە ئەللەرگە،
چاچار شەنىڭگە ھۆرمەت چاچقۇسى ئالەم يۈزى، ھېيتگاھ.

گۇۋاھ تارىخ، ئەسىرلەردىن يۈرەك-باغرىڭنى قان قىلدى،
جاھان ياۋۇزلىرىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ياۋۇزى، ھېيتگاھ.

بۈگۈن نۇرانە ھۆسنۈڭگە تىكىلگەن كۆيچى ئوغلۇڭنىڭ
نېمىشقا ئۇرغۇماس فونتان بولۇپ ۋىجدان سۆزى، ھېيتگاھ.

## نوزۇگۇم قەسىدىسى

«ئەلۋىدا» دەپ ئۆردى ئاھ يارانۇ جانانىم مېنىڭ،
نوزۇگۇم قىلدى خىتاب، بولدى سىماب جانىم مېنىڭ:

ئۆرما ئاھ، سۆرتكىن يېشىڭنى، ئەي ئەزىزانىم مېنىڭ،
سۆرت يېشىڭنى، تىك كۆتەر باشىڭنى، غەمخانىم مېنىڭ.

شۇم رەقىب قاھ-قاھ كۈلەر قان يىغلىساڭ شامۇ سەھەر،

ئەيلسەڭ پەرياد ـ نىدا كۈيگەي يۈرەك قانىم مېنىڭ...

ئانا يۇرت، يادىڭدىدۇ، باغۋەن ئىدىم ئوت مېھرلىك،
بولمىدى تالىق ماڭا گۈلشەندە رەيھانىم مېنىڭ.

سۇ چىقارغان خار ـ گۇناھكار، كوزا چاققان مۆھتەرەم،
دۆ ـ چايان ئىسكەنجىسىدە قالدى ھەر يانىم مېنىڭ.

تۇغدى زورلۇق ئۆچ ـ غەزەپنى، ئۆچ ـ غەزەپ تۇغدى بوران،
سالدى كۆكنى لەرزىگە مەردانە ئىسيانىم مېنىڭ.

قان قىساس ئوقياسىنى ئاتتىم جاھالەت كۆكسىگە،
كۆزگە سۇرتسۇن دەپ يورۇقلۇق ـ نۇرنى دەۋرانىم مېنىڭ.

قانچە زالىم، بىنومۇس ساتقىن چۆكۈپ غەرق بولدىلەر،
قايىنغان ـ تاشقاندا ھەريان قەھرى ئوكيانىم مېنىڭ.

تۈن ـ جاھالەت دىۋىسى قىلدى خىرىس شىددەت بىلەن،
قىپقىزىل قان لەيلىسىگە تولدى مەيدانىم مېنىڭ.

ئەرك سۆيەر شۇڭقار ئىدىم، مەھكەم بوغۇشلاندى قانات،
مەن قەپەستە، زاغۇ قۇزغۇن ئىلكىدە دانىم مېنىڭ.

ياۋ بىشىغا غەم ـ ۋەھىمە سەن بىلەن بىر بولمىقىم،
ئەي دىيارىم، سەن ئەمەسمۇ جانۇ دەرمانىم مېنىڭ.

قوللىرىم زەنجىرگە بەند، بولدۇم راۋان سۈرگۈنگە مەن،
خەير ـ خوش دىلداش ـ قېرىنداش، يارۇ تۇغقانىم مېنىڭ.

قەشقەری مەھمۇد، خاس ھاجىب ئەجرى سىڭگەن پاك ۋەتەن،
خەير-خوش قەلبىم چىراغى خەمسە، دىۋانىم مېنىڭ!..

بەلكى ياۋ مەغرۇر بېشىمنى قىلغۇسى تەندىن جۇدا،
كۆز نۇرۇم ئۆچكەندىمۇ ئۆچمەس مۇراد شامىم مېنىڭ.

ئۇرما ئاھ، مىڭ قەترە ياشتىن زەررە ئوت-ئۇچقۇن ئەزىز،
ئۇشبۇ ئۇچقۇندىن يارالغاي قەھرى گۈلخانىم مېنىڭ.

قەھرى گۈلخانىم زۇلۇم قەلئەسىنى قىلغاندا كۈل،
پارلىغاي، كۈلگەي ئەسىرلىك ئارزۇ چولپانىم مېنىڭ.

خوش ئەزىز يارەنلىرىم، ئاھ ئۇرسا، پەرياد ئەيلىمە،
سەن ئىشەن، چەكسىز ئەمەس بۇ دەردۇ ھىجرانىم مېنىڭ.

نوزۇگۇم قىلدى خىتاب، بولدى سىماب جانىم مېنىڭ،
كەتتى سۈرگۈن سەپلىرى ـ مەردانە كارۋانىم مېنىڭ.

## خەلق نامايىشى

گۆدەكلىك چاغلىرىم قوينۇڭدا كۆردۈم قانچە تەۋرەشنى،
پەلەكنى لەرزىگە سالغان ئۇلۇغ دولقۇننى-ئۆركەشنى.

شۇ دولقۇن قوينىغا ئالغان زۇلۇمدىن باغرى خۇن بولغان،
مۇئەللىم، ياش تەلەپكار، ھۈنەرۋەن، دېھقان جاپاكەشنى.

ئۇلار ئۆزمەكتە شۇ دولقۇن ئارا مەغرۇر غۇلاچ تاشلاپ،
تۈگۈپ مۇشت، يەڭ تۈرۈپ، باغلاپ بېلىنى، قىستۇرۇپ پەشنى.

جاكار قىلماقتا مۇنبەردە، ئەنە، شۇڭقار سۇپەت ئوغلان،
قارا زۇلمەتكە قەھرىدىن چىچىپ ئالەمچە ئاتەشنى.

زىرائەت-مايسا ئۆستۈرسەڭ غۇبارسىز قان بىلەن ياشتا،
جاۋاب ئەيلەڭلار، قانداق ئەجدىھا دەم تارتتى ساپ چەشنى؟!

ياراتساق جەننەتۇل رىزۋان ئانار، ئەنجۈر بىلەن تولغان،
نېچۈن بىزگە نېسىپ ئەتتى زۇلۇم سۇلتانى چۆل-دەشتنى؟

ئىناقسىزلىق ۋە غاپىللىق ـ ئاسارەت سىرتمىقى، دوستلار،
بۈيۈك بىرلىك ـ زەپەر، تارىخ راۋا كۆرمەيدۇ چەتنەشنى.

بۈيۈك بىرلىك ـ قىيان، يوقتۇر ئاڭا بەس كەلگۈدەك توسما،
قىيان قىرغاققا تاشلايدۇ سىيىسق لۆجە، كۆپۈك-لەشنى!...

ئەزىز ھېيتگاھ، كۆرۈپ سانسىز قېتىم باغرىڭدا تەۋرەشنى،
نەقىش ئەتكەن ئەمەسمۇ مەن دىلىمدا ئۇشبۇ ئۈندەشنى؟

## كەلدى

سېنىڭ قوينۇڭدا بىر سۇبھى سائادەت كەپتىرى كەلدى،
جاپا-كۇلپەتتە پىشقانىنىڭ ۋاپادار دىلبىرى كەلدى.

چېلىش تۇلپارىغا مىنگەن، قاۋان-چىلبۆرىنى سۆرگەن،
ئادالەت-ئەرك ئۈچۈن كۆيگەن بۈيۈك ئاۋرال شىرى كەلدى.

تومۇرىدا ئىلى دەريا، سۆزىدە بىباھا مەنا،
ئەرك تەشناسىنىڭ بەرنا، باھادىر رەھبىرى كەلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يولىغا تەلمۈرۈپ بىدار، كۆرۈشتۇق ئاخىرى دىدار،
دېدى خەندان ئۇرۇپ ھېيتگاھ «كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەلدى!»

تۇتۇپ ھۆرمەتتە گۈل ئەنبەر، دېدۇق بىز: مەرھابا، رەھبەر،
ئەجەب چاڭقاق ئىدى قەشقەر، ھاياتلىق كەۋسىرى كەلدى!

شۇ دەم جانلاندى يول-رەستە، چۆمۈلدى نۇرغا بىر پەستە،
دېدۇق بەس-بەستە: قوللارغا چېلىش-جەڭ شەمشىرى كەلدى.

دېدى مۇنبەردە شۇ ئوغلان، مۇبارەك ئىسمى ئەخمەتجان،
كۆتۈرسەك ئەرك ئۈچۈن ئىسيان چايانىنىڭ نەشتىرى كەلدى.

ئىناقلىق قۇدرىتى چەكسىز، ئۇيۇشساق، زىچ بىرىكسەك بىز،
دېگەيمىز ئاخىرى شەكسىز: نىجاتلىق سەھىرى كەلدى.

سۆزى قەلبىمگە ئوت سالدى، بۇ ئوت جىسمىمنى بىر ئالدى،
ئۇنىڭ ھەر سۆز-خىتابىدىن زەپەر ئەڭگۈشتىرى كەلدى.

## جۇدۇنلۇق تۈنلەر

1

سامانى قاپلىغان ئىغۋا ـ ۋەھىمىلىك چوڭ تۇتەك پەردە،
زېمىن-تۇپراق جىغىلدايدۇ، ئەلەم-دىشۋار يۈرەكلەردە.

كامارغا تەلمۈرەر ئاش دەردىدە نىمجان شەھەر ئەھلى،
شىلىمغا ئايلىنىپ ئاق ئۈن بوزۇلدايدۇ چېلەكلەردە.

ئېتىزلار تەختىگە يانتاق-تىكەن ھاكىم-ھۆكۈمراندۇر،

كۆرۈنمەس زەر چېچەك، زۇمرەت خەمەك سۈلغۇن پىلەكلەردە.

بىھوشلۇق دورىسى گويا «كىچىك باتۇر» دېگەن ئۇنۋان،
ئاتار ئاسمانغا مۇشت ـ پەشۋا، قىزىل بەلگە بىلەكلەردە.

ئانا ھېيتگاھ، تەپەككۇر قىل، بۇ ئىشنىڭ كىم جاۋابكارى؟
جىنايەت بارمۇ يا دىتسىز ـ نادان ئۆسمۈر ـ گۆدەكلەردە؟

## 2

ئۇچار ئاتلار چېچىپ قانلار چويۇن مىقلىق تۇياقلاردىن،
چويۇن مىقلىق تۇياقلاردىن، تۆمۈر نەيزە ـ چۇماقلاردىن.

قىزارغان ئاسفالت يوللار گويا قوقان گىلاس بىرلە،
پىغانلىق ياش بىلەن قانلار ئاقار جۈپ ـ جۈپ بۇلاقلاردىن.

بېشىدىن ئۇچسا قانلىق مۇشت ـ چوماق يىرتقۇچ قارا قۇشتەك،
چۈشەر تۇپراققا كۆزنىڭ گۆھىرى ئاجراپ چاناقلاردىن.

ئانا، تارىختا دېھقانلار ساڭا ئاتقانمۇ مۇشت ـ پەشۋا،
ئېتىز رىشتىنى تەرك ئەيلەپ، كېلىپ سەھرا ـ يىراقلاردىن؟

جاۋاب بەرگىن ئانا ھېيتگاھ، جېدەلدىن نەپ ـ ھايان تاپقان،
قارام قاتىل قۇتۇلغايمۇ ئاخىرقى سوت ـ سوراقلاردىن!؟

## 3

قىزىل يانغىن... تۇتاشتى ئوت ئۇلۇغ ئالىم فارابىغا،
ئەزىز ئوغلۇڭ خاس ھاجىب، قەشقەرى مەھمۇد، نەۋائىغا.

www.uyghurkitap.com

ئەنە، شېرىن بىلەن پەرھاد ئاشۇ يانغىندا كۆيمەكتە،
يېتەر كىم لەيلىنىڭ زارى، سەنەمنىڭ قايغۇ-ئاھىغا؟

كۆيەر ئاتەش ئارا بىر جۈپ ۋاپادار رابىيە-سەئىدىن،
بولۇپ ياندىش جاپاكەش كۈيچىسى نازىم نىزارىغا...

ئانا، كۆيگەندە ئوت-يانغىن ئارا دۇردانە-گۆھەرلەر،
دېگەنسەن قانچە مىڭ لەنەت ۋابا-ئاپەت ئىلاھىغا!

دېگەنسەن كۈل قىلىپ بولماس كىشىلىك قەلبىنى ئەسلا،
كىشىلىك قەلب پەرۋانە ۋىسال ئارزۇسى-شامىغا!...

4

«كىيەرىم سەت كۈلاھ-جەندە، پىغان-ھەسرەتكە مەن بەندە،
ئەلەملىك ئۇشبۇ قىسمەتنى ماڭا كىم قىلدى بەخشەندە؟»[①]

شۇ ناخشا خۇددى بىر سەلكىن، يۈرەك گوياكى ياپراقتۇر،
ئۆزۈم نىمجان، ئۇرارمەن ئاھ، جاراھەت-قان پۈتۈن تەندە.

شۇ ناخشا ئاخىرى قوشتى خىرە كۆڭلۈمگە پارلاق نۇر،
زامانغا سوغ نەزەر سالدىم چىدام-تاقەت تۈگەپ مەندە.

بېشىم سېلاپ سۆيۈپ ئىسسىق پېشانەمگە، دېدىڭ ھېتگاھ،
«مۇرادىڭ گۈللىگەي بولسا يىگىتلىك جۈرئىتى سەندە».

---

[①] ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ناخشىسى ئاساسىدا يېزىلدى.

دېدىم: ياۋىڭغا باش ئەگسەم، دېگىن سەن بىنومۇس ھايۋان،
بالام دە جان پىدا قىلسام مۇراد ـ بەختىڭ ئۈچۈن جەڭدە!

## سالام ھېيتگاھ

قولۇم كۆكسۈمدە ھەر سۇبھى ساڭا دەيمەن: سالام ھېيتگاھ،
قۇچاقلايمەن يېقىپ باغرىم مېنىڭ ئامراق ئانام ھېيتگاھ.

سېنىڭ ياقۇت خىشىڭنى تۇتىيا ئەيلەپ كۆزۈم سۈرسەم،
تولۇپ جىسمىم جاسارەتكە، تاپار كۆڭلۈم ئارام، ھېيتگاھ.

ئېسىمدە دەرد ـ جۇدالىق دەشتىگە سۈرگۈن قىلىنغان تۈن،
ئاشۇ تۈندە ئىدى باغرىڭ ئەلەم ـ ھەسرەتكە جام، ھېيتگاھ.

سېنىڭدىن ئايرىلىپ بولدۇم مىسالى بىر ياۋا كەپتەر،
جۇدالىق ئىلكىدە كەتتى قىران ياشلىق ھارام، ھېيتگاھ.

تولۇن يۈزلۈك نىگارىمنى باغاش ئەتمەس ئىدىم مۇنچە،
سېنى سۆيگەچكە ئۇرغۇيدۇ مۇھەببەت ـ ئېھتىرام، ھېيتگاھ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئائىلە ناخشىلىرى

## ئاتا ـ بالا

### 1

ئالقىنىمدا بىر گېزىت، بىر بەت، بالام،
بەتتە زەپ خۇشخۇي، ئوماق سۈرەت، بالام.

ھەممىدىن بەكرەك سۆيۈندۈرگەن مېنى،
سەندىكى ئالتۇن سۈپەت ـ خىسلەت، بالام.

ئۆلگە ـ ئەلاچى سېپىدىن نەچچە يىل
چەتتە قالماپسەن بىرەر نۆۋەت، بالام.

بىر كېسەل ـ پالەچ ساۋاقداش ـ دوستقا سەن،
ياغدۇرۇپسەن يىل بويى شەپقەت، بالام.

ئەپ كېلىپ مەكتەپكە ھەم ئەپ كەتكىچە،
قانچە تارتقانسەن مۇشەققەت ـ دەرد، بالام.

شۇ مۇشەققەت تاغدىن ئۆتمەك ئۈچۈن
بەردى كىم روھىي ئوزۇق ـ رىغبەت، بالام؟

كىمدىن ئۆگەندىڭ ئېسىل خىسلەتنى سەن؟
مەن ئاڭا ئېيتاي تەمەن رەھمەت، بالام!

**2**

گەپ سوراپ قالدىڭ ئەجەب مەندىن، دادا
بارمىدى ئۇستاز بۆلەك سەندىن، دادا؟

دەيدىكەنغۇ كونىلار: ياش نوتىنىڭ
ئاينىشى بىر ياخشى باغۋەندىن، دادا؟

بەھرىمەن ئەتتىڭ مېنىڭدەك نوتىنى
شۇنچە يىللار مېھرى زەمزەمدىن، دادا.

ئۇشبۇ زەمزەم – پاك پەزىلەت شەربىتى
مەڭگۈلۈك جاي ئالدى جان-تەندىن، دادا.

سەن دېدىڭ: نۇرانە خىسلەت – ساپ گۆھەر،
ئىزلە گۆھەرنى بىلىم-پەندىن، دادا.

پەن-بىلىم شەيدالىقى قالدى مىراس
سەن كەبى ھېكمەتنى سۆيگەندىن، دادا.

شىرنە يىغقاچ سەن بىلىم گۈلزارىدىن،
سۆزلىرىڭ شېرىن شېكەر-قەندىن، دادا.

يارۇ دوست، تام قوشنىلار لەززەتلىنەر
ھەر سۆزۈڭ-لەۋزىڭدىكى تەمدىن، دادا.

قوشنىمىز بولغاندا ئۇشتۇمتۇت كېسەل،
سەن خالاس ئەتتىڭغۇ چوڭ غەمدىن، دادا.

www.uyghurkitap.com

شۇ كېچە يەتكۈزگىچە دوختۇرغا سەن،
چۈشتىمۇ جان-جىسمى يەلكەڭدىن، دادا؟

خىسلىتىڭ ئەينەك ئەزىز نەسلىڭ ئۈچۈن،
ساقلىغاي ئۇ بىزنى سەۋەندىن، دادا.

ئۈشبۇ ئەينەك شۈبھىسىز بەرگەي دېرەك،
تەلىيىم رەناسى كۈلگەندىن، دادا.

## قېيىن ئانا-كېلىن

### 1

سىز ئۈچۈن سالدىم يېڭەنداز، ئاق قىزىم،
مەرھەمەت، هاردۇق ئېلىڭ، ئامراق قىزىم.

شامغا ئۇلاپ سۈبھىنى خىزمەت بىلەن،
قايتىسىڭىز ئىشقا سالاي قانداق، قىزىم؟

بولدى، قول سوزماي تۈرۈك پەشتامىغا
مەن ئەمەسمۇ شۇنچە ساغلام-ساق، قىزىم.

مېهرى-شەپقەت ئالىمىدە سىز مېنىڭ
نۇسخىسىز يالغۇز قىزىم سىز، ئاق قىزىم.

كۆڭلىڭىز دەريا ئەزىم دولقۇنلىغان،
جان-دىلىمدۇر ياشنىغان تۇپراق، قىزىم.

نى ئانا بولدى كېلىن ئىسكەنجىدە،

قورۇلۇپ ئاپتاپقا يايغان قاق، قىزىم.

كاج كېلىن، نامېھرىبان، بەتخۇي كېلىن،
قېيىن ئانا بويىنىغا بىر سىرتماق، قىزىم.

سىزنى ئوغلۇمغا نېسىپ ئەتكەن خۇدا،
بىزنى قىلدى گۈل بىلەن ياپراق، قىزىم.

سىز تېمەنكى، شاد-خۇرام ئوغلۇم مېنىڭ،
نەۋرە-چەۋرەم بەختىمۇ پارلاق، قىزىم.

## 2

ئەي ئانا، باغرىم، قەدىردانىم ئانا،
سىردىشىم، دوستۇم، كۆيۈمچانىم ئانا.

ئۆزلىرى شەپقەت-كۆيۈم دۇنياسىنىڭ
تەختىدە شاھى نۇشىرۋانىم، ئانا.

سۇبھى-شام قىلغاچقا پەرۋىش ئۆزلىرى،
ئەتىر چاچتى ئارزۇ رەيھانىم، ئانا.

تۇنجى رەت قىلدىم تەۋەللۇت قوشكېزەك،
قالمىدى جىسمىمدە دەرمانىم، ئانا.

ئايلىنىپ پەرۋانىدەك كۈن-تۈن بىدار،
قايتا جان بەخش ئەتتىلە، جانىم ئانا.

ئاتەشىن ئالقانلىرىدا بولدى ئەي،

شۇ سۆيۈملۈك ئىككى ئوغلانىم، ئانا.

يىگىنە تۇتقان قوللىرىدىن ئۆرگىلەي،
ئەي مېنىڭ ئىشچان، تەلەپچانىم، ئانا!

قوللىرىدا تاپتىلەر پەرۋىش يەنە،
جۇپ قىزىم - نۇرانە چولپانىم، ئانا...

مەن كېلىن، پەرزەنتلىرى ھەمراھى مەن،
ئۇ مېنىڭ مېھرى-ۋاپا كانىم، ئانا.

جۇپ كۆزۈم نەم كۆرمىدى، كۆڭلۈم ئەلەم،
زەررە يوقتۇر ئاھۇ ئەبغانىم، ئانا.

دىل سۆيۈنگەچ شەپقىتىدىن بىر ئۆمۈر،
ياڭرىغاي شوخ كۈلكە-خەندانىم، ئانا.

ئول يۈرەككە پاك سۈپەت بەخش ئەيلىگەن
ئۆزلىرى، ئەي ماھى تابانىم، ئانا.

يوللىرىدا جاننى قۇربان ئەيلىسەم،
يوق مېنىڭ ئەپسۇس-پۇشايمانىم، ئانا.

ئۆزلىرىنى ئىشقا سالسام مەن تۇرۇپ،
ئۆرتىنىپ كۆيمەمدۇ ۋىجدانىم، ئانا؟

ئۆزلىرىگە خاس يېكەنداز قوش قەۋەت،
چىقسىلا، ئەي مېھرى غەمخانىم، ئانا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خونچىلاپ سىنچاي ئۇزاتتىم، ئالسىلا،
ئەي سۆيۈملۈك مەڭگۈ مېھمانىم، ئانا.

ئۆزلىرىنى بىر ئۆمۈر قىلماق رىزا،
مۇددىئايىم، ئارزۇ-ئارمانىم، ئانا.

## «يىگىت»

ئېيتىڭا، پەرزەنتنى سۆيمەمسىز، يىگىت؟
بەختىگە راستتىن كۆيۈنمەمسىز، يىگىت؟

باقسىڭىز ئۆز نەسلىڭىز رۇخسارىغا،
ئاتەشىن ھېسقا چۆمۈلمەمسىز، يىگىت؟

قىلسا چىن ھۆرمەت «ئاتام» دەپ ئارزۇلاپ،
ئىپتىخار ئەيلەپ سۆيۈنمەمسىز، يىگىت؟

كۆردى يازدىن تۇنجى قىز پەرزەنتىمىز
دەل يىگىرمە بەشنى، بىلمەمسىز، يىگىت؟

خۇي-مىجەز، بوي-قەدرى، رەڭ-رۇخسارىدا،
ئېيتىڭا، بارمۇ ئېۋەن، غەمسىز يىگىت؟

بولدى پەرزەنتلىك ئانا تەگتۇشلىرى،
بۇ ئەجەب قىسمەتنى كۆرمەمسىز، يىگىت؟

بىر خېرىدارسىز تېخىچە نەسلىمىز،
نە ئىرۇر ئىللەت، سەۋەب دەمسىز، يىگىت؟

سىز خالاس بولماي «پىيەنچۈك» نامىدىن،
ئېيتىڭا، ئەلچى كۆرەلەمسىز، يىگىت؟

ئۆتمىسە «خان كۆۋرۈكى»دىن ئىنسۇ جىن،
ئار ـ نومۇستا سىزمۇ ئۆلمەمسىز، يىگىت؟

نەسلىمىز بەختىگە زامىن بولسىڭىز،
دەۋزىخى دەۋلۇندا كۆيمەمسىز، يىگىت؟





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەفسە نەزمىلىرى

## «پەنجىگاھ» مۇقەددىمىسى
(ئىقتىباس)

«ساڭا يۈز شۈكرى، يارەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پېقىر مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.»

بوۋام ئافراسىياپ قۇتلۇق ئىزىدىن لالە بەرق ئۇرغان،
مۇقەددەس، پاك زېمىننى ئۆز قۇلۇڭغا تەختىگاھ قىلدىڭ.

كۆڭۈل مۈلكىنى غاپىللىق غۇبارىدىن خالاس ئەيلەپ،
جاپا ئەھلى كويىدا شام-سەھەر بىدار، ئاگاھ قىلدىڭ.

مەگەر شاھ بولسا شىر-يولۋاس بولۇر تايغانمۇ يولۋاستەك،
گويا بىر ئارسلانىڭنى بۇ ئەلگە رەھنەما قىلدىڭ.

ئەقىل نۇرى مۇنەۋۋەرلەر يېقىلماس تۈۋرۈكى تەختىنىڭ،
ئەقىل-ئىمانى كامىلنى سىپاھۇ ئەھلى جاھ قىلدىڭ.

ئوغۇزخانۇ سۇتۇق بۇغرا تەۋەررۈك بارىگاھ ئەتكەن
زېمىننى راھىتى جانىڭ ئارامگاھ، سەيلىگاھ قىلدىڭ.

ئارامگاھىم ئارا سۆيگەن كۈيۈمنى راك، بايات، ئىراق،
ناۋا، سىگاھ، ئەجەم، ئۇشاق، چەببىيات، چارىگاھ قىلدىڭ.

بىدارى مەن سەھەر-ئاخشام، ئۈزۈلمەس دىل سىرىم ـ ناخشام،

كۆڭۈل ئەسرارىغا ئۆزھال، مۇشاۋىرەكنى گۇۋاھ قىلدىڭ.

يۈرەكتە غايىبانە نۇر، قولۇمدا دىلكىشىم تەمبۇر،
شاھىنشاھىمغا بەخش ئەتكەن كۈيۈمنى پەنجىگاھ قىلدىڭ.

«نەفسى، قىل دۇئا كۈن-تۈن خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.»

## ئەپۇ ئەيلەڭ

ئەپۇ ئەيلەڭ ئۇلۇغ شاھىم، گۆدەكلىك، بىئەقىللىقنى،
تونالماي قاپتىمەن سىزدەك كۆيۈمچان، مېھرى ئىللىقنى.

«تىكەن» دەپ ساپتىمەن بىلمەي قىزىل گۈل مەھلىياسىنى،
ئۆگەتتى قايسى شەيتان بۇ كەبى تىل، بەد پېئىللىقنى؟

تىكىلسە مېھرىلىك جۈپ كۆز «سۈيى زەن» دەپتىمەن، يارەب،
قويۇپتۇ كىم مېنىڭدەك بىر نادانغا مۇنچە زىللىقنى؟

ھاياتبەخش نۇر چېچىپ تۇرسا سەدەبىنىڭ قويىنىدا گۆھەر،
بىلەلمەي قاپتىمەن، قانداق يۇياي ئۇشبۇ خىجىللىقنى؟

كۆڭۈل ئاسمانىدىن يىتسۇن تۇمانى بۇ خىجىللىقنىڭ،
خۇدايىم بىزگە بەخش ئەتسۇن ئۆمۈرۋايەت ئىجىللىقنى.

## بەدنام

«ئوتۇنچى» دەر ئىمىش بىر كىم ئاتامدەك غەمگۇزارىمنى،
جۇدۇن-چاپقۇنغا بەرداشلىق مېنىڭ روھىي چىنارىمنى.

ھەقىقەت نەيزىسى ئوخشاش ئېگىلمەي تۇرسا تىك، مەغرۇر،
ئۆسەك ئىسكەنجىگە ئالغان بۇ ئۆتكۈر زۇلپىقارىمنى.

دېگەن ئۇ: جۈت-تۇمان ئالتۇن قۇياش رۇخسارىنى توستى،
تاۋاپ ئەيلەي ھەسەتگاھتىن كېتىپ ئۆز يۇرت-دىيارىمنى.

«ئوتتۇنچى» بولسا ئۇ بەرھەق كۆڭۈل ئاستانىسى نۇرسىز،
قولۇمغا كىممۇ تۇتقۇزغاي ئىدى تەمبۇر-ساتارىمنى؟

پاراسەت مەشئىلىدىن نۇر تۆكۈپ كۆڭلۈمگە قانداقمۇ،
سۈزۈك تاڭدەك گۈزەل ئەتكەي ئىدى بەختىم-باھارىمنى؟

## ئايرىلماسناملار

تەشەككۈر ئەيلىگىن ئەلنىڭ بۈيۈك غەمخورى سۇلتانغا،
مادار-دەرمان ئاتا قىلدى مۇرۇۋۋەت-مېھرى ھەر جانغا.

مۇقامنىڭ كۈيلىرى ھەرئان چېچىلغان بىھېساب ئۇچقۇن،
ئۇنىڭ بەھرىدە ئايلاندى ئۇلۇغۋار ئوتقا-گۈلخانغا.

نەسىللەردىن نەسىللەرگە مىراس بۇ سوۋغىنىڭ قەدرى
زامان ئۆتكەنچە يۈكسەلگەي پايانسىز كۆككە-ئاسمانغا.

ئۆتۈپ قەرنە-ئەسىر، بەلكى، چىقار تەييارغا ھەييارلار،
نەسىللەر، بەرمىگىن پۇرسەت مۇغەمبەر تۈلكە-شەيتانغا!

مۇبارەك نامى باغلانغان مۇقامنىڭ شاھ ئېتى بىرلە،
بۇ ناملار تەڭ چۈمۈلگەي مىڭ-تۈمەنمىڭ يىل شەرەپ-شانغا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# كۈنچىقىشقا سەپەر

## مۇقەددىمە

پولات دۇلدۇل تىنىم تاپماي ئېتەر پەرۋاز يىراقلارغا،
سەپەرلەر بەھرىدىن چۆمدۈم ئەزىم دەريا ـ بۇلاقلارغا.
ئەزىم دەريا ـ بۇلاقلاردىن چېچىلغان مەرۋايىت چەشمە
تىزىلدى جەۋھىرى ئىلھام بولۇپ ئاپئاق ۋاراقلارغا.

## پولات دۇلدۇل

پولات دۇلدۇل ئۇچار تىنماي سەھەر ـ ئاخشام، قىشىن ـ يازى،
قاناتلىق شاھى ـ سۇمۇرغنى قويار تەڭلىكتە پەرۋازى.

تولۇن ئايلىق كېچە ئۇچسا بېيجىڭدىن سەددىچىن بويلاپ،
قۇمۇل بوستانىغا يەتكەي سەھەر ـ سۈبھىدە ئاۋازى.

ئەجەب دۇلدۇلكى، مىڭ دۇلدۇل قۇۋۋەت ـ دەرمانى بار تەندە،
جاھاننى قانچە ئاختۇرساڭ تېپىلماس نۇسخە ـ ئەندازى.

بېيجىڭدىن تەڭرىتاغ ـ تارىمغىچە قالۇن سىمى ئوخشاش
سېلىنغان قوش قەۋەت رېلىس ـ بۈيۈك ھۆرمەت پايانىدازى.

ئۇچار بېيجىڭ تامان دۇلدۇل سەپەرداش ـ يار بولۇپ بىرگە،
پەلەككە ياگرىتىپ ھەرئان بۈيۈك غەلىبە ـ زەپەر سازى.

زەپەر سازى جاراڭلاتقان كارامەت ئاشۇ دۇلدۇلنىڭ
پۈتۈن ئىچ ـ باغرىدا ئالتۇن، گۆھەر، نېفىت ـ نېفىت گازى.

شۇ دۇلدۇلنىڭ كۆكسىدە لەۋھە، بېشىدا تاجى شۆھرەتنىڭ،
ئۇ قانچە تېز، راۋان ئۇچسا قىزىل ئاستانە مىڭ رازى.

## مەدەنىي مىراس پىدائىيلىرى

(چىن شىخۇاڭ قورچاق لەشكەرلەر سارىيىنى زىيارەت)

كۆمۈلگەن سەپمۇ سەپ لەشكەر-ئەمىر ھەيكەللىرى سانسىز،
تىلى بارمايدۇ ئادەمنىڭ دېيىشكە جانۇ دەرمانسىز.

ئۇچار دۇلدۇل كەبى ئاتلار، يۈگەنلەر زەر-كۈمۈش بەلكى،
ئۈنى مىنگەندۇ شاھ-نەۋكەر، ئۇرۇشقاق بەگلەر ئارمانسىز.

تۈمەن ئەپسۇسكى، مىڭ پارە بولۇپتۇ قانچىلاپ ھەيكەل،
ئەسىرلەر ئۆتمىگەچ گۈلدۈرماما-چاقماق ۋە توپانسىز.

بىرى باشسىز، ئۇنى پۇتسىز، يۈزى قولسىز، قۇلاقسىز ھەم،
يېتىپتۇ زار بولۇپ ھەقدا يولىغا غەلۋە-چۇقانسىز.

ئۆتۈپ تارىخىي بىر دەۋران — ئەجەب قىسمەتكە يار جەريان،
مىراس ھەقدالىرى كەپتۇ جاكارسىز — شاھى پەرمانسىز.

تۈزەلسۇن، ئەسلىگە كەلسۇن باھاسىز بۇ مىراس قانداق؟
بۇلاردەك قوللىرى ئەپچىل پىدائىي قىز ۋە ئوغلانسىز؟

يۈرەك، بۆرەك كۆچۈرگەندەك تەلەپچان مويسىپىت دوختۇر،
سالار ئەسۋاب پىدائىيلار ئاۋايلاپ قىلچە نۇقسانسىز.

ئۇلار دەيدۇ: ئۇلۇغ ئەجداد مىراسىنى ئەزىز بىلمەس

www.uyghurkitap.com

نادان مىللەت، نادان ئەۋلاد ئۆتەر مەڭگۇ شەرەپ-شانسىز!

## مۇزىيى تەسراتلىرى

### تامغا

تەپەككۇر ئەھلى-ئاقىل شاھ قولىدا شام-چىراغ، تامغا،
شىجائەتسىز ھاماقەت ئالدىدا ئۆتمەس پىچاق، تامغا.
رەھىمسىز تاش يۈرەك زالىم، قاراقچى ئىلكىگە ئۆتسە،
تۈمەن مىليون جاپاكەش باشىغا قانلىق چوماق، تامغا.

### ئىسرىق سالغۇچىلار

ئۆزىنى قايسى شاھ بىلدى ئاۋامنىڭ يارى-ھەمراھى،
كېزەر سۇمۇرغ بولۇپ ئالەم ئۇنىڭ پاك روھى-ئەرۋاھى.
بىراۋ سەجدە قىلۇر ئىكرام بىلەن ئىسرىق سېلىپ جۈپ-جۈپ،
يۈرەكتە باردۇ كىملەرگە تەشەككۇر، قاغىشى، ئاھى؟

### ھارۋا

ئاجايىپ ھارۋىكەش، ئايھات، كۈمۈش-ئالتۇنىمدۇ چاقى؟
ھۇزۇر سۈرگەن شاھىنشاھقا جاھان بولماپتىغۇ باقى!
ئۆتەيلى ئەجرىمىزدىن تەۋرىمەس، كۆچمەس مۇنار تىكلەپ،
بۇلاقتەك قايىنىسۇن ئىلھام، تۈزۈكرەك قۇيغىنا، ساقى!

### كاۋاپدان

باھاسىز مول مىراس ئىچرە كۆزۈم چۈشتى كاۋاپدانغا،
ئەسىرلەردىن ئۆتۈپ ھالقىپ يېتىپ كەپتۇ بۇ دەۋرانغا.
ھايات رىشتى كاۋاپ بىرلە تۇتاشقان بىر قەدىم مىللەت
مىراسى شۇ قەدەر زىننەت بېرىپتۇ بۇ گۆھەر كانغا.

## يەنئەن دەرياسى

قىران پەسلىم سېنى كۆرمەي ئەجەب كۉيلەپتىمەن، يەنخې،
بولۇپ بىر چاڭقىغان قۇش سەن تامان ئۆرلەپتىمەن يەنخې.

كۆرۉپ نامۇ نىشانىڭنى تۉمەن جەڭنامە-داستاندىن،
هاياتبەخش قايىنىمىڭدا مىڭ چۆكۉپ-ئۆرلەپتىمەن، يەنخې.

ئەسىر قىلغان ئىكەن بىلسەم، سېھىرلىك بىر غۇۋا تۇيغۇ،
ساناقسىز شام-سەھەرىمنى پىدا ئەيلەپتىمەن، يەنخې.

تىنىمسىز ئۆرلىسە پەرۋاز زامان تۇلپارى يۉكسەككە،
سېنىڭ هەم شاۋقۇنۇڭ يەتتى پەلەككە دەپتىمەن، يەنخې.

نېسىپ بولدى دېسە كۆرمەك بۉگۉن ۋەسلى دىدارىڭنى،
هاياجاندا جىمى جىسمىم بىلەن تەۋرەپتىمەن، يەنخې.

ئۇڭۇمۇ يا چۉشۉمۇ، ئاھ، تۇرۇپسەن قاغجىراپ-چاڭقاپ،
سېنىڭ مۇنداق بولارىڭنى ئەجەب بىلمەپتىمەن، يەنخې!

## لەخمە

ئەنە، ئالدىمدا ياڭ جيالىڭ زەبەردەس، قەددى-قامەتلىك
قېزىلغان باغرىدا مەزمۇت-يېقىلماس گەمىلەر رەتلىك.
دېدىم خاس گەمىدە ئەينەن كۆرۉپمەن يان ئىشىك، لەخمە،
ئۆلۉمدىن قورقمىغان داھى نېمانچە پەم-پاراسەتلىك!

## دېھقان بوۋاي

تىزىلغان شۇنچە ئابىدە داۋانلارغا، ئېگىز دۆڭگە،

تۇرۇپتۇ دۆڭدە دېھقان چال بېشىدا كونا بىر لۆڭگە.
چۈشەيلى بىللە سۈرەتكە، دېدى، مىڭ تەستە قوزغالدى،
باقالماي ئاھ ئەجەب بولدۇم ياداڭغۇ بۇ چىراي-ئۆڭگە.

## رىكشىكەش

گۇگۇم پەيتى، باقار تەشنا-تەقەززالىق بىلەن يولغا،
چىراي-تۇرقى ئوخشايدۇ ئورۇق قىرچاڭغۇ دۇلدۇلغا.
داۋان-دۆڭلەر ئېشىپ ھارغان بىدەرمان رىكشىكەش ئاخىر،
دېدى يەڭگىل تىنىپ بىر ئۇھ قاراپ ئالقاندىكى پۇلغا.

## لۇگۇچياۋ

ئەنە، ئاستىمدا لۇگۇچياۋ، كۆز ئالدىمدا ئايان تارىخ،
تەۋەررۈك بىر قېرى تارىخ، ھاياتبەخش نەۋقىران تارىخ.

نىجاتلىق ئىزدىگەن مىليون يۈرەكنى ئەيلىگەن زەرداپ،
جىمى ۋاراق-قۇرى، ھەتتا چېكىت-پەشلىرى قان تارىخ.

ئادەمزات ئەركىنلىك گۇستاخ، ھاياسىز دۈشمىنى ھەرئان،
ياسايدۇ مىڭ ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن يالغان-يامان تارىخ.

گۈرۈچتىن ئىلغىۋەتكەندەك قارا كۈمەك، شېغىللارنى،
ئاتار ئويدۇرما-يالغاننى يىراقلارغا ھامان تارىخ.

كىشەن-زەنجىرگە بوي بەرمەس غۇرۇرلۇق، قەھرىمان مىللەت،
ياراتقان پاك قېنى بىرلە پەخىرلىك، قەھرىمان تارىخ!

## دالیەن کەپتری

تۇمەن قەلئەدە یوق بىر هال، تىكىلدىم لال بولۇپ يەرگە،
يېشىل دۇردۇنغا، مەخمەلگە چېچىلغان ئۇنچە-گۆھەرگە.

گۆھەر-ئۇنچە ئەمەس ئەسلا، پېقىر سەپسالدى، ئاگلاگلار،
يېشىل چىملىق ئارا غەمسىز-بىئازار شۇنچە كەپتەرگە.

راۋا كۆرمەيدىكەن كۆز-قارنى توق پۇقراسى دالیەنىنىڭ،
قەپەس-قىلتاقنى كەپتەردەك مۇلايىم يارۇ دىلبەرگە.

بوۋايلار دەيدۇ: جان نەۋرەم، يېقىن دوست-هەمراهىڭ كەپتەر،
مۆهۈر ئويماقتىدۇر گويا سەبىي دىل-روهىي مەرمەرگە.

ئۇچار جانۋارغا ئەرك-هۆرلۈك، بىئازار تىنچ هايات بەرگەن،
بۇ يۇرت ئەهلى ئۇچۇن پۈتتۈم تەشەككۇرنامە دەپتەرگە.

## پەخرلىك ئاخشام

ئېچىلدى سەهنىدە بىر گۈل - گۈزەل خانتەگرى زىباسى،
يۈرەككە سالدى بىر ئاتەش كەرەشمە-نازى، سىماسى.

تەبەسسۇم ئەيلىسە كۆكلەم قۇياشىدەك كۈلۈپ-پارلاپ،
گويا گۈلباغقا ئايلانماي كۆگۈلنىڭ دەشتى-سەهراسى.

جىمى جۈپ-جۈپ قاناتلىقلار ئۈنىڭ پەرۋازىدىن هەيران،
تەئەججۈپ ئەيلىگەي ئاۋازىدىن كۆي-ناخشا دۇنياسى.

چاۋاكلاردىن گويا هاسىل ئۇلۇغ گۈلدۈرماما-چاقماق،

تومۇرلار يامرىغان ـ تاشقان قىيانلىق سۆيگۈ دەرياسى.

چۆمۈلسە شۇنچە شۆھرەتكە مۇبارەك سەنئىتىم ـ پەخرىم،
ھاياجان قوينىغا چۆممەس نېمىشقا زارى ـ تەشناسى؟

## تونۇش پۇراقلار

گۈزەل دالىيەن، يېشىل قىرغاق، نەزەر سالدىم يىراقلارغا،
قەيەردىندۇ تونۇش بىر ھىد يېتىپ كەلدى دىماغلارغا.

دېدى دالىيەن پەرىزاتى: تەئەججۇپ ئەيلىمەڭ مېھمان،
زېمىن ـ ئاسمانغا ئەنبەردەك چېچىلغان خۇش پۇراقلارغا.

ئىپار ـ ئەنبەر چېچىپ تۇرغان «كاۋاپ» ئاتلىق بۇ مەلھەمنى،
بۇيۇك خانتەڭرى ئەۋلادى ئېلىپ كەلگەن بۇياقلارغا.

ئاتا قىلدى ھاياتىي كۈچ كاۋاپدان رەستە ـ يوللارغا،
ھېرىسمەن بىز بۇ مەلھەمنى ياراتقان ئوت ـ پىراقلارغا.

كاۋاپتۇر راھىتى جانىنىڭ، ئەمىرى دورا ـ دەرمەكنىڭ،
ئۇ بەرگەي نۇر ـ ھارارەتلەر خىرەلەشكەن چىراغلارغا.

## سېھىرلىك كېچە

قاراڭغۇ تۈن... كۈمۈش سىملار ئارا شاھانە ساز كەلدى،
يۈرەكنى ئويغىتىپ «سىرداش بولايمۇ؟» دەپ ئاۋاز كەلدى.

زەبەردەس، تەن دۈرۈس بىر ئەر دېسۇن قانداقمۇ «ھاجەتسىز»؟

جاۋابىم سەلكىنى ئىچرە ئاجايىپ جىلۋە-ناز كەلدى.

پېقىر ئەردى ئەلەم-ھىجران چۆلىدە چاڭقىغان كارۋان،
تۇتۇپ جۇپ قولدا ئالتۇن جام تەبىبە دىلنەۋاز كەلدى.

ھاياتلىق كۆكسىدە نەشتەر ئۇراتتى جۇت-جۇدۇن سىرتتا،
مېنىڭ خانەمگە گويا نۇر-قۇياشلىق ئەتىياز كەلدى.

نە بولغاي ئاتمىسا تاڭلار ئاران تاپقاندا دىلبەرنى،
تۇمەن ئەپسۇسكى، مۇنداق پەيت پېقىرگە بەكمۇ ئاز كەلدى.

## مويسىپىت سەپەرداش

سەپەرداش مويسىپىت كەتكەن نىشان ئەيلەپ بازار-رەستە،
قۇياش پاتتى، دېرەكسىز ئۇ، كۆڭۈل تەشۋىشتە، ۋەسۋەستە.

«ئېزىپ نەلەردە يۈرگەندۇ، نېچۇن قىسمەتلەر كۆرگەندۇ،
قەدەم تاشلار ئىدى زىققا تۇپەيلى تەستە-مىڭ تەستە...»

كۆرۈندى مويسىپىت كۆزگە، كىرىشتۇق بارچىمىز سۆزگە،
گويا بوستاندا سانسىز قۇش ۋىچىرلاپ كەتتى بەس-بەستە.

دېدى ئۇ مۆھتەرەم سەبداش: جاۋاب ئەيلەڭلار، يارەنلەر،
سۆيۈملۈك نەسلىنى كىممۇ دەقىقە تۇتمىسۇن ئەستە؟

ئۇلار سوۋغامنى بىر كۆرسە، سۆيۈنسە، يايرىسا-كۈلسە،
جىمى جەبىر-جاپا ئەستىن چىقىپ كەتمەمدۇ بىر پەستە؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## بىباھا چەتمەن

بىباھا چەتمەن، تىۋىت، مەشۇت ـ يىپەكلەرگە بىباھا چەتمەن،
ئىپسىل قۇندۇز ياقا، گارمۇن ئىتەكلەرگە بىباھا چەتمەن.

سىنىڭ قەلبىڭگە باغلانغان مىنىڭ قەلبىم ئۆمۈرۋايەت،
گۆھەر كۆز زەنجىرى ئالتۇن يۈرەكلەرگە بىباھا چەتمەن.

سىنىڭ تەن ساقلىقىڭ، مىھرىڭ ـ ئەقىدەڭ ـ بايلىقىم، بەختىم،
گۈزەل شاھانە ئالتۇن تاج ـ جىيەكلەرگە بىباھا چەتمەن.

مىنىڭ راھەت ـ ئارامىمدۇر سىنىڭ ئوتلۇق سۆزۈڭ ـ لەۋزىڭ،
ئۆزۈڭ بار، شىرنە ـ شەربەت، قەنت ـ گىزەكلەرگە بىباھا چەتمەن.

پۈتۈن ئۆمرۈمدە بىر كەپتۇ بۇ پۇرسەت، سەيلە قىل، ئوينا،
ساڭا ھاجەت ئىرۇرمەنكى، بىزەكلەرگە بىباھا چەتمەن.

## ئالتۇن نۇر

ئۇچار دۇلدۇل، كۆكۈلنىڭ زەر قانات شۇڭقارى تېز ئاندىن،
جاھاندا بارمۇ، كىم بىلسۇن، ئېغىرراق نەرسە ھىجراندىن؟

بولۇپ كەتسۇن سەپەر ـ سەيلە كۆڭۈللۈك قانچىلىك مەيلى،
ئۆتەركەن قىز ـ ئوغۇل، مەھبۇب، رەپىق تەشنالىقى جاندىن.

بىتاقەت ـ سەۋرسىز دەيمىز: «نىمانچە ئاستا بۇ پويىز،
ئارامسىز تاغ ـ داۋان ئاتلاپ كىتىپ قالغاندۇ دەرماندىن؟»

«قۇمۇل» دەپ ياڭرىدى سىگنال، يۈرەكلەر كەتتى تىپچەكلەپ،


جىمى جان لەرزىگە كەلدى گويا بىر سېھرىي ۋولقاندىن.

ئورۇن بەردى جۇدۇنلۇق كۈز تۈنى كۆكلەم سەھەرىگە،
ئەنە بەرق ئۇردى ئالتۇن نۇر تۇغۇلغان يۇرت قەدىردانىدىن!

## خاتىمە

سامانىڭ پەيزىنى بىلمەس پەلەكتە پەر قېقىپ باقماي،
ئېقىن دەريا ھۇزۇرىنى بىلەر كىممۇ ئېقىپ باقماي.
ھاياتلىق رىزقىنىڭ نەرقى-باھاسىغا يېتەر كىم بار،
سۆيۈملۈك نازىنىن دىلبەر لېۋىگە لەۋ يېقىپ باقماي.
يېتىپ بولغايمۇ تەكتىگە تۇمەن سېھرىي كارامەتنىڭ،
ئىرادە بەلۋېغى باغلاپ سەپەر قەنتى چېقىپ باقماي.

1997-يىل نويابىردىن 1998-يىل يانۋارغىچە
شىئەن، يەنئەن، بېيجىڭ، داليەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەلتەنەتلىك دەرسخانا

## مۇقەددىمە

ئېتەلمەس بۇ قەدەر شەيدا مېنى ھەرقانچە توي ـ نەزمە ،
كۆڭۈلنى مەھلىيا ئەتتى بۈيۈك تارىخىي كۈرگەزمە .
كېزىپ ئۆتتۈم گويا مەنمۇ ئاشۇ جەڭگاھنى سەككىز يىل ،
تۆكۈلدى مىسلى يامغۇردەك كۆڭۈل ئاسمانىدىن نەزمە .

## تۈگۈلگەن مۇشت

جاھان تەۋرەيدۇ مۇستەھكەم تۈگۈلسە نەچچە مىليون مۇشت ،
ئۆزىنى بىلمىگەن تەلۋە بۇ مۇشتلار ئالدىدا بىھوش .
جاكار ئەيلەيدۇ مەرد پالۋان : ئاچايلى يول قىزىل قاندىن ،
پىچاق يەتكەندە كۆكرەككە نە ھاجەت تەۋرىنىش ـ قورقۇش !

## چوڭ قىرغىن

1

خىيال قىلغانىمىكىن مەلئۇن بۇ مىللەتنى يۈرەكسىز دەپ ،
جاپا سەھراسىدا يەككە ـ يېگانە ، يار ـ يۆلەكسىز دەپ .
قىرىپ ھەريان ، كۆمۈپ ھەرئان تۈرۈپ ـ چامغۇرنى كۆمگەندەك ،
بىراقلا يوق قىلىش مۇمكىن جاھاندىن ئىز ـ دېرەكسىز دەپ ؟ !

2

تىلىنى كەستى نەس جاللات «زېمىن بىزنىڭ !» دېسە كىمكى ،
ئۆزى سۆيگەن زېمىنغا جان تەسەددۇق ئەيلىسە كىمكى ;
كۆزىنى ئويدى ئادەملىك نەزەر بىرلە تىكىلگەنىنىڭ ،
ئەزىز تەندىن جۇدا قىلدى بېشىنى ئەگمىسە كىمكى !

## يېقىلغان جەڭچى

ۋەتەن شەيداسى بىر ئوغلان، ئەنە، ئاستا يېقىلماقتا،
گويا تەۋرەپ زېمىن-ئاسمان، قىزىل چاقماق چېقىلماقتا.
ئاداققى دەمدە ئۇ تەشنا تىكىلدى ئالغا ـ جەڭگاھقا،
ئەنە، ياۋ تەختى-بەختىگە ئۇلۇغ ئوتلار يېقىلماقتا.

## كۆزى ئوچۇق مېيىت

ئېچىلغان كۆز... گويا ئۇ ئەل-ۋەتەن بەختىنى كۆرمەكتە،
قۇياشتەك پارلىغان-كۈلگەن گۈزەل ئەتىنى كۆرمەكتە.
گويا ئۇ جان پىدا قىلغان مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا،
ئۆزى سۆيگەن، سېغىنغان سەلتەنەت تەختىنى كۆرمەكتە.

## شانلىق سەپەر

ئۆلۈمدىن ئۈركۈتۈپ بولماس ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئەلنى،
ئۆمۈرلۈك باغلىغان تۇرسا نىجاتلىق-ئەرك ئۈچۈن بەلنى.
ئۈزۈلمەس-توختىماس كارۋان كۆز ئالدىمدا ئايان ئەتتى،
تۇغان-توسقۇنغا بوي بەرمەس كارامەت زور قىيان-سەلنى.

## ۋەتەن بايرىقى

غەزەپلىك تولغىنار ناپاك تاپان ئاستىدا پاك تۇپراق،
غۇۋا ئاسماندا جەۋلان ئېتەر يېگانە بىر بايراق.
بۇ بايراق ـ پەخرى مىللەتنىڭ، سىمۋولى غەلىبە، شۆھرەتنىڭ
پەلەككە تىكىلگەن قايسى پىدائىي، قايسى چاغ قانداق؟

## ئەۋلاد

بىرى جان بەرسە تىك تۇردى تۈمەنمىڭ ئىزباسار ئەۋلاد،

سوراق ئەيلەپ ياۋۇزلارنى ئېگىز دارغا ئاسار ئەۋلاد.
جاپاكەش باغرىدەك چاڭقاپ يېرىلغان ئانا تۇپراقتا،
غۇبارسىز قان-تەرى بىرلە ئېسىل گۈلباغ ياسار ئەۋلاد.

## تۇتقۇن سوراقچى

كىشەن-زەنجىرگە بەند مەھبۇس، قوراللىق سوتچى-تەرگەۋچى،
ئۇ چەت-بۇ چەتتە شۈمشەيگەن ھاياسىز غالچا-ھاۋ-ھاۋچى.
تەكەببۇر سوتچىلار گويا قاۋان-چىلبۆرىدۇر ھالسىز،
قىران تۇتقۇن ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ تۇرغان جەسۇر ئوۋچى.

## گۆدەك مەھبۇس

نېمىشقا بۇ قەپەستە، ئەي گۆدەك-يۇمران گىياھ سەنمۇ؟
ئۇلار ئالدىدا قىلغانتىڭ نېمانچە چوڭ گۇناھ سەنمۇ؟
گۇناھىڭ شۇكى، مۆلدۈرلەپ تۇرار بىر جۈپ كۆزۈڭ، ئوغلان،
دېمەك، قانلىق رېئاللىققا ھەقىقىي بىر گۇۋاھ سەنمۇ!

## يېتىم قىزچاق

ئاناڭ ئۆلگەنگە يىغلامسەن، داداڭ ئۆلگەنگىمۇ، قىزچاق؟
تۇغۇلغان، يايرىغان ئىللىق ئۆيۈڭ كۆيگەنگىمۇ، قىزچاق؟
سەۋر قىلغىن، جۇدا بولساڭ ۋەتەندىن نە قىلۇر ئەردىڭ؟
يېتىملىكتىن تۈمەنمىڭ قات ئېغىر بولماسمىدى دەردىڭ؟

## لەخمە ئۇرۇشى

ئۆگەنمەك شەرت سۈرۈپ-قوغلاش، قېچىشنى ھەم مۆكۈنمەكنى،
گېزى كەلگەندە ياۋ-دۈشمەن يۈرەك-باغرىدا ئۈنمەكنى.
سېنى پايلاپ مۆكۈپ ياتسا قاۋان چىشلىق قەبىھ جاللات،

دېسۇن مەردانىلىك كىممۇ يۈگەنسىز ئاتقا مىنمەكنى!

## بىر بەندە

ئانا ئەل ياۋى ئالدىدا ھىجايدى-كۆلدى بىر بەندە،
ئۈمۈرتقا-ئۇستىخان يوقتەك ئېگىلدى ئەۋرىشىم تەندە.
ئانا ئەل بەختى-ئىقبالى قۇياشتەك پارلىغان دەملەر،
چۈشەر نە ھالغا، جان دوستلار، بۇنىڭدەك رەزگى-شەرمەندە؟

## قورچاقلار

«ئاتە!» دەپ بولغۇچە ئاتتى ۋەتەن شەيداسىنى قورچاق،
قەپەزگە سالدى نۇرلۇق تاڭ، باھار تەشناسىنى قورچاق.
بۇلۇڭ-پۇچقاقتا قاخشايدۇ قىلالماي خۇش خوجايىننى،
بېرىپ ئۇستەك نىگارى ھەم سەبىي زىباسىنى قورچاق.

## بەل يەشكەنلەر

كۆتۈردى غەلىبە جامىنى ۋەتەن دەپ جاننى تىككەنلەر،
بۇ يولدا جان بىلەن تەندەك ئۇيۇشقان-زىچ بىرىككەنلەر.
ئۇلۇغۋار غەلىبە جامىغا ئۇزاتسۇن قولنى قانداقمۇ،
داۋانلىق يولدا بەل يەشكەن ـ ئۇزاق يولدىن زېرىككەنلەر؟

## تىلەمچىلەر

قاقاقلايدۇ قىساسىنىڭ تاشىدا خەنجەر بىلەشكەنلەر،
سەپەرداش يارىنى سۆيگەن، قەدىرلەشكەن، يۆلەشكەنلەر.
«تېرىقتەك بۇ جېنىم نەگە سىغار؟» دەپ ئاھۇ زار ئەيلەر،
ۋەتەن-ئەل ياۋىدىن ئېھسان، ئەمەل-ئۇنۋان تىلەشكەنلەر!

## رېستوراندا تۆكۆلگەن ئاچچىق ياش

### ئىست، قان ـ تەر!

ئەجەب ئازادە ـ كۆركەم زال، نەقىش ـ زىننەتتە يېگانە،
تورۇس، ئاسمانىدا سانسىز گۆھەر يۇلتۇزلار نۇرانە.

كۆمۈلگەن داستىخانلار مول مەئىشەت، نازۇ نېمەتكە،
زىياپەت بولمىغاي بەلكى بۇنىڭدەك كاتتا ـ شاھانە.

شىرە ئۈستىدە جەم بوپتۇ پەلەكتە ياپرىغان ـ ئۇچقان،
دېڭىزدا بەھۇزۇر ئۈزگەن ماھارەت ئەھلى دوستانە...

تۈمەن ئەپسۇس، ئېغىز يوقتۇر يېمەككە، ئاھ ئېغىز يوقتۇر،
تۆكۈلسە كىم قويالايدۇ قېنى كىمگە جەرىمانە؟

ئىست، ئاشقان ـ تۆكۈلگەن ئاش، ئىست قان ـ تەر، ئەجىر ـ مېھنەت!
بۇ ھالدىن ئەجنەبىيلەرمۇ ئەجەب ھەيرانە ـ ھەيرانە.

نېمانچە چوڭچىلىق بىزگە؟ نېمانچە كىبرى ـ مەغرۇرلۇق،
بۇ قىلمىش بىزنى قىلماسمۇ ھامان ۋەيرانە ـ ۋەيرانە؟

جاھانغا پاتمىغان نى ـ نى كۆرەڭ باي، كاتتا زاتلارمۇ
بولۇپ كەتكەن شۇ ۋەجىدىن گاداي، سەۋدايى دىۋانە.

«ئەزەلدىن قەدرىگە يەتمەك ئۇدۇمغۇ بىزگە ئاش ـ ناننىڭ»
دېدىم كۆزدىن تۆكۈپ ئىسراپ تائام ئۈستىگە دۇردانە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## لەززەتسىز نېمەت

ئەجەب ئازادە-كۆركەم زال، نەقىش-زىننەتتە يېگانە،
زىياپەت-بەزمە بولغايمۇ بۇنىڭدەك كاتتا-شاھانە؟

ئۈرۈلسا توقمىقى دۇمباق جىغىلدايدۇ تورۇس-تاملار،
بوران زەربىدە چايقالغان دېڭىز گوياكى بۇ خانە.

يۈرەكلەر خۇددى مەي تولغان ئىدىشتە لەيلىگەن ئالما،
«خوشە-خوش!-دەيدۇ سازەندە،-قېنى، توۋلايلى مەردانە!»

جاراڭلىق باشلىنار ناخشا، گويا ئاسمان گۈرۈلدەيدۇ:
«ئەزەلدىن بىر ئىدىم، بولدۇم سېنىڭ دەردىڭدە مىڭ دانە».

ئەسەر يوق ھېسسىيات-مۇڭدىن، ئەسەر يوق بەھرە بىرلىكتىن،
بىرى قەشقەرگە سۆرەيدۇ، بىرى كۆزلەيدۇ پەرغانە.

ھايالىق كۆكسى رەققاسىنىڭ ئوچۇقتۇر، كىندىكى ھەتتا،
قۇيۇندەك پىرقىراپ-تاقلاپ قىلۇرلەر غەيرىي جەۋلانە...

تۇمەن ئەپسۇسكى، ئاڭلاشقا، كۆرۈشكە كۆز-قۇلاق يوقتۇر،
بۇ يەڭلىغ «روھىي نېمەت»كە بولۇپتۇ كىممۇ مەستانە؟

يېقىملىق كۈي-ناۋا مەلھەم-شىپاھ، ئەكسىنچىسى ئوغا،
جاھاندا كىم بۇ ھېكمەتنى دېسۇن قانداقمۇ ئەپسانە؟

مۇھەببەتلىك نەزەر سالساق كۆمۈلمەس ئىزغا، تارىخقا،
تۇمەنلەر ئەيلىگەن جانىنى بۇ يول-مەنزىلگە ئىئانە.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭنىڭ قەدرىنى بىلگىن سۆيۈملۈك كۈيچى، سازەندە،
كۈتەر سەندىن نېمە سەنئەتخۇمار ئەل، ئەھلى دەۋرانە؟

## ئاھ، ئىسراپ هايات!

يېزىپتۇ «ۋاقتى سائەت تۆت» تىلى سايرايدۇ سائەتنىڭ،
ئۆتۈپ دەل ئالتىدىن تارى ئۈزۈلدى سەۋرى-تاقەتنىڭ.

دېگەنكەن ئەۋلىيا ئەجداد: «قۇرۇق چايدىن كاچات ياخشى»،
بۇ ھېكمەت بەلكى ئۆتكەندۇ دىلىدىن ھەر بىتاقەتنىڭ.

ئۆتەر ئالتۇن-گۆھەر دەملەر، يەنە شۇ چاغ، قۇرۇق ئەسنەك،
نېچۇن يېمەس دىلى ئازار ئەزىز مېھمان-جامائەتنىڭ؟

دېگەن پۇرسەتتە بىز كەلدۇق، جاۋاب ئەيلەڭلار، ساھىبخان،
جاۋابى شۇمۇ بىز قىلغان بۇيۈك ئىخلاس-ساداقەتنىڭ؟

خەۋەر بەرگەنىمدى تەشرىپ قەدەمدىن ياكى شاھ-خانىش،
كويىدا چوت سوقامسىز يا سېھىرلىك نەپ-تاپاۋەتنىڭ؟...

ئېچىلدى داستىخان ئاخىر، تۇرۇپتۇ جەۋھىرى تەييار
ھاياتلىق ئالمى ئۆزرە جىمى جانلىق، زىرائەتنىڭ.

يوقالغان ئەھلى سورۇننىڭ قەيەرگە ئىشتىھا-زوقى،
نېچۈن چاقمايدۇ قەنتنى بۇ نېمەت، بۇ ھالاۋەتنىڭ؟

سەۋەب: «كەچكى غىزايىڭنى رەقىب-ياۋىڭغا بەر، نەسلىم،»-
دېگەن ئەجداد-ئۇ مەنبەسى تۈمەن خىل رەنج-جاراھەتنىڭ.

ئۇلارنىڭ جۇملىسىدىندۇر سېمىزلىك، قەنت كېسەل، زىققا...
قاراپ باق، پۇتمىسەڭ دەستۇرىغا مىللىي تېبابەتنىڭ».

ۋاقىت ئىسراپ-ھايات ئىسراپ، غىزا - ئەل ئەمگىكى ئىسراپ،
ئەمەسمۇ بۇ يولى ئالەم بىزارى دۆت-ھاماقەتنىڭ؟

يەنە بىز قانچە قىينايمىز جاھاندىن ئەتىۋا جاننى،
كىشەن-زەنجىرىدە مۇنداق يارامسىز ئەسكى ئادەتنىڭ؟

ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمەك قېتىلسا نە بولۇر قايتا،
قاتارىغا گۈزەل ئەخلاق-ئەدەپ، ئىنسان، دىيانەتنىڭ؟

## ئارام ۋە ھارام

يېقىملىق سازى بۇ توينىڭ جېنىمغا زەپ ئارام بولدى،
ئەزىز مېھمان، قېرىنداش، دوست-بۇرادەر شاد-خورام بولدى.

ئېچىلدى ئارزۇ رەناسى سۆيۈملۈك نەۋقىرانىمنىڭ،
بىلىملىك، پاك-دىيانەتلىك پەرى ئامراق بالام بولدى.

ئىچىمدە بىر ئەزىم دەريا سالار ئاسمان-پەلەك شاۋقۇن،
يېگەن زاغرام ناۋات، ئىچكەن سۇيۇم شەربەت-قىيام بولدى.

ھاياجانلىق بېقىپ ھەريان ساقال سىيپاپ غۇرۇر بىرلە،
دېدىم: مىڭ شۈكرى، بىر قەرزىم چىرايلىقچە تامام بولدى...

تۇمەن ئەپسۇسكى، باشلاندى سۇرەن-چوقان ئالا-تاغىل،
ئارام تاپقان جېنىم قايتا سىقىلدى، بىئارام بولدى.

نىمانچە غەيرىي قىلمىش بۇ؟ لىباسى ئاق پەرىشتەنىڭ
توساتتىن سەتلىشىپ، سۇرمە ئېلىنغان خالتا ـ خام بولدى.

ئىست، ئاپئاق لىباس، ئاپئاق بەدەنلەر مەيدە بۇلغانغان!
گويا ئالتۇن قۇياشلىق تاڭ ـ سەھەر بىردەمدە شام بولدى.

ئوگۇممۇ يا چۈشۈممۇ، خۇش ئىپارنى سۇردى بىر بەتبۇي،
مانا، بىر پەستە پاك ئارزۇ، ھالال ئەجرىم ھارام بولدى!

## تۆھپىكار سورۇن

مۇھەببەتلىك نەزەر سالسام ئازادە رېستورانلارغا،
ئۇچار كۆڭلۇم قۇشى مەندىن سوراقسىز ئۇ زامانلارغا.

ئىست كۈنلەر، ئۇزاق تۈنلەر كامارغا تەلمۈرۈپ ئۆتكەن،
قەلەندەردەك تاۋاق تەگلەپ، بويۇنداپ داشقازانلارغا.

تېگىشكەن بىز ئەمەسمۇ شۇ ئېچىرقاش زەربىدىن، دوستلار،
باھاسىز زەرنى، گۆھەرنى كېپەككە، زاغرا نانلارغا؟

ئۇ كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە، ئېچىپ ـ يەپ كەچكىچە، سەمرىپ،
بېسىم قىلماق نەھاجەتتۇر بۇ جانغا، ئاشقازانلارغا؟...

دېمەڭلار رېستوران «تەنها غىزا سەيناسى»، يارەنلەر،
ئۇ ـ سەھنە، رول ئېلىپ يەتكەي تۈمەنلەر يول، نىشانلارغا.

بىرىككەن مەنىۋى لەززەت غىزانىڭ لەززىتى بىرلە،
بېغىشلار قوش ھۇزۇر جەننەت ھۇزۇر ـ بەھرىنى جانلارغا.

يەنە ئۇ سورۇنى سۆيگۈ-ۋاپا، دوستلۇق، ئىناقلىقنىڭ،
يوچۇقمۇ يوق ئەمەس غەيرىي تاپاۋەت، نەپ-ھايانلارغا.

خرىس ئىسكەنجىدە تۇرسا ئېسىل مىللىي خاراكتېر-روھ،
دېمەيمىز نە ئۈچۈن «ھاي-ھاي!» يوسۇن بىلمەس نادانلارغا؟

قەلەمدە تۆكتى ئاچچىق ياش ئۇزاق تۈنلەردە تەشنائى،
ئۇرايلى بىللە سەپ قامچا يامان قىلمىش-يامانلارغا!

2002-يىل نويابىر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇيغۇر دارۋازلىرى

## سۆز بېشى

ئۆتتۈپتۇ بۇ ئانا يۇرتىنىڭ تۈمەنىمىڭ قەھرىتان ـ يازى،
جاھانسىز بەخش ئېتىپ دەرمان چويۇن كولدۇرما ئاۋازى،
تىنىمسىز ياڭرىسا چەكسىز دالالاردا مۇقام سازى،
پايانسىز ئەرشىدە غەيۇر قىران بۈركۈتلەر پەرۋازى،
قىران بۈركۈت ئەمەس، ئالتۇن قانات جانبازى ـ دارۋازى.

## ئەجەب

ئۆتتى داڭلىق سەيلىگاھ ـ سەنشيادا قالتىس ياز ئەجەب،
ياڭرىدى ئاسمان ـ پەلەك ئۇيغۇرچە نەغمە ـ ساز ئەجەب.
مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان جۈپ كۆز نەزەر سالماقتا تەڭ،
بارچە تىلدا «مىڭ ياشا، ئادىل» دېگەن ئاۋاز ئەجەب.
راۋۇرۇس تەڭشەكنى تۇتقان بۇ زەبەردەس نەۋقىران،
ئەرش ـ مۇئەللەق قوينىدا ۋاھ، ئەيلىدى پەرۋاز ئەجەب.
ئاستىدا چاڭجياڭ گويا ئۇ مىسلىسىز چوڭ ئەجدىھا،
تەۋرىنىپ يا ئەيمىنىپ قالمايدۇ ياش دارۋاز ئەجەب.
ئۆتتى ئاخىر پىلسىراتتىن، قىلدى تەزىم ئۈچ بوغۇز...
تاڭ قېلىپ ئالەم دېدى:«ئۇيغۇر ئىكەن جانباز ئەجەب!»

## شېھىت جانباز

ھەركىشىنىڭ تاللىغان ـ ياقتۇرغىنى باشقا ئەجەب،
بەخش ئېتىپتۇ بىر ھەۋەس، بىر ئۇتنى ھەر ياشقا ئەجەب.
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن مەردانە جانباز خىسلىتى ـ

غايىبانە ئوت يېقىپتۇ بىر قەلەمقاشقا ئەجەب.
دەپتۇ: «جانبازلىق تامام مەنسۇپمۇ ئەرلەرگە، ئاداش،
بىزدە يوق جۇرئەت ـ ئىرادە بەلنى باغلاشقا ئەجەب؟!»
ئۇچتى جەۋلان قىلدۇرۇپ قۇندۇز چېچىنى ئەرش ئارا،
ئىپتىخار، ئىلھام بېغىشلاپ قان ـ قېرىنداشقا ئەجەب.
مېھرىگۈل ـ ئىسمى، باشئەگىم باغرىدا جىسمى ئۇنىڭ،
شۇ ئىسىم چوڭقۇر ئۇيۇلدى مەڭگۈلۈك تاشقا ئەجەب.

## ئەرش مەلىكىسى

لەرزىگە سالدى يۈرەكنى مەڭگۈتاش بەرگەن سادا،
ئېيتتى قانچە ئايجامال پەرى «بۇ يولغا جان پىدا!
جەبرى، ئاپەت تاغلىرىنى ئەل قىلىپ ـ باش ئەگدۈرۈپ،
پاك شېھىتلەر ئارزۇ ـ ئارمانىنى ئەيلەيمىز ئادا...»
بەردى شۇنداق پاك قەسەم جانباز پەرى ئاينۇر ھەسەن،
«بول ئامان، قۇچقىن شەرەپ ـ شان» دەيدۇ مەرد، پالۋان دادا.
مويسىپىت «ئۇلۇغ ئاتا» ناملىق ئۇلۇغۋار چوققىلار،
كەل قىزىم، يول ئاچ زەپەرگە، ـ دەيدۇ، ـ ئالەم ئالدىدا.
ئەللىك ئىككى دەل مىنۇتتا مىڭ غۇلاچ ئارقان بېسىپ،
بىر سەھىپە ئاچتى بۇ دۇنياۋى قامۇس بابىدا.

## كارامەت

ۋاھ، ئەجەب ھال: كۆكتە خانە، ئاستىدا زۇمرەت دېڭىز،
بىر زەبەردەس نوچى جانباز ئەرش تامان تاشلايدۇ ئىز.

سىم ئەمەس، گوياكى ئۇ مەشرەپ ـ مۇقام سەيناسىدا،
بولمىغاي بۇنداق كارامەت ئادىمىي دۇنياسىدا.

لەرزىنگە كەلمەكتە ئەرش قەلئەسى ياڭراق سازىدىن،
پاك غۇرۇر، ئەركەكچە روھ ياغماقتا كۈي-ئاۋازىدىن.

ئۇردى گاھ زەخمەك راۋابقا، چۈشتى گاھ شادىيانىغا.
ئايمۇ بولدى ئۇ قەدەم قويغانىغا يۈكسەك خانىغا.

«يەكگۈچى ئابلەت ئۆزۈم» دەپ مەيدىنىسگە مۇشتلىغان،
ئالدى ئاخىر ئەل ئارا ئالىي شەرەپ قوش-قوشلىغان.



# شائىر قەلبى

## كۆيچى بولساڭ

ئوقۇپ بەرسەم كېچە يازغان شېئىرىمنى،
قوزغالمىدى سەندە ئىسسىق ھاياجان.
بىر مەيۈسلۈك قۇچتى خۇرسەن دىلىمنى،
(مەن بۇ ھالنى كۈتمەس ئىدىم، ئانىجان!)

ـ تەنتەك قوزام، ـ دېدىڭ سىلاپ بېشىمنى، ـ
كۆيچى بولساڭ ئەل تىلىغا يېقىن بول.
ھەر قۇرۇڭدا يانسۇن ئېلىڭ ئارزۇسى،
ئەلنىڭ يۈرەك تومۇرىدا ئېقىن بول.

بولغىن يىراق رەڭلىك، پۈچەك قۇرلاردىن،
ساددا سۆزلەپ مېغىز تۆككىن تىلىڭدىن.
شېئىرىڭ شۇ چاغ قۇمغا سىڭگەن تامچىدەك،
دىلغا سىڭەر، مەنمۇ رازى سېنىڭدىن.

1962 ـ يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قۇچاقلا، ئۇ ــ سېنىڭ داداڭ!

(ئانا ئاغزىدىن)

1

كۆلۈپ كىردىڭ... ئۆگۈڭ ئۆچتى،
تۇرۇپ قالدىڭ، بالام، مەڭدەپ.
قارا، ئالدىڭدا تۇرغان كىم،
ئېچىپ باغرىنى قول تەگلەپ؟

بالام، كىم ئۇ، كۆزىدىن ئوت ـ
تومۇز تەپتى يېنىپ تۇرغان؟
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن شۇدەم
پۈتۈن جىسمى ئېرىپ تۇرغان؟

داداڭ شۇ، قوي يېتىرقاشنى،
گىرە سال بويىنىغا ئوغلۇم!
دادا!... دەپ ۋارقىرا ئۈنلۈك،
ئۆزۈڭ ئات قويىنىغا ئوغلۇم!

ئۇنىڭ ئوك مەگزىگە سۆيگىن،
پۈتۈن مېھرىڭ بىلەن سۆيگىن.
ئۇنىڭ سول مەگزىگە سۆيگىن،
يۈرەك ـ قەلبىڭ بىلەن سۆيگىن.

داداڭ شۇ، قوي يېتىرقاشنى،
قۇچاقلا بۇ گۆھەر تاشنى.
ئۇنىڭ باغرىغا تۆك ئەمدى،

خۇشاللىق ـ قايغۇلۇق ياشنى!

2

ئاشۇ يادنامە، سۈرەتكە،
قاراپ سۈردۈڭ خىيال، ئوغلۇم.
پەرەز قىلسام، كېزەر ئۆسمۈر
دىلىڭدا بىر سوئال، ئوغلۇم.

جاۋاب بەر، سەن ئىدىڭ قانداق
ئېمىزگە شورىغان چاغدا؟
ئاشۇ ئەپتىڭگە ئوخشامسەن
گالىستۇك تاقىغان چاغدا؟

ھاياتلىق بوگۈن كۆردۈڭ،
داداڭنى تۇنجى رەت، ئوغلۇم.
ئۇنىڭ ياشلىق گۇۋاھىدۇر
كۆزۈڭ تىككەن سۈرەت، ئوغلۇم.

بوگۈن ئەپتى ـ ئىسكەتى
سۈرەتكە ئوخشىماس راستىن.
ئاسانمۇ ئون قارا قىشنى،
قەپەستە ئۆتكۈزۈش باشتىن؟

ئەزىزىم تۇرمىغىن مۇنداق،
گۇمان ـ شۈبھە بىلەن مەگدەپ.
تۇرامسەن يا قېنى ـ نەدە،
ئۇنىڭ مەگزىدىكى مەڭ دەپ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىغا شۇ ئېغىر يىللار،
قىلىپتۇ قار ـ قىرو تارتۇق.
ياۋۇزلۇق خەنجىرى ساپتۇ
قارا مەڭ ئورنىغا تارتۇق.

چاناقلارغا پېتىپ كەتكەن،
كۆزىدىن قورقما، ئەيمەنمە.
سۆڭەككە چاپلىشىپ كەتكەن،
يۈزىدىن قورقما، ئەيمەنمە.

دادىڭ شۇ، ئات ئۆزۈك، ئوغلۇم،
قۇچاقلاپ ئېيت سۆزۈڭ، ئوغلۇم!

3

سېزىكلىك چاغلىرىم... باشقا
جۇدالىق مۆلدۈرى ياغدى.
ئاتاڭ تاشلاندى زىندانغا،
بۇ ھىجراندىن يۈرەك ئاغدى.

تۇغۇلدۇڭ، ئەي ئەزىز ئوغلۇم،
ھۇقۇشلار ھۇۋلىغان تۈندە.
جەھەننەم ئوتلىرى بۇ جان ـ
تېنىمنى قورۇغان تۈندە.

چىرايىمغا بېقىپ ئىللىق،
كۈلۈپ ـ يىغلاپ ئەمەك بولدۇڭ.
ئەلەملىك تۈندە يار ـ سىرداش،
يېقىن ھەمراھ ـ يۆلەك بولدۇڭ.

ساڭا مەن ھەر قېتىم باقسام،
ئەلەم كۆزدىن يىراق بولدى.
سېنىڭ ئىشقىڭ، مېھىر-رىشتىڭ،
ھاياتىمدا چىراغ بولدى.

«دادا-داد-دا» دېسەڭ، ئوغلۇم،
كۆزۈمدىن ئاقتى قانلىق ياش.
داداڭنىڭ لەۋزى ھەم مېھرىڭ
ماڭا بەردى چىدام-بەرداش.

«دادام كىم؟» دەپ سوراپ قالدىڭ،
ئاشۇ سۈرەتنى كۆرسەتتىم.
«دادام نەدە؟» قىلالماي سۆز،
ئەلەملىك تولغىنىپ كەتتىم.

دېدىڭ بىر كۈن: ئانا، سۆزلە،
دادام قىلغان جىنايەتنى.
دېدىم: ئوغلۇم، داداڭ سۆيگەن،
ئەقىلنىڭ نۇرى - ھېكمەتنى.

بېرەي دەپ بال-ھەسەل ئەلگە،
يۇرەككە شىرنە يىغقان ئۇ.
ئىجادىي بەيگىدە دۇلدۇل
مىنىپ مەيدانغا چىققان ئۇ.

ھامان ئايرىلمىغان سېركول،
قەلەم، رەڭلىك قېرىنداشتىن.
ساناقسىز تۈننى ئۆتكۈزگەن،

سىزىق-چىرتيۇژ سىزىپ باشتىن.

ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى، بەختى،
داداڭنىڭ شۆھرىتى، ئوغلۇم.
گۇناھى ئەل ئۈچۈن تۆككەن
ھالال تەر-مېھنىتى، ئوغلۇم...

دېدىڭ:«ئاھ، نىم بولاتتىم شۇ
دادامنى بىر كۆرۈپ ئالسام.
قولۇمنى بويىنىغا تاشلاپ،
تۈمەنمىگنى سۆيۈپ ئالسام».

سۆيۈملۈك پارتىيە بىزگە،
ئاتا قىلدى ۋىسال پەسلى.
ۋىسال قەنتىنى چاق ھىجران-
تۈنىنىڭ يادىكار نەسلى.

داداڭ شۇ، قوي يېتىرقاشنى،
قۇچاقلا بۇ گۆھەر تاشنى!

1978-يىل ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆت ناخشا

(پېشقەدەم ئوقۇتقۇچۇم مۇھەممەت رېھىمنىڭ شۇ
ناملىق غەزەللىرىگە مۇخەممەس)

1

«ئىسىت، ئەپسۇس!» دېمەس كەلسە بېشىغا ھەر بالا ئاشىق،
ۋىسال ئەييامىنى كۆزلەپ كېزەر چۆل-كەربالا ئاشىق،
چېپىپ تاغ، ئەيلىگەي قان-تەر ئىزىدىن باغ بىنا ئاشىق،
مېنىڭ قەلبىمدە كۆپ ناخشا، جۇنۇنمەن ناخشىغا ئاشىق،
ۋۇجۇدۇم بىرلە «كارۋان ناخشىسى»غا مەھلىيا-ئاشىق.

كەمەك ئەييار يېغىنگدا ئۈز جىگەر-باغرىڭنى قورۇيدۇ،
ھالال ئەجرىڭ ھوسۇلىنى قاقاس چۆللەرگە سورۇيدۇ،
باھادىر قەلبىدىن قانلىق قىساس ـ جەڭ سازى ئۇرغۇيدۇ،
شۇڭا ھەر ئاڭلىغان دەمدە دىلىم ئېكرانى يورۇيدۇ،
كۆرۈنگەي ئۇندا چوڭ كارۋان سەپەرگە جان پىدا ئاشىق.

قىزىل يۇلغۇن چېچەكلەر چاچقۇسى چاچماقتا ئوت-سولدا،
نە خىسلەت باركى تالماس جۇپ قانات تۇلپاردا، دۇلدۇلدا،
نۇرى زۇلمەتكە دەھشەت يوللىغان ئالماس قىلىچ قولدا،
كېتىپ بارماقتا مەنزىلگە قىزىل تۇغلۇق قوشۇن يولدا،
كۆرۈندى شۇ ئۇلۇغ سەپتە مېنىڭدەك بىناۋا ئاشىق.

ئۆمۈرنىڭ قىممىتى يوقسەك، مۇھەببەت قىممىتى ئاندىن،
ۋىسال يولى ئېچىلغاي مىڭ مۇشەققەت، دەردۇ ھىجراندىن،
ۋىسال پەسلىگە كىم يەتكەي قاچان كەچمەي ئەزىز جاندىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يولدا قانچە كارۋانلار ئۆتتۇشتى ئىز سېلىپ قاندىن،
نىگارى ۋەسلىگە يەتمەي، تاپالماي باشپاناھ ئاشىق.

بوۋايلار «يول ئازابى ـ گۆر ئازابى» دەپ ماقال قاتقان،
ۋەلېكىن «گۆر ئازابى»دىن ئەمەس بىر دەممۇ باش تارتقان
سەۋەبكى، بىر بۈيۈك ئارمان يۈكىنى يەلكىگە ئارتقان؛
ئۆتتۇشتى يەنە بۇ يولدىن خالايىق قەھرىگە پاتقان،
ستەمكار پادىشاھ ـ خاقان، جاھانساز ئەنبىيا، ئاشىق.

ئۇلۇغ ئەجداد ئۈمىدىنى يۈرەك ـ قەلبىدە چىڭ ساقلاپ،
قارا تۈن كۆكسىنى يارغان قىزىل چاقماق كەبى چاقناپ،
جاھاندىن ئۆتتى نى مەردلەر كىشىلىك بۇرچىنى ئاقلاپ،
ماگا بۇ ناخشا ھەر نۆۋەت قېرى تارىخنى ۋاراقلاپ،
«كۆرۈپ قوي، ـ دەيدۇ، ـ ئەجدادىڭ كۈرەشكە شۇنچىلا ئاشىق!»

كۈپايە تۈتى قۇشقا زەر قەپەس ئىچرە كۈمۈش قونداق،
دېمەس باغلاقتىكى تايغان بولۇپ قالدىم ئەجەب مۇنداق،
قاۋان، تايغانغا يەم بولغاي بۆلۈنگەي قوي، يېتىم ئوغلاق،
«ھۈرەر ئىتلار، يۈرەر كارۋان»، سەپەر مەنتىقىسى شۇنداق،
ئىزىدىن قايتمىغاي باسقان ۋەتەنگە دىلرەبا ئاشىق.

## 2

بۈيۈك خانتەڭرى باغرى مىڭ بېھىشتىن ئەتىۋار باغچە،
غەزەللەر ھەر گىياھ ـ ياپراق لېۋىدە ئوينىغان تامچە،
«ئانارگۈل»، «لەيلى»، «ئاسىيگۈل»... بۇ «گۈللەر» ساندۇر قانچە،
مېنىڭ قەلبىمدە كۆپ ناخشا دېڭىزدەك چايقىلار شۇنچە،
«ئانا ئارزۇسى»نىڭ مەۋجى چاچار قىرغاققا زەر ئۈنچە.

تولۇن ئايلىق كېچە بۇلبۇلگويا كۈيلەيدۇ بۇ كۈيىنى،
چېچەك ئاتەش تىلىدىن دىلرەبا كۈيلەيدۇ بۇ كۈيىنى،
كىشلىك ئالىمىگە باشپاناھ كۈيلەيدۇ بۇ كۈيىنى،
ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن تولغان ئانا كۈيلەيدۇ بۇ كۈيىنى،
ئەزىز پەرزەنتىمۇ ئىزھار قىلالماس مېھرىنى مۇنچە.

جاھاندا مىڭ تۈمەن تاتلىق، جىمىدىن تاتلىقى پەرزەنت،
نەسلىسىز ئۆي گۆرىستاندۇر، كۆڭۈل ئاۋاتلىقى پەرزەنت،
گۈزەللىك بابىدا بەرنا، گۈزەل، سۇمباتلىقى پەرزەنت،
ئۈنىڭ پۈتكۈل خىيالى، قايغۇسى ھەم شادلىقى پەرزەنت،
ئانا مېھرى ھۇزۇرىدا قۇياشنىڭ تەپتى ئۇچقۇنچە.

جۇدۇن كەزگەندىمۇ يۇرتنى ئانا مېھرى گۈلى سۇلماس،
ئامانكى ياش كۆچەت، باغۋەن دىلىغا غەم چېگى قونماس،
نەسىللەر كۈلكىسىدىن ساز ـ يېقىملىق خۇش ناۋا بولماس،
رۇجەكتىن چۈشسە ئاي نۇرى قاراپ پەرزەنتىگە تويماس،
قاراڭغۇ تۈندە قول بىرلە سىيلايدۇ كۆڭلى تىنغۇچە.

كېلەچەك سۆيگۈسى ـ ئىشقى ئانا قەلبىگە كۈچ ـ دەرمان،
كۈتەر ھەقداسىنى تەشنا داۋانلىق يولدا چوڭ كارۋان،
يېڭى ئەۋلاد بىلەن ئۆسكەي قوشۇنىنىڭ قۇدرىتى چەندان،
بېرىپ ئاق سۈت، تۆكۈپ قان ـ تەر قاتارغا قوشسا نە ئارمان،
بىلىنگەي بىر ئۆمۈر تارتقان جاپاسى شۇندا بىر كۈنچە.

ئانا قابىل، ئانا ئادىل، سېخىي، ھىممەتتە تەڭداشسىز،
ئانا ئاقىل ۋە دانادۇر بىلىم ـ ھېكمەتتە تەڭداشسىز،
ئانا قەدرى توسۇپ بولماس قىيان قۇدرەتتە تەڭداشسىز،
ئانا مېھرى ئەجەب ئىللىق قەدىر ـ قىممەتتە تەڭداشسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق شۇ مۇھەببەتكە چۆمۈلگەي تاكى سولغۇنچە.

گۆدەكلىكتىن بولۇپ ئۆستۈم مۇقام-ئەلنەغمىگە ئاشنا،
ۋە ھەتتا قىلمىدىم سۆبھى-سەھەرلەر ناخشىسىز ناشتا،
«بېلىق دەريادا ئۇسسۇز»دۇر، يەنە مەن ناخشىغا تەشنا.
ئانا تەسۋىرىگە يەتمەس بۇنىڭدەك مىڭلىغان ناخشا،
تىزالمايمەن ئاڭا لايىق قەلەمدىن دەستە گۈل-غۇنچە.

### 3

«بۈيۈك خانتەڭرى كۈي-ناخشا، ئۇسسۇلنىڭ كانى، تىنماي قاز!»
ئانام ئېيتقان بۇ سۆزنى يادىكار ئەيلەپ تەۋەررۈك ساز،
سەھەر-ئاخشام ئۇرۇپ زەخمەك تىنىمسىز ناخشا ئېيتسام ئاز،
مېنىڭ قەلبىمدە كۆپ ناخشا ياشايدۇ زوق بېرىپ قىش-ياز،
ئۇنىڭ بىرسى يۈرەكتىن ئۇرغىغان كۈي —«مېھرىبان ئۇستاز».

يېتىشكەندەك گۈرىستاندىن مۇقام باغى — غەزەللىككە،
يېتىشكەندەك قېلىن چاققاق-تىكەنلىكتىن ھەسەللىككە،
ئېرىشكەندەك ۋىسالىنىڭ نەۋباھارى ئاي مەسەللىككە،
قاچان ئاڭلانسا شۇ ناخشا مېنى ئۈندەپ گۈزەللىككە،
خىيالىم كەپتىرى ئىرپان بېغىغا قىلىدۇ پەرۋاز.

ئەنە ئۇن يىل!... جاھالەت تەختىدە چەكسىز زۇلۇم-كۈلپەت،
قىزىل تونلۇق شاياتون ئالدىدا مەردانە بىر قامەت،
ئۇنىڭ ھەر سۆز-خىتابىدا بۈيۈك ھېكمەت، ئەقىل، قۇدرەت،
گويا بۇ ناخشا رەسسامدەك سىزار قەلبىمگە بىر سۈرەت،
كۆز ئالدىمدا بولۇر پەيدا ماتانەتلىك ئۇلۇغ ئوبراز.

ئۆزۈمنى قاتمۇقات توسقۇن-توساق ئىسكەنجىدە سەزسەم،

ئەقىل ئاستانىسىدىن بىر ياۋا كەپتەر كەبى تەزسەم،
ۋە يا جۇرئەت تىغى بىرلە سىپھىر زەنجىرىنى ئۈزسەم،
كىتاب كۆرسەم، پىكىر قىلسام، ئىجاد سەھراسىنى كەزسەم،
يېنىمدا شۇ ئۇلۇغ ئوبراز تۇرار دائىم بولۇپ ھەمراز.

بوۋاقلىقتىن قەدەم قويدۇم قىرانلىق دەۋرىگە ئەمدى،
لېۋىم ياقتىم بىلىم ئاتلىق نىگارىم لېۋىگە ئەمدى،
پۈتۈن جانۇ تېنىم مەپتۇن ئۇنىڭ ساپ مېھرىگە ئەمدى،
ئىدىم بىر چاغ كۆچەت مەنمۇ، كىرىشتىم مېۋىگە ئەمدى،
ئېرىشتىم بۇ لاياقەتكە شۇ ئۇستازدىن ئېلىپ ئەنداز.

ئېچىلدى گۈل- چېچەك سەنئەت- بىلىم بېغىدا رەڭگارەڭ،
بولۇپ ئەلنىڭ خۇش ئاۋاز بۇلبۇلى، سىڭلىم، ھامان ئۆرلەڭ،
تىلەيدۇ دەل شۇنى ئۇستاز: ياشاڭ، ياشناڭ ئۆسۈپ گۈللەڭ،
قېنى سىڭلىم، تەلەپ سىزگە: يەنە شۇ ناخشىنى كۈيلەڭ،
كۆڭۈلگە بېرىدۇ ئىلھام بىلىمگە چىللىغان ئاۋاز.

4

يورۇتسۇن تۈننى قانداق جىنچىراغ شولا چېچىپ پىل- پىل،
يورۇيدۇ تۆھپىكار باغۋەن ـ مۇئەللىم مېھنىتىدىن دىل،
ئۇنىڭ قان- تەرىدىن ھاسىل قاقاس چۆللەردە تارىم، نىل،
مېنىڭ قەلبىمدە كۆپ ناخشا، ھۇزۇرى- پەيزىمۇ ھەر خىل،
«سالام سىزگە مۇئەللىم»نىڭ ناۋاسى ھەممىدىن سەرخىل.

بۇ ناخشا تاگدىكى شەبنەم ۋاپا رەناسىغا سىڭگەن،
بۇ ناخشا خۇددى يامغۇر ئېھتىرام دەرياسىغا سىڭگەن،
بۇ ناخشا ـ ئوت، بۇيۈك ھۆرمەت ئۇنىڭ جۇلاسىغا سىڭگەن،
مېنىڭمۇ ھۆرمىتىم، مېھرىم ئۇنىڭ مىسراسىغا سىڭگەن،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا دەيمەنكى بۇ ناخشا يۈرەك قەلبىم بىلەن يەكدىل.

مۇئەللىم ئەجرى بەخش ئەتكەي يورۇقلۇق تۈن-سەھەرىمگە،
ئاتا قىلغاي يېڭى دەرمان قاناتلىق ئۇشبۇ دەۋرىمگە،
كۆرەرمەن ئەجرىنى تىكسەم كۆزۈمنى ئالدى-كەينىمگە،
ئاشۇ ناخشا ئېلىپ كەلگەن شەرەپ مەنسۇپ مۇئەللىمگە،
بېشىدا كۆتۈرەر خەلقىم مۇئەللىمنى تۈمەنمىڭ يىل.

دىلىمدا قۇدرىتى پەننىڭ، بېلىمدە قاتمۇقات بەلۋاغ،
ئۆزۈم پەرھاد، كېلەچەك-شېرىنىم، كەزمەكتىمەن چۆل-تاغ،
بىنا ئەيلەي قاقاس چۆلدە گۈزەل شېرىن ئۈچۈن گۈلباغ،
بىلىم بەرگەن مۇئەللىمنى سېغىنسام، ئەسلىسەم ھەرچاغ،
چىقار شۇ ناخشىنى كۈيلەپ ئۈنئالغۇمدىن يېقىملىق تىل.

مۇئەللىم مېھرى قەلبىمگە ئانا ئەھدى بولۇپ سىڭگەن،
ئانادەك مەرد، بىمىننەت باشپاناھ ئەھدى بولۇپ سىڭگەن،
جەسۇر، قابىل يېتەكچى-رەھنەما ئەھدى بولۇپ سىڭگەن،
مۇئەللىم ئەجرى قەلبىمگە ۋاپا ئەھدى بولۇپ سىڭگەن،
ئادا قىلغاندا ئەھدىمنى ئۆزۈمنى سېزىمەن يەڭگىل.

1981-يىل مارت

# شائىر قەلبى

دۆلەت قۇشى كۆككە پەرۋاز ئۇرۇپتۇ،
قانداقتۇر بىر غەمكىن باشقا قونۇپتۇ.
قۇش قونغىنى شاھ بولۇپتۇ، دوستلىرىم،
شۇ يول بىلەن كىممۇ شائىر بولۇپتۇ؟

بىر جاپاكەش نالە قىلسا شام-سەھەر،
قادىر ئىگەم ئىنئام قىپتۇ جۇپ گۆھەر.
باي بولۇپتۇ، ئېيتىڭلار شۇ يول بىلەن
شائىر بولغان قايسى دىلبەر، دىلاۋەر؟

ھەر سايلامدا نى كارامەت-ھېكمەتلەر،
ھەر كۆڭۈلدە يوچۇن ئارزۇ-نىيەتلەر.
بىرەر شائىر تۇغۇپتىمۇ مىڭلىغان
ھاكىم تۇغقان ئاشۇ سايلام بېلەتلەر؟

دەۋران سۇرۇپ بۇ جاھاندىن ئۆتسە شاھ،
ۋارىس بولار ئەۋلادى شاھ تەختىگە.
كىممۇ ۋارىس بولالىغان جاھاندا
شائىر ئىشقى، دەرد-ھەسرىتى، بەختىگە؟

ئەل دەيدىكەن ئەلمىساقتىن-ئۇزاقتىن،
بىنا بولغان ئادەم قارا تۇپراقتىن.
دېگۈم كېلەر شائىرنى، جان دوستلىرىم،
بىنا بولغان توپراق ئەمەس، پىراقتىن.

ئۇنىڭغا ئەل ئىرادىسى ئويۇقلۇق،
ئۇنىڭغا خاس مۆھتەرەملىك، ئۇلۇغلۇق.
شائىر قەلبى بەخش ئېتىدۇ جاھانغا
يېشىل كۆكلەم، قىزىل يالقۇن، يورۇقلۇق.

1999 - يىل نويابىر



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىرلىق

قىرلىق، ئاھ، قىرلىق،
كۈچ-مادارىدىن ئىرلىق.
شاخلايدىكەن بىخ سۈرۈپ،
غەيرىي-غەيرىي خۇي-قىلىق.

قىرلىق، ئاھ، قىرلىق،
يۈرەكتە مىلڭ دەز-يىرىق.
ئۆتەر كۈنلەر-سائەتلەر،
يىرىپ ھەرتال قىلنى قىرىق.

قىرلىق، ئاھ، قىرلىق،
يوق نەزمىدە يىڭىلىق.
قاپىيىلەر ئاچ-ئورۇق،
مەنا تۇتۇق-نائېنىق.

قىرلىق، ئاھ، قىرلىق،
ئەينى بىر نىمجان بېلىق.
كىنىشكام بار قىزىل تاش،
تۆلىمەيمەن باج-سېلىق.

«ئېتىبار» دەپ بار ئېتى،
خاس-مۇناسىپ ھۆرمىتى.
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە،
ئاخىرەتنىڭ يول خېتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاتمىش ئالتە ياشتا مەن،
ياغ قايىنىغان داشتا مەن.
جانغا پاتقان تاش بولار
ناشتا قىلسام ماشتا مەن.

تاپالمايمەن ھوشۇمنى،
ئىلھام ئاتلىق قۇشۇمنى.
ھاڭۋاقتى بۇ قېرىلىق
زەپ كەتكۈزدى خوشۇمنى!

ئويناقلىغان سۆز قېنى،
تاللىۋال دەپ تۇرۇشقان.
قاپىيىلەر، رادىفلار
رەت تالىشىپ ئۇرۇشقان.

ئاق بەت تولا، قەلەم گال،
نېمەت تولا گالمۇ گال.
ئويلىغاننى بىمالال
يازالمايمەن، نە ئامال؟

ياشاركەنمىز زېرىكىپ،
زېرىكىشتىن تېرىكىپ.
ئارمانىمىز، ئاھىمىز
گىرەلىشىپ- بىرىكىپ.

«قېرى» دېسە بولاركەن
كۆز چاناقتىن چىققۇدەك.

يا مادار يوق دەس تۇرۇپ،
كارنىيىدىن سىققۇدەك.

دوستۇم دېدى دادلىسام،
ياشلىقىمنى يادلىسام؛
سەۋرى-تاقەت، قانائەت
پاسىلىدىن ئاتلىسام:

«ئېزىتۋەرمەي ئەزمەڭنى،
يېزىتۋالغىن نەزمەڭنى.
روھىڭ كۆرۈپ شادلانسۇن
سەلتەنەتلىك بەزمەڭنى.

ئەل ماختىسۇن پاك كېلىپ،
پاكلىغۇچە كەتكەن دەپ.
«تەشنائى» دەپ ئات قويۇپ،
تەشنالىقتا ئۆتكەن دەپ.

بۇ ئالەمدە دەمسەن ئاز،
كۆرمىگەنلەر ئاتمىش ياز.
ئاتتىن چۈشمە، بەل يەشمە،
ئاتمىش بەش ياش چەۋەنداز!»

ئاچچىقىمغا هاي بەردىم،
جىنچىراغقا ماي بەردىم.
ئۆز-ئۆزۈمگە ئاخىرى
تەسەللىدىن چاي بەردىم.

www.uyghurkitap.com

يۇتۇۋېتىپ ئەلەمنى،
قولغا ئالدىم قەلەمنى.
ئۇلۇغ ئەمگەك ھوسۇلى
ياشنىتاركەن ئادەمنى.

2005 ـ يىل ئۆكتەبىر

# گۈلباغدا توي

## تەلەپنامە

پېقىردۇر ئىز باسار كارۋان - تىنىمسىز يول كېزەرلەردىن،
كۆزۈم كۆرگەن ئەمەس بىرنى بۇلاردەك پۇل سۈزەرلەردىن.

ياتاق دەيدۇ، پۇلى ئۈچ كوي، تۆمۈر كارىۋاتتا بىر كىگىز،
تاۋار يوتقان ئەمەس خالىي مالاللىق يەتكۈزەرلەردىن.

تورۇستىن ياغسا قۇم-تۇپراق، تۆكۈلگەن ھاك-سامان تامدىن،
يىراق قالغان يېرىق-چاكلار نېمىشقا كۆز-نەزەرلەردىن؟

ياتاقتا بىر تۆمۈر غەلۋىر، ئۇنى «داس» دەيدىكەن، ئايھاي،
تېپىلغايمۇ بۇنىڭدەك داس جىمى رەستە-گۈزەرلەردىن؟

تەلەپ قاتناش نازارەتكە: ئەۋەتسىپ تۇرسىڭىز پات-پات،
بۇ يەڭلىغ دەڭ-سارايلارنى زامانغا خاس تۈزەرلەردىن!

1987-يىل ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جاھاننەما

يېڭى يىل كەلدى، يارەنلەر، يېڭى سۇبھى-سەھەر كەلدى،
يېڭى سۇبھى-سەھەر زەپمۇ چىرايلىق، جىلۋىگەر كەلدى،
ساۋاقلاردىن بۈيۈك قامۇس تۈزۈپ ماھى-قەمەر كەلدى.

كالېندار كارۋىنى ئۆتتى چېلىپ كولدۇرما-سازىنى،
ۋەتەنگە بەخش ئېتەرمىز دەپ پاراغەت ئەتىيازىنى،
بىراق، تىنماس، ئۈزۈلمەس جۇت-بوران، دىشۋار-خەتەر كەلدى.

قۇيۇنلار قۇترىدى تەتۈر، «ئىسسىت!» دەپ چىشلىدۇق قولنى،
دېدى بىزگە «قىزىل جەننەت يولى شۇ» كۆرسىتىپ «سول»نى،
ھاياتلىق رىزقى جامىغا شېغىل-تۇپراق، زەھەر كەلدى.

پولاتنى بىز دېدۇق «مارشال»، ئۇنىڭ تەختى قوقاس بولدى،
كۆيۈپ ئۆرتەندى باغ-ئورمان، چىمەنلەر چۆل-قاقاس بولدى،
«تەۋەككۈل» كەينىدىن سانى-ھېسابى يوق زەرەر كەلدى.

بۆلەندۇق بىز گويا يۆگەك-تۆشەكسىز سوغ بۆشۈكلەرگە،
تاۋاق تەڭلەپ قەلەندەردەك ئۇزاتتۇق قول تۆشۈكلەرگە،
«ئانا، نان!» دەپ قۇچاقلارغا مادارسىز جان، جىگەر كەلدى.

قازان تار كەلمىگەي ئوتتۇز كىشى لەيلەپ-چۆكۈپ ئۈزسە،
تومۇچۇق دانچۇقى تولماس چۆپىنى تور سىلىپ سۈزسە،
باھار قىشتىن، يورۇق كۈندۈز قارا تۈندىن بەتەر كەلدى!

ھايان نە بولدى، جان دوستلار، مادار كەتكەنچە چوڭ سەكرەپ،

سىلىپ داۋراڭ، چىرىك قۇم ئۇستىگە قەغەز مۇنار تىكلەپ،
ئاشۇ «تاغدەك ئۇتۇق» چىنلىق جېڭىدە قانچە سەر كەلدى؟

رېئاللىق شاھى سۇلتاندۇر، رېئاللىق ھەممىدىن غالىب،
رېئاللىق ئالدىدا چوقان-سۈرەنلەر نەگىدۇر غايىب،
كاتاڭدىن چىقتى چوڭ ھارۋا، يېڭىچە يول-سەپەر كەلدى.

قاناپتۇ بۇرنى يوقسۇلنىڭ لېۋى تەگمەي تۇرۇپ ئاشقا،
دېگەندەك باشلىنىپ كەتتى «ئۇلۇغ ھەرىكەت» يەنە باشقا،
قىزىل تىرناق، قىزىل تۇمشۇق، قىزىل كۆز جادۇگەر كەلدى.

جاھان كۆرگەنمىكىن مۇنداق يېڭى توپان بالاسىنى،
جاھالەت قاپلىدى چەكسىز ۋەتەننىڭ تاغ-دالاسىنى،
جۇدۇنلۇق تۈندە دەرۋازا چېقىپ كاللا كېسەر كەلدى!...

تىنىمسىز جەڭ قىيانىغا بولۇپ غەرق غەلۋە خاقانى،
ئىناقلىق، تىنچ ھايات شەيداسىنىڭ تاپتى ئارام جانى،
بوغۇلغان قولغا ئەڭگۈشتەر — قەلەم، قالقان-زۇفەر كەلدى.

چېقىلدى كويزا-ئىشكەللەر، كۆيۈپ كۈل بولدى سىرتماقلار،
چىرىندە-خەسكە ئايلاندى كېلەڭسىز جەندە، قالپاقلار،
قىزىل تامغا قېشىغا ئەل ئۈچۈن ئوتتەك كۆيەر كەلدى.

زامان ئىزھار ئېتىپ سۆيگۈ ئىجادكار دىلرەباسىغا،
شەرەپ گۈلدەستىسى تۇتتى ۋەتەننىڭ جان پىداسىغا،
بىلىم گۈلزارىغا باغۋەن — قولىدىن گۈل ئۈنەر كەلدى.

بولۇپ خالىي جېدەلخور، جان باقار ئاقنانچىدىن رەستە،

بازار ئاۋاتلىشىپ تولدى قىيام-شەربەتكە بىر پەستە،
مادارسىز تەنگە جان-دەرمان، چېۋەر قولغا ھۈنەر كەلدى.

بۈگۈن ئالدۇق ھەقىقەتنىڭ ئۇلۇغ مىزانىنى قولغا،
يېتەر، بەس، ئەمدى ئاغمايمىز ۋابا كەزگەن تۇيۇق يولغا،
رېئاللىق قەھرىمانى ھەممىدىن غالىب، چېۋەر كەلدى.

مۇقەددەس چوڭ جاھانىمەا — ساۋاقلار قامۇسى بىزگە،
ئەنە، باقماقتا ناز بىرلە بەخت جانانىسى بىزگە،
دېگەي ئۇ گۈل تۇتۇپ ئاخىر: يۈرەك-باغرىم سۆيەر كەلدى!

1979-يىل 20-دېكابىر

# گۈلباغدا توي

## 1

توي بۈگۈن، خانتەڭرى-تارىم باغرىدا-گۈلباغدا توي،
توي، گۈزەل قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجىدا، مايتاغدا توي.
كەلدى زوق-ئىلھام ئېلىپ تىنچلىق-ئىناقلىق ۋەسلىدىن،
مىسلىسىز زور غەلىبىلەر قۇچقان شەرەپلىك چاغدا توي.
دۇتارىم — خانتەڭرى، بىر جۈپ تارىسى تارىم-ئىلى،
بەختىيار توي شادلىقىنى كۈيلە، ئەي كۆڭلۈم تىلى!

سەن ئەزىز ئۆلكەم، چېلىش مەيدانىنىڭ مەردانىسى،
ئەرك، ئادالەت مەشئىلىنىڭ جان پىدا پەرۋانىسى.
جانىجان ئەمگەكچى خەلق بەردى ساڭا ئۇچقۇر قانات،
ئۆرلىدىڭ، نۇرغا-زەپەرگە تولدى بەختىڭ قامۇسى.
شادلىقىمدىن تىك كۆتۈردۈم چوڭ قەدەھ — باغراشنى مەن،
ئەڭ مۇقەددەم مەدھىيىلەيمەن ھەمسەپەر قەلبداشنى مەن.

## 2

مەردلىرىڭ بەختىڭنى ئىزدەپ ئىز بېسىپ قىلدى كۈرەش،
تەڭ ئىدى ئۆلمەك بىلەن مەلئۇن رەقىبتىن بەخت تىلەش.
تۈندە چاچراتتى قىزىل ئۇچقۇن چېلىش تۇلپارلىرى،
تاغلىرىڭغا بەردى كۈچ-ئىلھام قىلىچ-شەمشەر بىلەش.
قان بىلەن يازدى كۈرەشچان تارىخىڭ ماۋزۇسىنى،
بىزگە تاپشۇردى ئۇلۇغۋار غايىسى-ئارزۇسىنى.

## 3

ئاھ مېنىڭ ئاق باش ئانام، مۇڭلۇق ئۆزۈڭ، ھالىڭ نېچۈك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

كەھرىۋا بوپتۇ قىزىل ياقۇت يۈزۈڭ، ھالىڭ نېچۈك؟
بىر ئۆلۈغ گۈلدۈرماما ئاھىڭ، غەزەپ-قەھرىڭ سىنىڭ،
ئەيلىگەن قەلبىڭنى قان قانداق يوغان دۆ-ئۆمۈچۈك!؟
ئېيتقىنا بوينۇڭدىكى قانداق ياۋۇز ئارغامچىسى؟
چاچلىرىڭنى قىرقىغان قايسى بالاخور قايچىسى!؟

قانچە تولغاندىڭ فارابى، لۇتفى كۆيگەن چاغدا سەن؟
ھەم يۈسۈپ، مەھمۇدنى شول يانغىندا كۆرگەن چاغدا سەن؟
سەن ئىدىڭغۇ ئۇيغۇرى، لۇتپۇللانىڭ ھىجرانىدا،
نىمشېھىت يۇمغاندا كۆز قالغانسەن قانداق داغدا سەن؟
ئۆتمىدىڭمۇ، ئەي ئانا ئون يىل مۇسىبەت ئىلكىدە،
ئوغىدىن ئاچچىق ئەلەم، تاغدىن ئېغىر دەرد ئىلكىدە!؟

سەن ئەزىزلەپ سىيلىغان باشىمدا سەت قالپاق، كۆلا،
قول-پۇتۇم زەنجىرگە بەنت، بوينۇمدا ئارغامچا-كۆلا؛
پاتمىدىمۇ قاپقاراڭغۇ گۆرگە مەن ئۆلمەي تۇرۇپ،
ئاھ، ئۇ كۈنلەر بولمىغان كىم بار بالاغا مۇپتىلا؟
كۆككە باقسام، كۆكتە قالپاق، يەردە قاپقان-دام ئىدى،
شۇ ياۋۇزلار قانچە مىڭ ئوغلانۇ-قىزنى خام يېدى!؟

سەن ئىدىڭ بەردەم-سۇباتلىق، ھەممىگە بەردىڭ چىداش،
غەلىبە قىلدى ئەرك، ئادالەت، پارلىدى ئالتۇن قۇياش.
بولدى گۇم شەلپەر لىباسلىق لىن بياۋ، تۆت جادۇگەر،
ئەل ئۇ ياۋۇزلار بېشىغا قەھرىلىك ياغدۇردى تاش.
سەنمۇ ئاتتىڭ كۈچ بىلەن قانلىق قىساس ئوقياسىنى،
كۆككە ياڭراتتىڭ تۈزەشنىڭ تەنتەنە-ھۇرراسىنى.

## 4

قوش تويۇڭنىڭ شادلىقىدىن ئۆرلىدىم ئاسمانغا مەن،
كۆز تىكىپ ھۆسنىگە چۆمدۈم ئاتەشىن ئىلھامغا مەن.
تىنچ، ئىناقلىق ـ غەلىبە سازى بىر بۈيۈك جۇشقۇن ئېقىم،
سىغدۇراي قانداق بۇ غەلىبەگنى تۆمەن داستانغا مەن.
نەگە باقسام خۇددى ئوتقاشتەك ئەلەم جەۋلان قىلار،
يېزا ـ قىشلاق ھۆسنى ئىنسان ئەھلىنى ھەيران قىلار.

زوق بىلەن باقتىم ـ تىكىلدىم پەن ـ بىلىم گۈلزارىغا،
قانچىلار قىلغان پىدا جاننى بىلىم دىلدارىغا.
مويسىپىت ئالىم ـ ئىجادكار، ياش تەلەپكار ـ ئىزباسار،
تەلپۈنەر ئۇچقۇرما بولغان قۇش كەبى سەييارىغا.
ئۆرلە، ئەي ئالىم ـ ئىجادكار، كەلدى دەۋرانىڭ سېنىڭ،
ئەمگىكىڭنى كۈيلىسۇن بۇلبۇل ـ غەزەلخانىڭ سېنىڭ!

چەكتى كۆڭلۈم تارىنى شېرىن ۋىسال ئەلنەغمىسى،
شاھ سەنەمجان سەيلە قىلغان باغدا كاككۇك نەغمىسى.
بولدى شاتىر قانغا غەرق، يار ۋەسلىگە يەتتى غېرىب،
باق ئەنە، بىمار سەنەمنىڭ مەگزىدە تاڭ جىلۋىسى.
ئۆز ـ گۈزەل كۆكلەم ساباسى بەردى پەن، سەنئەتكە جان،
پەن، ھۈنەر، سەنئەتكە ئاشىق ـ ئىشقىۋاز مىللەتكە جان.

## 5

توي بۈگۈن، باغرىڭدا قوش توي، چال راۋاب شادىيانىغا،
ناخشا ئېيت، كۆكسۈڭنى ئات مەرغۇل ـ سەنەم مەيدانىغا.
ئەي مېنىڭ ئاق باش ئانام، ئىچكىن، قېنىپ بىر ئىچكىنە،
تولدۇرۇپ غەلىبە شارابى بەختۇ ئىقبال جامىغا.

ئەي ئانا، بەختىڭ گۈزەل-ئۆز كەلگۈسۈڭ پارلاق يەنە،
قىل ئىشەنچ، ئالدىڭدىدۇر نى-نى ئۇلۇغ توي-تەنتەنە!

1980-يىل



# يەتكەندە

نېمىشقا ئاھ دېسۇن بۇلبۇل باھار ۋەسلىگە يەتكەندە،
قارا تۈن ئىلكىدىن سۇبھى-ناھار ۋەسلىگە يەتكەندە،
كېزىپ چۆل جان ئارامى لەيلىزار ۋەسلىگە يەتكەندە،
ئارامبەخش لەيلىزار ئېچرە نىگار ۋەسلىگە يەتكەندە،
ۋىسال ئەيىامىغا تەشنائى-زار ۋەسلىگە يەتكەندە.

ئۇچۇپ كەتكەندە دىللاردىن جۇدالىق تامغىسى — غەملەر،
ئۆتۈپ كەتكەندە تەشنالىق يۈرەكنى ئۆرتىگەن دەملەر،
ئېقىپ تۇرغاندا جۇشقۇنلاپ ئەزىم دەريادا زەمزەملەر،
راۋا كۆرگەيمۇ گۈل بۇلبۇل كۆزىدىن تۆكسە شەبنەملەر،
ھاياتلىق باغلىرى كەۋسەر، ئىپار ۋەسلىگە يەتكەندە.

جۇدۇنلۇق ئۇن زىمىستانىنىڭ قاباھەت ئۆتكىنى ھەق-راست،
سەمىمي، ياخشى ئىنسانىنىڭ ئەلەملەر يۇتكىنى ھەق-راست،
ئېشىپ چەكتىن زۇلۇم، ئەلنىڭ چىدامى پۈتكىنى ھەق-راست،
نىجاتلىق ۋەسلىنى قان-تەر ئىزىدىن كۈتكىنى ھەق-راست،
ئالارمىز قانغا قان! دەپ زۇلپىقار ۋەسلىگە يەتكەندە.

خالاس بولدۇققۇ بىز ئەمدى ئاشۇ كۈلپەت-قىيامەتتىن،
قىيامەت دەھشىتىدىنمۇ يامان ئاپەت-مالامەتتىن،
پۈتۈن ئەل بەھرىمەن ئەمدى پاراغەتتىن، ھالاۋەتتىن،
نېمىشقا كۈلمىسۇن دىللار ساقايغاندا جاراھەتتىن،
«ئىناق-تىنچلىق» ئىسمىلىك دىلخۇمار ۋەسلىگە يەتكەندە.

زامانەم تۆھپىكارى يول-نىشانىنى تۈزلىدى ئاخىر،

www.uyghurkitap.com

ھەقىقەت جەۋھىرىنى تەر ئىزىدىن ئىزدىدى ئاخىر،
دەۋرىنىڭ تىك قىياسىدا يىراقنى كۆزلىدى ئاخىر،
شىجائەت بىرلە ئوتتۇز يىل سىرىنى سۆزلىدى ئاخىر،
سۆيۈنمەس نە ئۈچۈن شانلىق «قارار»① ۋەسلىگە يەتكەندە.

يىراقتا باقمىسۇن قانداق ساماغا ئۆرلىگەن شۇڭقار،
داۋانلىق يولدا كەينىگە قارامدۇ قايرىلىپ تۇلپار،
خۇشاللىق بەزمىسىدە ياش تۆكۈپ قىلغان كەبى ئاھ-زار،
شىپا تاپقان جاراھەتنى نە ھاجەت كوچىلاش تەكرار،
كۆلۈپ ئالغا باقايلى گۈلئۈزار ۋەسلىگە يەتكەندە.

1981 - يىل



① قارار — «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# كەلدى

تارالدى بىر خەۋەر سۈبھى:«راۋابچى نۇر تۇراق كەلدى،
جاپاكەش يارىغا ھەمدەرد، ۋاپادار، كۆڭلى ئاق كەلدى،
ئۇرۇپ زەخمەك راۋابىغا كۈيى شەربەت بۇلاق كەلدى!...»

ئۇچۇشتى ياش-قېرى يۇرتداش مىنىپ تۇلپارىغا يايداق،
بۇ ھال بولمىسۇن شەيدا گېزىتنىڭ مۇخبىرى قانداق؟
شۇئان ئاستىمغا زەپ ئۇچقۇر قاناتلىق ئىككى چاق كەلدى.

تۇراتتى نۇر كۈلۈپ، ھۆرمەت-سالاملارغا جاۋاب ئەيلەپ،
يېزا تارىخىغا شاھىت بوۋايلارنى تاۋاپ ئەيلەپ،
چىلاندەك مەڭزىگە باقسام تىلىمغا بىر سوراق كەلدى:

«نېچۈن كەتكەن ئىدىڭ تەشنا قىلىپ ۋەسلىڭگە ئۆز يۇرتنى،
كەچۈرگەنسەن بېشىڭدىن قانچە شىددەتلىك بوران-جۇتنى؟»
ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ياش، تىلىدىن ئوت-پىراق كەلدى:

ئۆزۈم تىغ جان، تومۇز-كۆكلەم قولۇم ئايرىلمىدى ساپتىن،
غازاڭ پەسلى، زىمىستاندا دولام ئايرىلمىدى قاپتىن،
پۈتۈن يىللىق دارامەتتىن قەرز ئاتلىق توزاق كەلدى!

يىگىرمە ئىككى جىڭ نورمام، يېرىك، قاڭسىق قوناق بارى،
ئۆزۈلدى توك سىمى قىشتا ئۈزۈلگەندەك ئۇچەي تارى،
قوشۇپ كۆرسەم مېنىڭ ئۈچ ۋاق تائامىم بىر تاۋاق كەلدى.

جاھاندا كىم، قاچان كۆرگەن قۇرۇق قاپ ئۆرە تۇرغاننى،

ئوزۇقسىز بىمادار لەشكەر ئالالماس قەلئە-قورغاننى،
زەئىپلىك دەمدە باسقان ھەر قەدەمدىن يۈز چاتاق كەلدى.

مېنى كۆرگەن جاپا ئەھلى ئىچىگە تىندى، ئۇھ تارتتى،
دىسەم دۈيجاڭغا ھالىمنى، تىلىدىن مۇز ئوقى ئاتتى،
مېيىتتەك رەڭگى-رۇخسارىم، چېچىممۇ بىر قۇچاق كەلدى.

بىتاب بولسام، كىرىپ دۈيجاڭ «ئۆيۈڭ-جايىڭنى چاق!» دەيدۇ،
«سېنىڭ جايىڭ يېڭى رەتلەش ئۈچۈن توسقۇن-توساق» دەيدۇ،
جاھان تار، يەر-زېمىن قاتتىق، پەلەك-ئاسمان يىراق كەلدى.

چېقىلدى ئۆي قارا قىشتا، كىرەيمۇ قەبرىگە ئەمدى؟
تېپىلغايمۇ داۋا مەندەك جاپاكەش دەردىگە ئەمدى؟
چۈشەلگەن قوي-كالا بولدۇم، يېقىنلاپ قوش پىچاق كەلدى!

غەزەپ-قەھرىم تېشىپ ئاخىر، راۋاب-زەخمەك ئېلىپ قولغا،
دېدىم مىڭلارچە لەنەتلەر ھالاكەتنىڭ يولى - «سول»غا،
شۇئان بوينۇمغا ئارغامچا، بېشىمغا تاش-چوماق كەلدى.

دېدى «جايىڭ مۇشۇ!» گۆردەك قاراڭغۇ لەخمىگە تاشلاپ،
دېدى «بەش خىل قاتارىغا قېتىلدىڭ!» گەجگىگە مۇشتلاپ،
كۆز ئالدىمغا مېنىڭ، ۋاي-جان!...قاباھەتلىك دوزاق كەلدى.

ئېشەك، توڭگۇز يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ باش ئۈستىدە دوختۇر،
لېكىن «بەش خىل» دەۋالغاننىڭ ئۇنىڭچە قىممىتى يوقتۇر،
يېقىلسام بەل-قوۋۇرغامغا چويۇن مىخلىق ئاياق كەلدى.

دېدىم: شۇنداق ئۆلەرمەنمۇ ھاياتلىق راھىتى كۆرمەي،

ئۆلەرمەنمۇ قىران ياشلىق ھۇزۇرى-پەيزىنى سۈرمەي؟
ئۆلۈم ياكى كۆرۈم پەيتى ـ خەتەرلىك چوڭ سىناق كەلدى.

باھادىر ئەر كۈتۈپ ياتماس ئەجەلنى قايغۇ غارىدا،
ئۈنىڭ بوينىنى چورت ئۈزگەي شىجائەت زۇلپىقارىدا،
ھاياتلىق ئىستىكى بىرلە دىلىمغا شۇ ساۋاق كەلدى.

دېدىم: تارىم ماڭا مېھرى سۈيىدىن قەترە چاچماسمۇ؟
ئانام خانتەڭرى قوينىنى غېرىب ئوغلىغا ئاچماسمۇ؟
ئىشەنچىمدىن مادار-دەرمان، چىداملىق يانتاياق كەلدى.

دېدىم: خەير-خوش ئانا يۇرتۇم! تۆكۈپ ھەسرەتتە ياشىمنى،
ئېلىپ قاچتىم جۇدالىقنىڭ قاقاس دەشتىگە باشىمنى،
ئەلەم-ھىجران يولى زەپمۇ ئېغىر، قاتتىق، ئۇزاق كەلدى.

ۋەتەننىڭ ئاسمىنى تەكشى سىياھدەك قاپقارا بولغاچ،
جىمى خەق دەيدىكەن قەلبى مېنىڭدىنمۇ يارا بولغاچ،
«جاكارنىڭ تەتۈرى ئاتلىق، ئوڭى ئاقساپ ياياق كەلدى.»

«ئادارگۈل» زارىنى باشلاپ، «سامانىدەك سارغىيىپ يىغلاپ»،
كۈسەن، كورلا، ماناس، غۇلجا كېزىپ يۈردۈم پەسىل-يىللاپ،
جاپا-كۈلپەت ھامان جۈپ-جۈپ، ۋاپا يېگانە-تاق كەلدى.

جاھاندا كىممۇ باش قويماس تۇغۇلغان ئۆز ئانا يۇرتقا،
بولۇپ پەرۋانە مەن ئاتسام دېدىم باغرىمنى شۇ ئوتقا،
يىراق، ئالدىمغا مىڭ خەندەك، تۈمەنمىڭ تام-توساق كەلدى.

ئۆچۈپ تارىخي ۋاراقتىن تەلەتى قەھرىتان «تۇتقا»،

ئىناقلىق يامغۇرى ياغدى ئۇزۇن يىل چاڭقىغان يۇرتقا،
ساخاۋەتلىك سەھەر-ئاخشام جىبدەلسىز، تىنچ-ئىناق كەلدى.

يامانكەن، ئەي يىگىت مۇخبىر، ئانا يۇرتنىڭ پىراق دەردى
ئېشىپ مېھرىم، سەۋر جامىم تېشىپ تۇرغان چېغىم ئەردى،
ئانا يۇرتتىن سالام ئەيلەپ مۇبارەك بىر ۋاراق كەلدى.

كۆزۈمگە مىڭ قېتىم سۈرتتۈم مۇبارەك ئۇشبۇ ۋاراقنى،
راۋان بولدۇم نىشان ئەيلەپ ۋىسال قەنتىنى چاقماقنى،
جۇدۇنلۇق تۈندە تەزگەن قۇش سەھەر-سۈبھىدە ساق كەلدى.

جاۋاب-سۆھبەت گويا شېرىن قىيام تولغان ۋىسال جامى،
كۆتۈردۈم، ئۇرغىدى-تاشتى يۈرەك فونتانى-ئىلھامى،
يۈرەكتىن ئۇرغىغان ئىلھام ئىزىدىن بۇ قوشاق كەلدى.

1981-يىل سېنتەبىر





www.uyghurkitap.com

# ئوغلاق تارتىش مەيدانى

نەۋقىرانلار چۈشتى ئوغلاققا بۈگۈن،
ئارغىماقلار ئۇچتى ھەرياققا بۈگۈن.

كەڭرى تۈزلەڭلىك گويا قايناق دېڭىز،
تولدى ئۇ مىڭلارچە قولۋاققا بۈگۈن.

شۇ دېڭىز قىرغاقلىرى ـ گىرۋەكلىرى
چۆمدى ئالقىش، كۈلكە ـ چاقچاققا بۈگۈن.

دەيدۇ ئەل: مەنسۇپ شەرەپ ـ شان دىلبىرى،
كۆك يېرىپ ئۆرلەشكە ئامراققا بۈگۈن!...

شوخ سەبىيلەر سايرىشار قارلىغاچ كەبى
چىك قونۇپ شاخ ـ شاخقا، ئاچىماققا بۈگۈن.

«ۋاھ، ھەسەن ئەپ كەتتى!»،
«ئەپ كەتتى ھۈسەن!»
«ئايلىنىپتۇ تۈردى چاقماققا بۈگۈن!...»

«ۋاھ قارا، ئوغلاقنى ئالغان كىم ئۆزى؟
كەپتۇ ئامەت بەكرى يانتاققا بۈگۈن!...»

قانچە پالۋان ئەر يىقىلدى، كىم بىلۇر،
باغرى يۇمشاق ئۇشبۇ تۇپراققا بۈگۈن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

دەس تۇرۇپ تۇلپارغا مىندى قانچىلار،
ئانت ئىچىپ ئوغلاقنى ئالماققا بولغۇن.

بەلكى بىر قانغاندۇ بۇ تەشنا زېمىن،
تەڭ تۆكۈلگەن ئۈنچە-مونچاققا بولغۇن.

پەھلىۋانلار شۇنچە، ئوغلاق بىر پەقەت،
ئۇ نېسىپ بوپ كەتتى ئىسھاققا بولغۇن!

«بارىكاللا-ئاپىرىن!» ئۇشبۇ سادا،
تولدى يۇرت - گۈلباغقا، يايلاققا بولغۇن.

چىقتى جان-ئىمانى بىر ئوغلاقچىنىڭ
تاجى پاتقاندەكلا پاتقاققا بولغۇن.

ئايلىنىپ كەتتى ئۇنىڭ شەلپەر يۈزى
ئۈششۈگەن كەچكۈزگى ياپراققا بولغۇن.

«ئاھ!-دېدى ئۇ-بولمىسا شەيتان يۆلەك،
نەدىدى بۇ غەلىبە ئۇنداق...قا بولغۇن؟

بولمىسا ئالماسمىدىم ئوغلاقنى مەن،
خەپ، مېنى دەسسەتتى قىلتاققا بولغۇن!»

ئېيتتى مەيدان ئەھلى: يولۋاس بولمىسا،
پادىشاھ مايمۇن ئىدى تاغقا بولغۇن.

شۇ ئۇچۇن مايمۇن ھەسەتتىن مۇي يىغار
ئەتىكى ئارغامچا ـ سىرتماققا بۇگۈن!

1982 ـ يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاپتى

سۆيۈملۈك ئەھلى يۇرت تاپتى ئۆزى سۆيگەن مازارىنى،
ئەمەسكى بىر مازار، ئىدراك ـ ئەقلىنىڭ لەيلىزارىنى.

گويا شىرىن ئۇچۇن مىڭ ئۆي بىنا قىلغان يىگىت پەرھاد،
قۇياشلىق سۇبھىدە تاپتى يۈرەكنىڭ ئىنتىزارىنى.

سەنەمنىڭ ئىشقىدا ھىجران ـ جۇدالىق دەشتىنى كەزگەن،
غېرىب تاپتى چاھار باغلار ئارا تەشنائى ـ زارىنى.

مالامەت ساندۇقى ئىچرە جاپا دەرياسىدا ئاققان،
يىگىت تاپتى گويا زۆھرە ئىسىملىك گۈلئۇزارىنى.

بىلىم ـ ھېكمەت داۋانىنى بېسىپ ئۆتكەن جەسۇر كارۋان،
بۈگۈن تاپتى ئەسىرلەر ئىزدىگەن خىسلەت تۇمارىنى.

شۇ خىسلەتلىك تۇمار ـ ئالىم بوۋام مەھمۇد ئارامگاھى،
كۆتۈردى كۆككە خەلقىمىنىڭ غۇرۇرى ـ ئىپتىخارىنى.

ئارامگاھ ـ قەشقەرى مەھمۇد مازارى ـ ئەل تاۋاپگاھى،
ئۆزىگە ئەيلىگەن مەپتۇن ئۇلۇغ نازىم نىزارىنى.

ئۆزىگە مەھلىيا ئەتكەن زەلىلى، نەۋبەتى، گۇمنام،
غېرىبى، موللا سادىقتەك ۋەتەن، ئەل غەمگۇزارىنى.

ئارامگاھ باغرىدىن ـ «نوزۇر بۇلاق»تىن ئۇرغۇغان چەشمە،

كۈمۈش زەخمەك كەبى چەككەن يۈرەك ئىلھامى تارىنى.

ئارامگاھ باغرىدا «ھايھاي تېرەك» ئەشئار ئوقۇپ ھەرئان،
بىلىمگە چىللىغان ئەلنىڭ ئۈمىدلىك ئىزباسارىنى...

شۇ ياققا ماڭدى سەپ تارتىپ ئۈزۈلمەس سۆيگۈ كارۋانى،
يۈرەكتىن ياد ئېتىپ دانا ئىجادكار ـ تۆھپىكارىنى.

تاۋاپ ئەتمەكتە شۇ كارۋان چېچىپ ئىخلاسىدىن چاچقۇ،
سېغىنغان قەلب كۆزى بىرلە ئالىم دىدارىنى.

تاۋاپگاھ قىممىتى ـ قەدرى ئۆسەر ھەركۈن ۋە ھەرسائەت،
شەرەپ ـ ھۆرمەت گۈلىگە چۆمدۈرۈپ ئالىم دىيارىنى.

يىراقتا قالدى كۆك گۈمبەز قىسىپ بوينىنى بىر چەتتە،
ئاڭا تۆكسۇن بۇگۈن كىممۇ پىغانى، ئاھۇ ـ زارىنى.

بىراۋلار چۆنتىكى «شەربەت كۆلى»دەك قۇپقۇرۇق ئەمدى،
كاسات قىلغاچ بۇگۈن تارىخ كەمەك ئەيىار بازارىنى!

1983 ـ يىل فېۋرال

# كىم ئۇ؟

جاھانغا كۆز ئېچىپ كۈلگەن ۋىلىقلاپ بىر بوۋاق، كىم ئۇ؟
يېقىملىق كۈلكە بىرلە جان سۆيۈندۈرگەن ئوماق كىم ئۇ؟

مۇشەققەت دەشتىنى مەغرۇر كېزىپ ئوتلۇق قوشاق بىرلە،
قىرانلىق پەسلىگە يەتكەن نادامەتتىن يىراق، كىم ئۇ؟

قېلىن چاتقال ئارا تۈنلەر تېنەپ يۈرگەندە ئۆز خەلقى،
بۈيۈك مەنزىلگە يول ئاچقان يېقىپ مەشئەل-چىراغ، كىم ئۇ؟

تۇمانلىق تەلكىنىڭ سۈرلۈك داۋانىدىن كۈلۈپ ئۆتكەن،
چېلىپ گۈلدۈرماما يەڭلىغ كارامەت قوڭغۇراق، كىم ئۇ؟

ئېچىپ پەشۋا بىلەن دەرۋازىسىنى ئول بايانداينىڭ،
ياۋۇزلار قىلمىشىنى بۇرنىدىن قىلغان بۇلاق، كىم ئۇ؟

قارا زىندان تېمىنى قاپقارا تۈن قوينىدا تەشكەن
قوۋۇرغا-ئۇستىخانلارنى قىلىپ ئالماس پىچاق، كىم ئۇ؟

مىراس ئەيلەپ ئۇلۇغ ئەجداد غۇرۇرى-ئىپتىخارىنى،
نەسىل قەلبىدە ئۇلغايتقان زەپەرگە ئىشتىياق، كىم ئۇ؟

1983-يىل ماي

# مۇئەللىم ــ ئانا

(قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر خاتىرىسىگە)

جاھاندا بارچە ئادەمزات پەخىرلەنگەي ئانا بىرلە،
ئانادەك مېھرىبان، غەمخور يېتەكچى-رەھنەما بىرلە،
سېخىي، مەرد، سەۋرى-تاقەتلىك، بىمىننەت، بىتەمە بىرلە،
باھاسىز ئەمگىكى-ئەجرى، مىراسى بىباھا بىرلە،
كېلەچەك گۈللىرىگە چىن يۈرەكتىن مەھلىيا بىرلە،
نەسىللەر بەختىچۈن كۆيگەن ھەقىقىي جان پىدا بىرلە.

مۇئەللىم ــ ئۆز ئانا، شەكسىز مۇناسىپ ئۇشبۇ ئۇنۋانغا،
ئىلىم-پەن ئاق سۈتى بەرگەي مۇئەللىم مىڭلىغان جانغا،
مۇئەللىم مېھرىدىن تولغاي نەسىللەر كۈچكە-دەرمانغا،
مۇئەللىم ئەجرىدىن يەتكەي ئۇلۇغۋار غايە-ئارمانغا،
مۇئەللىم ــ بۇ پىداكار ئۆز ئانا يۈزمىڭ جاپا بىرلە،
يورۇتقاي نۇرغا تەشنا قەلب سارايىنى زىيا بىرلە.

ئەقىل-ئىدراك كۆزى بىرلە نەزەر سال ئۇشبۇ ئالەمگە،
نەزەر سال قەشقەرى مەھمۇد، خاس ھاجىپ ياكى ھاتەمگە،
نەزەر سال پەن-بىلىمنىڭ نۇرىغا چۆمگەن زامانەمگە،
تولۇن ئاي ئۆزرە قونغان زەر قانات مەردانە ئادەمگە،
ئۇلاردىن قايسىسى ماختانمىسۇن غەمخور ئانا بىرلە،
مۇئەللىملىك غۇرۇرىغا مۇناسىپ رەھنەما بىرلە؟

كۆڭۈللۈك سەيلىگاھ بولدى بىلىم سۆيگەنگە سەييارە،
بىلىمدىن رىشتە ئۈزگەن جان جاپا دەشتىدە ئاۋارە،
تېپىلماقتا بىلىمدىن بىمەھەل ئۆلمەسلىكمۇ چارە،

www.uyghurkitap.com

• بىلىمسىز ھەر نادان ـ نىمجان ئەجەل ئالدىدا بىچارە،
مۇئەللىم جەڭ قىلىپ تەرسا جاھالەتتەك ۋابا بىرلە،
ھېسابلاشماس بېشىغا ياققۇسى ئاپەت ـ بالا بىرلە.

ئۇنىڭغا يار بولۇپ ئۆتتى ئەجەب قىسمەت ـ مالامەتلەر،
جاھالەت خەنجىرى سالدى يۈرەككە داغ ـ جاراھەتلەر،
نەسىللەر ئىشقىدا يانغاچ لاۋۇلداپ ئوت ـ ھارارەتلەر،
جۇدۇنلۇق تۈندىمۇ كەلكۈن ـ قىيان بولدى جاسارەتلەر،
مۇئەللىم قەددىنى پۈكمەس بەسى مۈشكۈل كۈلا بىرلە،
چېلىشتى بەل تۇتۇپ نى ـ نى بالاخور ئەجدىھا بىرلە.

مۇئەللىم بولدىڭىز ـ ئاشۇ مۇئەللىملەر مىراسخورى،
بىلىم ـ ھېكمەت قوشۇنىنىڭ باھادىر نەسلى ـ غەيۇرى،
بولۇڭ يۇمران كۆچەتلەرنىڭ ۋاپادار ياخشى غەمخورى،
كۆچەتلەر ئاينىسۇن ـ ئۆسسۇن ئىلىپ ھېكمەت ـ بىلىم نۇرى،
نەپەس ئالسۇن يېڭى ئەۋلاد غۇبارسىز ـ ساپ ھاۋا بىرلە،
ئانا يۇرت قوينى قاپلانسۇن ئېسىل مېھرىگىياھ بىرلە.

مۇئەللىم بولدىڭىز، غەمخور ئانا بولدۇم دېگەيسىز سىز،
نەسىللەر بەختىچۈن شەيدا ئانادەك غەم يېگەيسىز سىز،
بىلىم ـ پەن پەللىسىگە ھەر زامانە ئۆرلىگەيسىز سىز،
ئۇلۇغۋار كەسىپ ئۈچۈن جاننى تەسەددۇق ئەيلىگەيسىز سىز،
ئۆتەرسىز پاك ـ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەپ، شەرم ـ ھايا بىرلە،
يېزىلغايسىز نەسىللەر قەلبىگە ئالتۇن سىياھ بىرلە.

1984 ـ يىل ئىيۇل

# نادامەت نەزمىسى

.سىھىرلىك نازىڭ بىلەن كەلدىڭ كۈلۈپ پات-پات ھاراق،
بۇ كۆڭۈل خانەمنى ئەيلەپ شادىمان، ئاۋات، ھاراق.

مەن ساڭا بولغانچە مەپتۇن سەنمۇ چىڭ سالدىڭ گىرە،
ئەيلىدىڭ ئاخىر مېنى بىر مەنىۋى نامرات، ھاراق.

جان ئانام، جانان-رەپىقەم ئاھ ئەجەب ئامراق ئىدى،
ئەيلىدىڭ شېرىن مۇھەببەت-سۆيگۈنى بەرباد، ھاراق.

ئۇندۇرۇپ شەيتانىي ھېسلاردىن تىكەن كۆڭلۈمدە سەن،
پاك ئادەمزاتلىق سۈپەت-خىسلەتنى قىلدىڭ يات، ھاراق.

ئات قويۇپ ئەردى دۇئا-تەكبىر بىلەن مەرھۇم بوۋام،
سەن تۈپەيلى ئەھلى قويدى بۆلەكتىن ئات، ھاراق.

ئاشقازاننى غەلۋىر ئەتتىڭ، تال-جىگەرىمنى كاۋاپ،
جان-جېنىمدىن ئۆتتى جەبرىڭ-كۈلپىتىڭ، ۋاي-داد، ھاراق!

ئول خۇدا بەرگەن ئامانەتكە خىرىس قىلدىڭ يەنە،
ئەي سۈزۈك زۇمرەت نىقابلىق بىرەھىم جاللات ھاراق!

بولدى ناز-جىلۋەڭنى قوي، ئىبرالىشىش نامەڭنى قوي،
مەن بىزارى، قاش-كۆزۈڭنى كىمگە ئاتساڭ ئات، ھاراق.

www.uyghurkitap.com

ھەسرىتىمدىن نەزمە پۈتتۈم، يەتسە نەزمە تەكتىگە،
سەن كەبى ئىبلىسنى يار تۇتماس ئەزىز ئەۋلاد، ھاراق.

1986 ـ يىل 10 ـ ئاپرېل

# نىگار

چاڭقىغان قەلبىم ياشاردى ئېھتىرامىڭدىن، نىگار،
تاڭ سەھەردە يوللىغان شېرىن سالامىڭدىن، نىگار.


ئەيلىدىڭ گويا قاراڭغۇ تۈننى قۇتلۇق تاڭ سەھەر،
ياغدۇرۇپ پارلاق-يورۇق نۇر سۆيگۈ شامىڭدىن، نىگار.

بۇ ھاياتلىق رىزقىنىڭ يەتمەس ئىكەنمەن قەدرىگە،
ئىچمىسەم بەختىم شارابى مېھرى جامىڭدىن، نىگار.

جان دېگەن كۆندە چېچەكلەمدۇ؟ چېچەك ئاچتى جېنىم،
كۈچ ئېلىپ، دەرمان ئېلىپ لەۋزى قىيامىڭدىن، نىگار.

يەتتە باشلىق ياۋغىمۇ دەيمەن:«ساداقەت-سۆيگۈمىز
ھەرقاچان غالىب سېنىڭ ئىسكەنجە-دامىڭدىن!» نىگار.

1986-يىل 9-سېنتەبىر



www.uyghurkitap.com

# تەشنا

يار، يولۇڭغا سۇبھى-ئاخشام قانچە تەشنا باقمىدىم،
قانچە لەززەتلىك خىياللار قايىنىمدا ئاقمىدىم؟

تۈن-كېچە بولساڭ نامايان دىل جاھانىنەمامدا سەن،
قانچە زىندانىنىڭ چويۈن دەرۋازىسىنى چاقمىدىم.

ۋەسلى دىدارىڭنى ئىزدەپ چۆل كېزىپ، دەريا كېچىپ،
قايسى ئۈششۈك پەسلى قارلىق تاغدا گۈلخان ياقمىدىم؟

قانچە قۇزغۇن بويىنىنى تەندىن جۇدا ئەيلەپ-ئۈزۈپ،
قايسى چاغ كۆك قەھرىدىن مەغرۇر قاناتلار قاقمىدىم؟...

ئايجامالىڭنى كۆرەلمەي كۆز يۇمۇپ كەتسەممۇ مەن،
ئېيتىمەن: يۇلتۇز كەبى قەلبىڭدە مەڭگۈ چاقنىدىم!

1986-يىل 11-سېنتەبىر



# كۆڭۈل ئىزھارى

دەستە گۈل كۆڭلۈمنى ئىزھار ئەيلىسۇن: يارىڭ بولاي،
كۈلگۈدەك ياشناپ مۇرادىڭ ياخشى دىلدارىڭ بولاي.

ئىززىتىم، شان-شەۋكىتىمدۇر ۋەدىگە قىلماق ۋاپا،
ئۆز يولى، ئۆز لەۋزىدىن يانماس ۋاپادارىڭ بولاي.

لەيلىنىڭ ئىشقىدا مىڭ كۈلپەتكە مەجنۇن رازىغۇ،
جان پىدا مەجنۇن سۈپەت ئاشىق خېرىدارىڭ بولاي.

بىر باغاش ئەتكەن بىلەن قانمايدىكەن تەشنا يۈرەك،
سەن دېگەن شوخ ئەركىلەپ:«تەشنا تەلەپكارىڭ بولاي».

ئەر ئەمەسمەن ئىككىلەنسەم تاغ-داۋانلىق يولدا مەن،
يوللىساڭ قۇزغۇنغا قارشى كۆكتە شۇڭقارىڭ بولاي.

رەڭگى-رۇخسارىڭغا قوندۇرماس ئۇچۇن غەم زەررىسى،
بىر ئەزىم دەريا كەبى شام-سۈبھى بىدارىڭ بولاي.

قىسمىتى مەختۇمسۇلانىڭ چۈشسە باشىڭغا ئەگەر،
چىن تۆمۈر باتۇر كەبى غەيۇر نىجاتكارىڭ بولاي.

ئەيلىسەڭ سىرتماق چىچىڭنى، ئۇستىخانىمنى چوقۇم،
تەۋرىمەس تۈۋرۈك ئېتەي، قانلىق قىساس دارىڭ بولاي.

يەڭگۈچى ئەجداد ئىزىدىن ئۆرلىسەڭ ئاسمان-پەلەك،

www.uyghurkitap.com

ھەر قىيىن ئۆتكەلدە ھەمراھىڭ، مەدەتكارىڭ بولاي.

يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچىڭ كۆكلەمدىكى سۇمبۇل گويا،
پەيلەپ پەرۋىش ئېتەر باغۋەن پىداكارىڭ بولاي.

ئۇيقۇسىز قىلساڭ خىيال ئالتۇن راۋاقلىق ئاقساراي،
مەن ئۇنى تىكلەيدىغان ھارماس بىناكارىڭ بولاي.

مېھرىڭ قوينۇڭ ئېچىپ ئېيتساڭچۇ جانان ئەركىلەپ:
كەل خۇش ئاۋاز بۇلبۇلۇم، سۇلماس چىمەنزارىڭ بولاي.

1986 - يىل سېنتەبىر



# يىراق بولسام

ھاياتلىق نە كېرەك ئىشقى-پىراقىڭدىن يىراق بولسام.
يۈرەك-باغرىمنى قۇچقان ئىشتىياقىڭدىن يىراق بولسام.

سىياقىڭ ئەسلىتەر پەسلى باھارنىڭ كۆركى - چوغلۇقنى،
باھارنىڭ پەيزىدىن مەھرۇم سىياقىڭدىن يىراق بولسام.

ئەجەبمۇ نۇر-ھارارەتلىك سېنىڭ ئاھۇ كۆزۈڭ، جانان،
قاراڭغۇ بۇ جاھان جۈپ قاراقىڭدىن يىراق بولسام.

نىجاتلىق مەلھەمى قاينار شىپاھلىق بىر بۇلاق مېھرىڭ،
زەئىپ بىچارىمەن مېھىر بۇلاقىڭدىن يىراق بولسام.

ۋىسال پەسلىگە چىللايسەن چېلىپ زەر قوڭغۇراق دائىم،
ۋىسالدىن بىنېسىپمەن قوڭغۇراقىڭدىن يىراق بولسام.

1986-يىل 10-سېنتەبىر

# يوق

ئەنە، گۈلباغدا توي-مەشرەپ، كۆگۈل تارتمايدۇ، رايىم يوق،
سەۋەبكى، شۇنچە گۈل-غۇنچە ئارا جانانە-يارىم يوق.

قەدەھ بۇغدا كۆلى گويا كۆتۈرگەن سېھىرلىك شاۋقۇن،
جاھاننى قوي كاۋاپىنىڭ ھىدى بىر ئاپتۇ، كارىم يوق.

ئىچىمدە ئۇھ دېسەم فونتان ئاتار يالقۇن ئەمەس، ئىس-دۇت،
پىغانلىق نالە ئەيلەيمەن: نېچۈن تەمبۇر، ساتارىم يوق؟

يىلاندەك تولغىنار ئوغلان ئۇرۇلسا بىر دۆۋە دۇمباق،
تىكىلسەم نەي، راۋاب، دۇتار، غىجەك، چاڭ، پەنجتارىم يوق.

نېمىشقا قوغدىدۇق-سۇردۇق يىراق سەھراغا قالۇننى،
نېمىشقا ناغرا، سۇناي، داپ... كەبى دىل ئىنتىزارىم يوق؟

ئۇلۇغ ئەجداد ئەقىل-ئىدراك بۇلاقىنىڭ قىيامىدىن،
ھاياتلىق لەززىتى ئالماي، دېگەيمىزمۇ خۇمارىم يوق؟

قۇلاق سال، ئۆزگىلەر ھەرئان خىتاب ئەيلەيدىكەن مەغرۇر،
ئادا بولسام بۇيۇك مىللىي مىراستىن، ئەتىۋارىم يوق!

جاۋاب بەر، ئەي قەدىردانلار، ئۆتۈۋەرسەك-كېتىۋەرسەك،
دېمەس ئەۋلاد نېچۈن شانلىق مىراسىم-ئىپتىخارىم يوق؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنە، گۈلباغدا توي ـ مەشرەپ، كۆكۈل تارتمايدۇ، رايىم يوق،
سەۋەبكى نەي، راۋاب، تەمبۇر، غىجەك، قالۇن، دۇتارىم يوق.

1992 ـ يىل يانۋار



www.uyghurkitap.com

# سالام، قېرىنداشلار

(قازاقىستان، قىرغىزىستان سەھنىلىرىدە ئوقۇلغان دېكلاماتسىيە)

سالام ئوتلۇق يۈرەكلەردىن سېغىنغان قان - قېرىنداشقا،
ۋىسال پەسلىگە تەلمۈرگەن جىمى قەلبداشقا - قانداشقا.

سالام ئاپئاق ساقال، ئاق باش ئەزىزلەر - مۆھتەرەملەرگە،
سالام شەيدائى قىز - ئوغلان، ئاشۇ جۈپ - جۈپ قاراقاشقا.

تىلەكلەر بولمىدى ھاسىل توسۇپ تۇرغاچ تۆمۈر پاسىل،
يېقىلدى قاتمۇقات كۈلپەت - جۇدالىق قان بىلەن ياشقا.

بولۇپ كاككۇك بىلەن زەينەپ نىدا قىلدۇق پىغان بىرلە،
زېمىن - ئاسمان گۇۋاھ كۆزدىن تۆكۈلگەن قان بىلەن ياشقا.

بۈگۈن دوستلار، قەدىردانلار، زامان باشقا، ھايات باشقا،
نېسىپ ئەتتى خۇدا بىزنى ۋىسال باغىدا ياراشقا.

نېمەرسە قان - قېرىنداشلىق كەبى قىممەتتۇر ئالەمدە،
يېتىپ كەلدۇق بولۇپ تەشنا قۇچاقلاشقا - قۇچاقلاشقا!

1992 - يىل 28 - ئاپرېل

# ئەۋلاد ئۈچۈن

قىيا باقماي چىمەن ـ باغلار ئارا راھەت ـ ئارامىلارغا،
تېرىمىدىن مەھسۇلى گۆھەر چېچىپ ئۆتتۈم بىنامىلارغا.

كۆز ئالدىمدا ئەزىز ئەۋلاد يولى، تەقدىرى ـ ئىقبالى،
ۋۇجۇدۇم، قەلبىم ئايلاندى يورۇق مەشئەلگە، شاملارغا.

جاھاندا بارمىدۇ چوڭ غەم ئەزىز ئەۋلاد غېمىدىنمۇ،
نەزەر سالغايمۇ پاك ئىنسان پۈچەك پۇل، ساختا ناملارغا؟

پەخىرلەن، ئەي ۋەتەن ئەھلى، پىداكار جەڭچى نەسلىڭدىن،
ئۇلار ئوت ئاچتى يول توسقان تۈۋى زەي ئەسكى تاملارغا.

پەخەس بول، ئەي ۋەتەن ئەھلى، مۇغەمبەر دۈشمىنىڭ موھتاج،
ئەقىل ـ ئىمانى بۇلغانغان نادان، تەلۋە، قاراملارغا.

ئۇلار تەشۋىش چېكەر ئويغاق نەسىللەر بەختىدىن ھەرئان،
ئۇزاتقاي مەلھىمى بىھوش سېلىپ تۈنلەردە جاملارغا.

ئەزىز ئەۋلاد ئۈچۈن جاننى پىدا ئەيلەيلى، ئىنسانلار،
ئۇلار بوپ كەتمىسۇن يەمچۈك جېنى ـ جىسمى ھاراملارغا!

1997 ـ يىل 22 ـ مارت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# قالدىمۇ ؟

زەل ـ زىرائەت مەھسۇلىدا ئاز ـ تولا تەم قالدىمۇ؟
ياپرىقىدا پاك ـ غۇبارسىز تامچە شەبنەم قالدىمۇ؟

كۆكسىگە ئۇردۇق ئوكۇل يۇمران كۆچەتنىڭ، مايسىنىڭ،
يەر ـ زېمىنغا بەرمىگەن بىز دورا ـ مەلھەم قالدىمۇ؟

ھەر موزاي قۇيرۇق كۆتۈرسە چۈشكىنى سۇلياۋ تېزەك،
چۈنكى بىز قانداقتۇ نەرسە قوشمىغان يەم قالدىمۇ؟

تامچە يامغۇر بولدى چۈشمەس ئوقنى چەنلەپ ئاتمىساق،
بىر قاراپ باق، ئەمدى كۆك ئاسماندىمۇ نەم قالدىمۇ؟

ھەر گىياھ، كۆكتات، تۇخۇم، قايماق ـ قېتىقتا غەيرىي تەم،
بىئامان دوختۇر تامان قاتراۋېرىپ چەم قالدىمۇ؟

1998 ـ يىل 1 ـ يانۋار

# مەغرۇر ناخشچى

كۆيلىرىڭ خانتەڭرىدە مەغرۇر جاراڭلايدۇ ئەجەب،
بۇ ئانا ئەلدىن ئېشىپ ئالەمدە ياڭرايدۇ ئەجەب.

ھەر ئېسىل ناخشاڭ يۈرەكنىڭ لەززىتى، جان راھىتى،
كۆيخۇمار خەلقىڭ سىنى ھەر جايغا داڭلايدۇ ئەجەب.

تۇغدى، چوڭ قىلدى مۇقەددەس بۇ ئانا يەر - پاك زېمىن،
پاك ۋەتەن-ئەل سۆيگۈسى چېھرىڭدە پارلايدۇ ئەجەب.

دەشتۇ چۆل كەزدىڭ يالاڭ ئاياغ ئەل سۆيەر ناخشاڭ بىلەن،
دەيدۇ ئەل: كارۋان يىگىت شام-سۇبھى ھارمايدۇ ئەجەب!

تۇتىقۇش سايرايدۇ دوراپ بارچە قۇش ئاۋازىنى،
بۇلبۇلى شەيدائى خاس ئۆز تىلدا سايرايدۇ ئەجەب.

بۇ ئانا يۇرتتىن ئېلىپ رىزقى-نېسىۋە بەزىلەر،
ئەجنەبىيچە تىلنى چايناشتىن ئۇيالمايدۇ ئەجەب.

تۆزنى يەپ، تۇزلۇقنى چاققان بىئەقىل، نامېھرىبان،
بەندىلەرنىڭ قىلمىشىدىن زەردە قاينايدۇ ئەجەب.

ئاھ سىنىڭ ناخشاڭغا، ئەي مەغرۇر، غۇرۇرلۇق ناخشچى،
ئەل سۆيەر، مىللەت سۆيەر ئەل قەلبى قانمايدۇ ئەجەب.

2000-يىل 16-ئاپرېل

www.uyghurkitap.com

# ئۆمۈر خاتىرىلىرى

**1**

ئەجەب قىسمەتكە يار ھەمراھ يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىم،
جاپانىڭ لاتقىلىق دەرياسىدا تاھىر كەبى ئاقتىم.

ھەقىقەت، ئەي ئەزىز ئىنسان قۇياشى، نەدىسەن؟ نەدە؟
دېدىم ئىزدەپ ھەقىقەت ـ ئەرك ئىشەنچ، ئارمان بىلەن باقتىم.

تىلىدىن ئاتتى بىر تال ئوق زەھەر تىللىق يوغان ئەرباب،
چىدام ـ سەۋرىم تۇغانىنى غەزەپ بازغانىدا چاقتىم.

ئۆزىنى ئەۋلىيا بىلگەن نادان قويغانىدا چوڭ ئوتنى،
بېشىمغا ھەربالا كەلسە كۆرەي دەپ مەنمۇ شام ياقتىم.

ئۇنى قۇزغۇن بىلىپ نىمجان، ئۆزۈمنى نەۋقىران شۇڭقار،
تەپەككۇر ئاسمىنى ئۆزرە كېچە ـ كۈندۈز قانات قاقتىم.

1965 ـ يىل ماي

**2**

ئاھ ئەجەب كۈلپەتكە يار ئوتتۇز يېشىم،
قاتمۇقات تاغ ئاستىدا مەغرۇر بېشىم.

تار قەپەسكە مۇپتىلا ئاشىق ئۆزۈم،
ئارزۇ ـ ئارمان دىلبىرىدۇر سىردىشىم.

بىر جاپاكەش تۆھپىكار باغۋەن ئىدىم،
ئەمگىكىم بولدى جىنايى قىلمىشىم.

ئۆزلىرى ئەڭ سېھرىگەر شەيتان تۇرۇپ،
«جىن» دېسە غۇچۇرلىماس قانداق چىشىم؟

مۇنچە ئۆرلەۋەرسە قەھرىم يالقۇنى،
ئايلىنىپ كەتمەمدۇ ئوتقا ئىچ-تېشىم.

1969-يىل 13-ئۆكتەبىر

3

ئاھ، گۈزەل دىلدار سوراپ قالدىڭ: يېشىڭ ئوتتۇزمۇ-قىرىق؟
پاتتى ئۈشتۈمتۇت گويا كارنايغا نەشتەر-قىلتىرىق.

«قىرىق» دېمەكنىڭ تەسلىكىدىن، بۇ سوئالنىڭ ۋەزنىدىن،
جانۇ جىسمىم بولدى يارغۇنچاقتا يانچىلغان تېرىق.

«قىرىق» دېسەم، دەرسەن: قېنى نەسلىڭگە قالدۇرغان مىراس؟
ھېچ دېمەسسەن: ئېيتقىنا باغرىڭدا قانداق چاك-يېرىق؟

سەن دېسەڭ: ئېيتقىن قەيەردە چاك-يېرىقسىز ساق يۈرەك؟
مەن بولۇپ قالماسمىدىم قارماقتا تولغانغان بېلىق؟

چۈشكۈدەكمەن قايسى ھالغا سەن دېسەڭ، شۇ چاغقىچە،
ئەلگە نەپ بەرمەي تۈزۈك مۆگدەپ يۈرۈش قانداق قىلىق!؟

1979-يىل 13-ئۆكتەبىر

## 4

بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپمەن، ئاھ، زىمىستان قىشتىن ئەللىكنى،
ئەلەمدە قالدۇرۇپ قانچە مېيىت دەرگاھى-يەرلىكنى.

كىشىلىك دۈشمىنى ـ شەيتان بوياق ئىنئام ئېتىپ مىڭ خىل،
دېدى:«بەخت ئىزدىسەڭ ئۆگەن مېنىڭدەك سېھرىگەرلىكنى».

كۆكۈل ئاسمانىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى ھەيۋەت،
ئايان ئەيلەپ مېنىڭ تۇغما مىجەزىم ـ دەلمۇ دەللىكنى.

دېدىم: سېھرىڭ بىلەن بىھوش ئېتەلمەيسەن مېنى، شەيتان،
كېتەلمەيسەن ئوغرىلاپ پاك غۇرۇر، پەخرىمنى-ئەرلىكنى!

تەئەددى تاشلىرى بەلكى ئاتار كۆكسۈمگە نادانلار،
ئۆمۈرلۈك ئىپتىخار بىلسەم يۈگەنسىز كەمبەغەللىكنى.

ماقال بار:«سۈت بىلەن كىرگەن مىجەز-خۇي جان بىلەن چىققاي»،
ئانا سۈت بەھرىدىن تاپقان ئەمەسمۇ مەن گۈزەللىكنى!

1989-يىل ئۆكتەبىر

## 5

چېلىپ كولدۇرما چوڭ كارۋان، دېدى «دوستۇم يېشىڭ ئاتمىش»،
كۆرۈندى جۇپ كۆزۈمگە، ئاھ، شىۋىرغانلىق زىمىستان قىش.

بۇ ئاتمىش غەيرىي سان تۇرسا نېمىشقا تەرلىمەس مۇزدەك،
بۇ ئالەم مېھرىگە تەشنا، نىگار ۋەسلىگە زار دەرۋىش؟

دىدىڭ جانان: ئۆتتۈۋەرسۇن كالېندار كارۋىنى مەيلى،
ھاياتىڭ باغنى ئەيلەي ۋاپا ـ مېھرىم بىلەن پەرۋىش.

دىدىڭ: «قويىنۇڭدىمەن، تەسىر ئېتەلمەس ئۈششۈكى كۈزنىڭ»
شىكەر لەۋزىڭ بىلەن يىتتى ـ يوقالدى بارچە غەم ـ تەشۋىش.

مۇھەببەت يالقۇنۇڭ ئۆچمەس ئىكەن، مەنىمۇ ھايات، غەمسىز،
ياشايمەن بولمىغاندەك بۇ جاھان سەيناسىدا ھېچ ئىش.

1999 ـ يىل ئۆكتەبىر

**6**

كۆڭۈلدە بىر ئەجەب تۇيغۇ، يېشىم يەتكەندە ئاتمىشقا،
يېقىنلاپ قالدىمۇ دەيمەن ھاياتلىق مەۋسۇمۇم قىشقا؟

بولۇركەن بارچە غەم ـ تەشۋىش تۇمانى بىر يولى غايىب،
مۇيەسسەر بولسا ھەر ئىنسان بۈيۈك ھەشقاللا ـ ئالقىشقا.

ئەزىز خەلقىم نېسىپ ئەيلەپ ماڭا شاھانە تون، زەر تاج،
كۆتۈردى ئالقىنىدا، نە دېگەيمەن بۇ ئۇلۇغ ئىشقا؟

ھاياجان تەپتىدىن تەرلەپ ـ پىشىپ ئېيتقاندۇرمەن مىڭ رەت:
ئەجەب سوزماپتىكەنمەن قول، تىلىمنى غەيرىي قىلمىشقا!

پەلەككە ئۆرلىسە يىپسىز چۇشەر پاتقاققا ھەر لەگلەك،
كىم ئەردىم دەسسىگەن بولسام يوچۇن ئۆتكەلدە ھۆل خىشقا!

2000 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىر

www.uyghurkitap.com

## 7

نېمىشقا سېسترا-دوختۇر سەھەر-شام باش-ئاياغىمدا؟
بۇ دەمگە يەتكۈچە ھېچ سەزمىگەن بىر بۇي دىماغىمدا.

نېمىشقا شۇ قەدەر نۇرسىز-غۇۋادۇر ھەممە ياق-ئالەم،
ۋەيا قالغانمىدۇ جانسىز ئاداققى نۇر قاراقىمدا؟

نېچۈن كەلمەسكە كەتكەنلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتەر بىر-بىر،
نېچۈن يوقتۇر قىزىل قاندىن ئەسەر ھۆسن-سىياقىمدا؟...

ئۇزاق بۇ يولدا ئاتمىش تۆت قەدەم باسقان ئىدىم، ئەپسۇس،
قالارمۇ بىمەھەل نەسلىم، نىگارىم ئوت-پىراقىمدا؟

بۈيۈك كارۋان دېگەي جەزمەن: پەخىرلەن كۈيچى تەشنائى،
سېنىڭمۇ خۇش ئاۋازىڭ بار تىنىمسىز قۇڭغۇراقىمدا!

2003-يىل ئۆكتەبىر

## 8

ئىلاھا، قىلمىدىڭ مەھرۇم زەئىپ جىسمىمنى تىغ جاندىن،
تىنىمسىز يول كېزەرىڭنى بۈيۈك مەردانە كارۋاندىن.

ئۆمۈرلۈك قىلمىدىڭ مەھرۇم سەمىمىي-ساددا بەندەڭنى،
سۆيۈملۈك يارۇ جانانىدىن، سىنالغان دوست قەدىرداندىن.

قىيامەتلىك بۇرادەر-دوست، قېرىنداش، يارۇ ئىخلاسمەن،
ۋاپا-مېھرى شىپالىقكەن تۈمەن خىل دورا-دەرماندىن.

ئۆزۈلمەي تامچىلار يامغۇر ياساپ ئۆركەش تومۇرلاردا،
شىپالىقراق ئىكەن روھىي ئوزۇقلار جەۋھىرى قاندىن.

زېمىندىن شورنى، زەيلىكنى قۇرۇتقاندەك قۇياش-ئاپتاپ،
مۇھەببەت-سۆيگۈ قوغلاركەن ئازاب-ئاغرىقنى ئىمجاندىن.

2003-يىل نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بولمىسا

1

بىر ئۆمۈر گۈللەمدۇ ئىقبال دىلدا يالقۇن بولمىسا،
خۇددى كۆكلەم تاشقىنىدەك كۆڭلى جۇشقۇن بولمىسا.
پۈركىنەرمۇ گۈل ـ چېچەككە قەلبىدىن سۆيگەن تىلەك،
دەۋرىمىزنىڭ كۈتكىنىگە ماس ۋە ئۇيغۇن بولمىسا.

كۈن ساناپ ئۇچتۇق يېڭىشنىڭ پەللىسىگە شان بىلەن،
دەۋرىمىزنىڭ مەيدىسىگە گۈل تاقاپ ۋىجدان بىلەن،
بۇ ئۇلۇغ كەلگۈندە چۆكتى تۇنجۇقۇپ لاي ـ لاتقىدەك،
زور چېلىشنىڭ قاينىمىدا كىمكى ئۇيقۇن بولمىسا.

ئۆرلىدى شۇڭقارغا ئوخشاش ھەر نەپەس كۆكرەك كېرىپ،
جۈت ـ تۈتەكلەر باغرىنى چاقماق بولۇپ دادىل يېرىپ،
كەتتى نامى ئەل ئىچىدە شۆھرىتى يايدى ئېتەك،
شەخسىيەتنىڭ تورلىرىغا كىمكى تۇتقۇن بولمىسا.

ئەل كۈتەر ئۆرلەشنى دائىم، ئەڭ گۈزەل مەنزىل يىراق،
ئاشۇ مەنزىل ئىشقىدىن قەلبىگە ياققىن شام ـ چىراغ،
ۋاقتى يەتمەستىن سۇلارسەن بوپ گويا ھەشقىپىچەك،
ئەلگە مېھرىڭ چوغ، ئۆزۈڭگە زەررە ـ ئۇچقۇن بولمىسا.

2

شوخلىنىپ سايرامدۇ بۇلبۇل لالە ـ رەيھان بولمىسا،
نەۋقىران ئاشىق كۈلەرمۇ يارى ـ جانان بولمىسا.

تۇننى ئويغاق ئۆتكۈزەرمۇ سىردىشىپ يۇلتۇز بىلەن،
قات-قېتىدا قەلبىنىڭ ئالەمچە ئارمان بولمىسا.

كىم گۈزەل جانان يولىغا تەلمۈرەر كۈندۈز-كېچە،
بىر بۈيۈك ئارمان يۈرەككە كۈچ ۋە دەرمان بولمىسا.

قىز-يىگىت يەتكەيمۇ لەززەتلىك ۋىسالنىڭ قەدرىگە،
شۇ ئۇزاق سۆيگۈ يولىدا دەردۇ ھىجران بولمىسا.

دەردۇ ھىجران ئىمتىھاندۇر ياش يىگىت-قىزلار ئۈچۈن،
ھېچ ئۆتەلمەس كىمدە ساپ ۋىجدانۇ ئىمان بولمىسا.

3

قىز چىرايلىق-ئۇز سانالماس مەڭزىدە مەڭ بولمىسا،
بولسا مەڭ، ئوتقاشسىمان پارلاق جۇلا-رەڭ بولمىسا.

تونىنى تون قىلغان كېلىشكەن بىر ياقا ھەم ئىككى يەڭ،
تون ئەمەس، دەل ئاخىرەتلىكتۇر ياقا-يەڭ بولمىسا.

«يېگۈچە تار يەردە ئاش، كەڭ يەردە مۇشت يە»
دەيدۇ خەلق،
يايرىماس، ئۆسمەس كۆڭۈل دەۋران-جاھان كەڭ بولمىسا.

يايرىماس، ئۆسمەس كۆڭۈل دەۋرانە كەڭ بولغان بىلەن،
بارچە ئىنسان نەسلى قانۇن ئالدىدا تەڭ بولمىسا.

ئەقلى بار ئىنسان دېمەس «مەن ھەممىدىن ئۈستۈن-ئېگىز»،
قارىنىدا يىلان-چايانلىق، مىكرى-نەيرەڭ بولمىسا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 4

گۈلنى كىم قىسقاي ئەزىزلەپ، گۈل چىرايلىق بولمىسا،
بولسا ئۇ رەڭدار، چىرايلىق، خۇش پۇراقلىق بولمىسا.

گۈل گۈزەل، گۈلشەن گۈزەل، گۈل سەيلىسى جانغا ھۇزۇر،
كىم قىلۇر گۈلشەندە سەيلە تەندە ساقلىق بولمىسا.

ئاي بىلەن يۇلتۇز قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەل-چىراغ،
تۈندە بەئەينى گۆرگە تەڭ مەشئەل-چىراغلىق بولمىسا.

«يول يىراقى بولسا بولسۇن، دىل يىراقى بولمىسۇن»،
دەشتى-چۆل ھېچ گەپ ئەمەس دىلدا يىراقلىق بولمىسا.

مول مېۋە-شەربەت تۆكۈلمەس ئارزۇ-ئارمان شاخىدىن،
ئەلدە ھۆر-ئەركىن ھايات، ئىلمي ئىناقلىق بولمىسا.

## 5

نە كېرەك باغ سەيلىسى دۇتار-راۋابى بولمىسا،
بەزمە-مەشرەپ نە كېرەك پاقلان كاۋاپى بولمىسا.

نەغمە-ساز كۆڭلۈمگە ياقماس ھەم دىلىم تارتماس كاۋاپ،
جان كۆيەر دىلبەر قولىدا مەي-شارابى بولمىسا.

يار قولىدىن ئالمىغايمەن سۇپسۇزۇك مەي جامىنى،
«ئۆز نىگارىڭ مەن» دېگەن شېرىن جاۋابى بولمىسا.

جام ئېلىپ دىلدار قولىدىن يۇتمىغايمەن قەترە مەي،
«تىك ياشا ئەركەككە خاس!» ـ ئۇشبۇ خىتابى بولمىسا.

كىم ياشار ئەركەككە خاس، مەردلىك كىتابى يازدى ئۇ،
دېمە ئادەم يازغىنىم مەردلىك كىتابى بولمىسا.

6

جانۇ-تەن ئالغايمۇ لەززەت، تاڭ ساباسى بولمىسا،
ناز بىلەن كۈلگەيمۇ گۈل، بۇلبۇل ناۋاسى بولمىسا.

نالە قىلماس قايسى بۇلبۇل، ئاھىدىن ئۆچقۇن چېچىپ،
چىن يۈرەك مېھرى بىلەن سۆيگەن زىباسى بولمىسا.

شۇل زىبا ھۆسنىگە زوق ئەيلەش ئۈچۈن جۈپ كۆز كېرەك،
كۆز دېگەن قوزۇق ئىزىدۇر نۇر-زىياسى بولمىسا.

كۆزگە نۇر نەدىن كېلۇر؟ سۆيگۈ ساداقەت شامىدىن،
باغرى تاش ئەما دېگىن مېھرى-ۋاپاسى بولمىسا.

كىم يېتەر مېھرى-ۋاپانىڭ قەدرىگە يارەنلىرىم،
شۇ ۋاپا دەرياسىنىڭ كەلكۈن-جاپاسى بولمىسا.

7

لالە قىلغايمۇ تەبەسسۇم ئىشقىۋازى بولمىسا،
ئىشقىۋازنىڭ لەزىز-شېرىن ئاۋازى بولمىسا.

لالە كۈلمەس ناز بىلەن، بۇلبۇلمۇ خۇش قىلماس ناۋا،
قەلبى سۆيگەن يۈرتىنىڭ كۆكلەم ۋە يازى بولمىسا.

ھۆر ھاياتنىڭ نەۋباھار، يازى كۈلۈپ ئاچماس قۇچاق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئەرشنى تىترەتكەن ئۇلۇغۋار غەلىبە سازى بولمىسا.

لەرزىگە سالغايمۇ يەر-ئاسماننى غەلىبە نەغمىسى،
ئوت يۈرەك مەردانىلەر قۇربانغا رازى بولمىسا.

مۆھتەرەمدۇر خەلق ئۈچۈن قۇربانغا رازى بولسا كىم،
ئەمما خەلقتىن ئۆزگىچە ئەرك-ئىمتىيازى بولمىسا.

8

زەر، گۆھەر نەدىن كېلۇر كان بولمىسا،
بولسا كان، ئىشلەمچى مەردان بولمىسا.

ئەلئارا بولغايمىدى زەر ئەتىۋار،
قىممىتىگە يەتكۈدەك جان بولمىسا.

زەرنى چۆلدىن شاھ رەشىد تاپقايمىدى،
قەلب كۆزىدە نۇرى ئىرپان بولمىسا.

زەر ـ نەفىسە نۇرىنى چاچقايمىدى،
ياخشى زەرگەر ـ شاھ رەشىدخان بولمىسا.

نۇر-جۇلا چاچقاي ئېسىل زەر ـ ئىقتىدار،
قايسى شاھ سەۋدايى، نادان بولمىسا.

9

كىم يېتەر مەنزىلگە بىر باش بولمىسا.
جان كۆيەر مەغرۇر سەپەرداش بولمىسا.

ئۆتكىلى بولغايمۇ ھىجران تاغىدىن،
خەۋپ ـ خەتەرلىك دەمدە يولداش بولمىسا.

شاھ سەنەم ئۇزمەسمىدى جان رىشتىنى،
ئاغىچى ئانادەك ئەلەمداش بولمىسا.

شۇل غېرىب بىلگەيمىدى ياردىن خەۋەر،
دوستى ئىلياستەك يۆلەكداش بولمىسا.

ھەم غېرىب يەتكەيمىدى يار ۋەسلىگە
ئەل بىلەن بىر جانۇ ـ قەلبداش بولمىسا.

**10**

نە كېرەك ئالتۇن قەلەم، ئۆچمەس سىياھى بولمىسا،
شۇل سىياھنىڭ ئۆزگىچە نۇرى ـ زىياسى بولمىسا.

لەيلى، رەيھان، قامچىگۇل...نىڭ بۇي ـ پۇراقى ئۆزگىچە،
نە كېرەكتۇر ئۆزگىچە بۇي رەڭ ـ جۇلاسى بولمىسا.

سايرىشار گۇلباغ ئارا خەندان ئۇرۇپ مىڭ ياكزا قۇش،
نە كېرەك جانىۋارنىڭ ئۆز ناۋاسى بولمىسا.

ئوخشىماس ئەنجۇر، ئانارنىڭ تەمى نەشپۇت، ئالمىغا،
نە كېرەكتۇر ئۆزگىچە لەززەت ـ شىپاسى بولمىسا.

مىڭ شېئىر، يۈزمىڭ شېئىر يازغان بىلەن نازىم ئەمەس،
ئۆز تىلى، ئۆز تۇيغۇسى، ئۆز مۇددىئاسى بولمىسا.

1961~1980 ـ يىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆمۈر قەسىدىسى

## ئەسىر سالامى

ئەسىرلەر ھالقىغان تۇغقان-قېرىنداشىم، سالام سىزگە،
ئەزىز ئۇستاز، قەدىردان دوست، ساۋاقداشىم، سالام سىزگە،
ئۇزاق يوللاردا ھەمراھىم، سەپەرداشىم، سالام سىزگە،
مۇشەققەت تاغ-داۋانىدا يۆلەكداشىم، سالام سىزگە،
ئەقىدە-ئېتىقادى پاك ۋەتەنداشىم، سالام سىزگە.

ئەسىرلەر ئۆتتى، ئاھ نى-نى كارامەتلەر بىلەن دوستلار،
يۈرەكلەر تولدى قانلىق داغ-جاراھەتلەر بىلەن دوستلار،
ئېلىشتۇق قاتمۇقات زەنجىر-ئاسارەتلەر بىلەن دوستلار،
قىزىل تۇمشۇق، قىزىل تىرناق ھاشارەتلەر بىلەن دوستلار،
ئەلەمداشىم، قەلەمداشىم، قەدەمداشىم، سالام سىزگە.

ئېرىشتۇق قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ ئاچچىق ساۋاقلارغا،
قىيا باقمايدىكەن ئارمان قۇياشى نائىناقلارغا،
ئاتا قىلغاي بۈيۈك بىرلىك، بىلىم-پەن يولچىراغلارغا،
قاچاركەن دەرد-ئەلەم ئويغان، ئىناقلاردىن يىراقلارغا،
بۇ ھېكمەت تەكتىگە يەتكەن زامانداشىم، سالام سىزگە.

بۇ يوللار قىستا-قىستاڭ، تار، تېخى بىز بىر قەدەم باستۇق،
ئېلىپ ئالقانغا بۇ جاننى شەرەپتىن لەۋھەلەر ئاستۇق،
بۇ لەۋھە، بۇ شەرەپ-ئۇنۋان ئەمەستۇر بىزگە پەر ياستۇق،
قېرىنداش، ئۇنتۇما، سوكسوك ئېشەك بىرلە داۋان ئاشتۇق،
بۇ يولدا مەڭگۈ بەل يەشمەس قېرى-ياشىم، سالام سىزگە.

جاھاندا بارچە ئىنسانىنىڭ مۇراد ـ ئارمان يولى ئۆزگە،
بىراۋ ئەتمەيدىكەن ئىنئام «ئېچىل داستىخان»نى بىزگە،
تېۋىنساق، ئىقتىدا قىلساق «بىلىم ـ بىرلىك» دېگەن سۆزگە،
قوشۇلغاي تەنگە جان ـ دەرمان؛ يورۇق ئاپتاپ غۇۋا كۆزگە،
ئېگىلدى جان ۋەتەن شەيداسىغا باشىم، سالام سىزگە.

2000 ـ يىل 31 ـ دېكابىر



# داۋان ئاشقانلار ئارمانى

(پېشقەدەم سەنئەت تۆھپىكارلىرى سەنئەت كېچىلىكى ئۈچۈن)

سالام، ئەي جان پىدا ئەتكەن ئۇلۇغۋار ئەھلى مىللەتكە،
سالام، لايىقلار ئالقىشقا، سەمىمىي سۆيگۈ-ھۆرمەتكە،
سالام، ئەۋلاد پىراقىدا تولۇپ ئالەمچە قۇدرەتكە،
چېچىپ قان-تەرىدىن ئالتۇن ئۇرۇق گۈلزارى سەنئەتكە،
مۇيەسسەر ئەيلىگەنلەر بۇ قەدىم مىللەتنى شۆھرەتكە.

سالام، بۇ يولدا سانسىز تاغ-داۋان بىرلە ئېلىشقانلار،
قاۋاندەك قۇترىغان چاپقۇن-بوران بىرلە ئېلىشقانلار،
كۆزى ئاچ-تويمىغۇر كەلكۈن-قىيان بىرلە ئېلىشقانلار،
زەھەر نەشتەر زىيانداش دۆ-چايان بىرلە ئېلىشقانلار،
سالام، بۇ يولدا نائىللار بۈيۈك ئابرۇي-ئىناۋەتكە.

بۇ يولدا قانچە دۆچ كەلدۇق خەتەرلىك ئەگمە-دوقمۇشقا،
بېرىپ بەرداش قارا قالپاق، تۆمۈر پەشۋا، چويۇن مۇشتقا،
سىلىندۇق پەسلى ئاتەشتە ئېغىر سۆرەم بىلەن قوشقا،
سەھەرگە ئۇلىدۇق شامنى قوتانلاردا بېقىپ چوشقا،
ھالال تەر-تۆھپە ئايلانغاچ قارام قىلمىش-جىنايەتكە!

قېنى ئۇستاز تۇداخۇن، زىكرىكام ھەم ھاجى رەھمانلار،
ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخان كەبى ئەھلى شەرەپ-شانلار،
قېنى ئەھمەد ئۆمەر، ئابدۇللا ھامۇد، ئىبراھىمجانلار،
قېنى شاتگۈل، مەلىكە، نۇرمۇھەممەدتەك قەدىردانلار،
نە چارە بۇ قەدەر ئاچچىق ئەلەمگە-زور مۇسىبەتكە؟

جەھەننەم كۈلپەتى تارتىپ ئامان قالغان تىرىكلەر بىز،
جاپاكەش ئەل ۋۇجۇدىدا قىزىل قان، ئاق يىلىكلەر بىز،
ۋەتەن ـ ئەل تەقدىرى بىرلە تەڭ ئورتاق ـ تەڭ شېرىكلەر بىز،
لاۋۇلداپ يانغۇچى شامۇ چىراغلاردا پىلىكلەر بىز،
پۈتۈن جان ـ جىسمىمىز تولغان ئۇلۇغ يالقۇن ـ ھارارەتكە.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ بىزدەك جاپاكەش يولچى ـ كارۋان يوق،
ۋە بەلكى باشقا يولدا بۇ كەبى دەھشەت باياۋان يوق،
جاھاندا جەبرىگە بىزدەك چىدام ـ بەرداش بېرەر جان يوق،
يۈرەكتە نى ئۇلۇغ ئارمان، بىراق ھېچقانچە دەرمان يوق،
ئەزىز ئەۋلاد، سىلەر ھەقدار گۈزەل ئاززۇغا ـ مەقسەتكە!

سىلەرنى ئىزباسار كارۋان، جەسۇر ـ مەردانە ياش دەيمىز،
سەھەردە ئۆرلىگەن ئالتۇن شەپەق، ئالتۇن قۇياش دەيمىز،
يۈرەك رىشتى ئۇلۇغ ئەجداد بىلەن مەڭگۈ تۇتاش دەيمىز،
سەبىي ئەۋلاد بىلەن بىر جان، نەپەسداش، قەلبداش دەيمىز،
سازاۋەر بولسىكەن دەيمىز بەخت ـ ئامەت، سائادەتكە.

ئۆتەر نى ـ نى شاھىنشاھلار، ئۆتەر نى ـ نى كۆرەڭ خانىش،
ئانا ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ تۆھپىكار دانىش،
ياغار ئەجرى ئەزىملەرگە تۈمەنمىڭ يىل شەرەپ ـ ئالقىش،
ئەقىل ئەھلىنى خار ئەتكەن جاھالەت شاھىغا قارغىش،
ياراتقىن تۆھپە، ياش ئەۋلاد، بېرىپ دىل بۇ ھەقىقەتكە.

جاھان باغىدا ھەر گۈلنىڭ مۇناسىپ نام ـ ئاتاقى بار،
ئۆزىگە خاس ھۆزۈر ـ بەھرى، سۈپەت، رەڭگى ـ سىياقى بار،
شىپالىق قىممىتى ـ قەدرى، ئۆزىگە خاس پۇراقى بار،

شۇڭا ھەر گۈلگە ھەر كىمنىڭ بۆلەكچە ئىشتىياقى بار،
مېنىڭمۇ سەنئىتىم بىر گۈل، ئىگە ئايرىمچە خىسلەتكە.

ياساڭلار بۇ ئۇلۇغ دەۋران ئەزىم دەرياسىدا ئۆركەش،
ھارارەت-نۇر ئاتا قىلسۇن يۈرەكتىن ئۆرلىگەن ئاتەش،
مۇقەددەس سەنئىتىم-روھى تائامىم بولمىسۇن ئەبجەش،
بىمار ئەتكەي بۇ داشقايناق، قۇتادماس ھېچ داۋا-ئەملەش،
يىراقنىڭ «دورىسى» ھاجەت ئەمەس بۇ نازۇ نېمەتكە.

سىلەرگە ئەيلىدۇق ئىنئام بۇ ئۆچمەس روھىي مەشئەلنى،
قىران ئەۋلادلار، باغلاڭلار بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن بەلنى،
يېرىڭلار مەڭگۈ سۇنماس روھ-ئىرادە بىرلە ئۆتكەلنى،
قىلىڭلار رازى، مىڭ رازى قەدىردان بۇ ئانا ئەلنى،
يېتىڭلار بۇ رىقابەت دەۋرىدە ئەرشى كامالەتكە!

2001-يىل 15-ئاپرېل



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېزا مۇئەللىمى

بېسىپتۇ قار كەبى ئاپئاق تۇزانلار كۆز ۋە قاشىڭنى،
كۆرۈپ قالدىم كېچە دەرسلىك كىتابتا ئۈنچە ياشىڭنى.

گۈزەل ئارمانلىرىڭ شۇنچە گويا ئۇ چاڭقىغان غۇنچە،
جاپاكەش نەسلىنىڭ ھالى كۆتۈرگۈزگەيمۇ باشىڭنى.

مەھەللە-كەنت كېزىپ ھەر تاڭ، قېقىپ دەرۋازا-دەرۋازا،
بالا چىللايسەن بىر چاغلار چاقىرغاندەك ئاداشىڭنى.

ئاپا-تەنە ئوقى ئاتسا، غەزەپ بىرلە ئىشىك ياپسا،
گۇناھقا بۇيرۇيالامسەن بۇ نامرات قەلبداشىڭنى؟

«كىتاب-دەپتەرگە پۇل يوق» دەپ سەۋەبلەر تۇرسا مۆلدۈرلەپ،
ئاتا قىلماي تۇرالامسەن ئاران تاپقان مائاشىڭنى؟

جاپايىڭ كۆپ، قولۇڭ قىسقا، ئېيتەلمەيسەن تۈزۈكرەك خۇش،
مۇبارەك ھېيتتىمۇ ئامراق بالاڭنى، يار-قاياشىڭنى.

ۋاپا-مېھرىڭ ياسار ئۆركەش يېڭى ئەۋلاد تومۇرىدا،
كۆرەرسەن دەل شۇلار تەقدىرىدىن ئارمان قۇياشىڭنى.

2002-يىل 24-يانۋار

## ئۇيغۇر چالغۇلىرى

راۋاب سايرايدۇ شام-سۇبھى ئىلى، تارىم، يۇرۇڭقاشتىن،
ساتار، دۇتار، غىجەك ئاتەش دىيارى، بۇغدا، باغداشتىن.
پەرىلەر راھتى ئاغۇ بۇلاق، سايرام ۋە باغراشتىن،
لېۋىدە كۆكلىگەن ھەر تال قومۇش ھەتتاكى جۇپ تاشتىن،
زېمىن-ئاسمان يېتەر گويا مۇراد ۋەسلىگە سايراشتىن.

بۈيۈك جەڭگاھ ئارا بۇرغا بوۋام ئاپراسياپ چالغان،
ئاۋازى شاھى ئىسكەندەر ئىچىگە مىڭ ۋەھىم سالغان،
قىدىرخان نامى-ئۇنۋانى ئانا تۇپراقنى بىر ئالغان،
تۇداخۇن، زىكرىكاملاردىن نەسىللەرگە مىراس قالغان،
بۇ ئەل ئايرىلمىغان نەغمە-مۇقام ئاتلىق سەپەرداشتىن.

چېكىلسە زەر-كۇمۇش تارى ئىپسىل قالۇن بىلەن چاڭىنىڭ،
تېپىلغاي مەلھىمى گويا كۆڭۈل ئىقلىمىدا ھاڭىنىڭ،
كۆز ئالدىڭدا ئايان بولغاي يېقىملىق جىلۋىسى تاڭىنىڭ،
چۈمۈلگەي ھەر يېقى نۇرغا قاراڭغۇ ھەر قۇدۇق-خاڭىنىڭ،
بولۇر غايىب قارا كۈلپەت-ئەلەملەر قۇزغۇنى باشتىن.

تولۇن ئايلىق كېچە كەلسە يىراقتىن مۇڭلىرى نەيىنىڭ،
دېگەيسەن نە ھۇزۇرى نەي ئالدىدا مەيىنىڭ،
بىرى ئابىھايات گويا، بىرى ساقىندىسى زەيىنىڭ،
سۇ ئىچكەي چاڭقىغان كۆڭلى غېرىپ ئاشىق بىتەلەيىنىڭ،
خەۋەر كەلگەن كەبى تەشنا سېغىنغان يار قەلەم قاشتىن.

ئەمەس كىم مەڭگۈلۈك شەيدا قۇياشلىق تاڭ ساباسىغا،

ئارامبەخش باغۇ گۈلشەنلەر ئارا بۇلبۇل ناۋاسىغا،
يېتەمدۇ شۇ ناۋا ئاتەشسىمان تەمبۇر ساداسىغا،
نەفسە يەتمىگەنمۇ ئۇ بىلەن ئارمان قىياسىغا،
ئېلىپ قۇدرەت رەشىدخاندەك قەدەمداش، يار-يۆلەكداشتىن؟

بۇلۇت يارغان قىيا ئوخشاش ئېگىز پەشتاقتا داپ-دۇمباق،
ئاڭا جور ناغرا-سۇنايىنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر ياڭراق،
ساما سەيناسى تەۋرەيدۇ، مۇقاملار سورۇنى قايناق،
ناۋاسىز- روھىي لەززەتسىز ئۆتەر ئىنسان كۆنى قانداق؟
دېگەي تەشنائى:«ئايرىلما، بالام، بۇ يارۇ سىرداشتىن!»

ناۋادۇر كۆركى ھېيت-ئايەم، مۇبارەك توي-تاماشانىڭ،
ھاياتلىق بەھرى بەخش ئەتكەي دىلىغا ھەر گاداي-شاھنىڭ،
ناۋا-نەغمە بىلەن ھەتتا ياشارغاي كۆڭلى ئەرۋاھنىڭ،
ئوشۇق كەتمەس دېسەك «نەغمە - ئۆزىدۇر ئەمچى-جەرراھنىڭ»
قۇۋۋەت-كۈچ ئالمىغان كىم بار بۇ يەڭلىغ مەنىۋى ئاشتىن؟

ئۇلۇغ ئەجداد قىلىپ پەرۋاز بىلىم-پەن دۇلدۇلى بىرلە،
ئوراپتۇ بۇ ئانا يەرنى ھۈنەر-ھېكمەت گۈلى بىرلە،
ياساپ نى-نى ئېسىل چالغۇ ئىجادكار جۈپ قولى بىرلە،
يېيىپتۇ كۈللى ئالەمگە بۈيۈك كارۋان يولى بىرلە،
غۇرۇر ئەيلەيدۇ ئەل ئالىم، ئىجادكار ئۇستا، نەققاشتىن.

قەدىم چاڭئەننى لال ئەتكەن بوۋام ھەشتارى — پىپاسى،
ساپايە، بۇرغا، ئود، تاش، قوشۇق، ئەرخۇسى، غۇڭقاسى،
ئۇ ئەردى ساز دىيارىنىڭ يىتۈك ئۇستازى، داناسى،
ئوقۇيدۇ ئەجرىگە تەھسىن بۈگۈنكى چالغۇ دۇنياسى،
زامان كۈتمەكتە ئىخلاسمەن مىراسخورلۇقنى ھەر ياشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىجادىي تۆھپىسى يۈكسەك بۇ ئەل ئوخشايدۇ كارۋانغا،
ئەسىرلەر تاغ-داۋانىدىن ئېشىپ يەتتى بۇ دەۋرانغا،
ئىجاد-تۆھپە بىلەن تولغاي يېڭى دەۋرانىمۇ دەرمانغا،
يېتەر بۇ تۆھپىكار كارۋان گۈزەل مەنزىلگە، ئارمانغا،
بۇ يولدىن توختىماس ئاۋۋال پەلەكنىڭ چاقى توختاشتىن!

2002-يىل 25-مارت



# ئايلىناي

ئايلىناي، ىىزارى ئەل ئىلانلىرىڭدىن ئايلىناي،
توختىماس-تىنماس قۇرۇق داۋراڭلىرىڭدىن ئايلىناي،
جانغا پاتقان لاپلىرىڭ-يالغانلىرىڭدىن ئايلىناي،
لاپ ۋە يالغان قۇترىغان مەيدانلىرىڭدىن ئايلىناي.

رەستە بويلاپ داڭلىغان سەرخىل مىلىنى قايسى ئوڭ؟
كىم دېگەي بوپ كەتتى مەي سويما-خەمەكلەر تۇرسا توڭ؟
قانچە ئۇششاق بولسا نان تورلايدۇ ناۋاي شۇنچە چوڭ،
داڭلىغان توڭ سويما، ئۇششاق نانلىرىڭدىن ئايلىناي.

قەدىر-قىممەتتىن جۇدا ئەيلەپ شاھىنشاھ-شاھنى سەن،
«شاھ» دېدىڭ زۇمرەت لىباسلىق جەڭ خۇمار ئەرۋاھنى سەن،
«سورۇنى شادلىق» دېدىڭ مۇشت قايىنغان جەڭگاھنى سەن،
«خوش-خوشە!»دىن سوگرە تۆككەن قانلىرىڭدىن ئايلىناي.

«بىرنى كاپ ئەتسەڭ تۈمەن يىللىق كېسەل قاچقاي» دېدىڭ،
«بۇ ھاياتلىق يوللىرىڭغا مەڭگۈ نۇر چاچقاي» دېدىڭ،
«تەن ئىسىملىك بۇ دەرەخ ھەركۈن چېچەك ئاچقاي» دېدىڭ،
جانغا بەخش ئەتمەكچى كۈچ-دەرمانلىرىڭدىن ئايلىناي.

دەيدۇ ئەل «ئەمەن تېتىيدۇ كۈندە يەۋەرسە ھەسەل»،
كۆپ يېۋەتكەن ھەر ئىسىل مەلھەممۇ قىلغاي رەج-كېسەل،
ئازمۇ تەمسىز-لاۋزا داۋراڭ ھەققىدە تەمسىل-مەسەل،
لاپلىرىڭ - باسماققا چاچقان دانلىرىڭدىن ئايلىناي!

يار يىلىمدەك چىش بۇزار بەتتەم سېغىزنى داڭلىدىك،
مىلىڭ قۇرت تەشمە-تونىل تەشكەن مېغىزنى داڭلىدىك،
«پەرى» دەپ بەدپەيلى، بەدرەڭ قېرى قىزنى داڭلىدىك،
تولمىغان-تولمايدىغان ھەميانلىرىڭدىن ئايلىناي!

ئۆز-ئۆزىنى توختىماي داڭلايدىغان كاككۇكقا باق،
زەينىپى بىزار بولۇپ قاچقان ئەمەسمۇ بەك يىراق،
ئالدىغۇ ئابرۇي چېچىپ نۇر ئۇن چىقارماي شام-چىراغ،
داڭلىغانچە قالمىغان ئۇنۋانلىرىڭدىن ئايلىناي!

2002-يىل 30-مارت



# قانمايمەن پىراقىڭغا

ئەجەب تەشنائىمەن، جانان، گۈزەل ھۆسنۈڭ سىياقىڭغا،
سىياقىڭ زىننىتى-كۆركى چىرايلىق قوش زىناقىڭغا.

قېنىم ئالتۇن ئۇرۇق، ياشىم شىپالىق جەۋھىرى شەبنەم،
گۈل ئۆستۈردۈم ئىپار-ئەنبەر ئۇرۇلسۇن دەپ دىماغىڭغا.

پىراقىڭ تەپتىدىن تۈنلەر بىدارى ئېيتىمەن كۈيلەر،
يېتەر دەپ ئېتىقاد-ئىخلاس، ئەلەم-ئاھىم قۇلاقىڭغا.

كېلىپ سانسىز قېتىم كەتتى خۇش ئاۋاز قارلىغاچ، تۇرنا،
مانا، ئاق چۈشتى تەشنالىق تۈپەيلى كۆز قاراقىمغا.

نە بولغاي ئايجامالىڭدىن نۇر ئالغان يېڭى ئالەمدە،
مۇرادىم تەختىگە يەتسەم قويۇپ باشىم ئاياغىڭغا.

2002-يىل نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاھ!... دېسە

ئازابتىن «ئاھ!» دېسە دوستۇڭ، قاياشىڭ، يار-يۆلەكداشىڭ،
كېلىپ لەرزىگە جان-جىسمىڭ، تۆكۈلمەمدۇ سىماب ياشىڭ؟

بىرى زار يىغلىسا كۆلگەن-ھىجايغاننى دېمە ئادەم،
ئۇنىڭ باشىغا مۆلدۈردەك تۆكۈلسۇن دەرغەزەپ تاشىڭ.

ئەزىم دەريا قۇرۇپ قالماس ئۇچۇملاپ ئىچسە ئەل قانچە،
سېخىي بولساڭ تۈمەن ئامبارغىمۇ پاتماس نېنىڭ-ئاشىڭ.

پەلەكنىڭ ئايلىنار چاقى خۇشاللىق-غەم بىلەن ھەرئان،
چۈشەنسەڭ، غەم-ئەلەم چەككەن سېنىڭ جان دوست-قېرىنداشىڭ.

ئاياپ يۈرمە قېرىنداشتىن ئاخىرقى تامچە زەمزەمنى،
يېشىل كۆنلۈككىمۇ موھتاج بولۇپ قالغاي ئەزىز باشىڭ.

2002-يىل 20-ئۆكتەبىر

# پەي

سەھەر-شام ئاڭلىدۇق تەنھا يېقىملىق ناخشا «ئەللەي»نى،
چوڭايدۇق تەڭمۇ تەڭ ئويناپ كۆڭۈل خۇشتارى «ۋەللەي»نى.

دېدۇق: تەڭ يەيلى نان تاپساق، يۆلەيلى تاغ-داۋان ئاشساق،
ئۆتەيلى ئۆرلىسەك-چۆكسەك مۇشۇ ئىسكەتتە ئۆز ئەينى.

يىقىلماس مەنىۋى تۈۋرۈك دېدۇق: بىز مەڭگۈلۈك دوستلۇق،
مالاي-قۇللارغا خاس ئادەت بىلىپ «خوش-خوش»نى،
«لەببەي»نى.

باغاش ئەتمەك بولۇپ يايسام قولۇمنى دەل بۈگۈن، دوستۇم،
ماڭا سۇندۇڭ غادايغانچە سوغۇق بىر قارا پەلەينى.

بىھاجەتمەن ئىدىم، بىلسەڭ، ساڭا ئەرز-ئىلتىماسىم يوق،
كۆز ئالدىمدا ئايان ئەتتىڭ پەلەكتە لەيلىگەن پەينى!

2002-يىل 20-ئۆكتەبىر



# قەھرىمان ئانا

مىڭ جاپا ـ يۈزمىڭ جاپا ـ كۈلپەت ئىدى چاغلىق ساڭا،
ئاھ، ئەجەبمۇ سالدى چاڭگال بىداۋا ئاغرىق ساڭا.

يار ـ قەدىردانىڭ، ئەزىز پەرزەنتلىرىڭ مېھرىڭگە زار،
تەقدىرى، بەختى، خۇشاللىق ـ قايغۇسى باغلىق ساڭا.

ھەر سۆزۈڭ ـ لەۋزىڭدە ئوت، چېھرىڭدە كۆكلەم جىلۋىسى،
بەردى بىر ئالەمچە كۈچ ئەۋلادقا ئامراقلىق ساڭا.

«بىر نەپەس بولسام ھايات، ـ دەپسەن، ـ چاچاي بىر زەررە نۇر»
ھەممىدىن ئەۋزەل غۇبارسىز روھىي ساغلاملىق ساڭا.

سەن ئېسىل قارلەيلىسى يەڭگەن زىمىستان قەھرىنى،
قالدى ھاڭ ـ تاڭ شەھرىزاد ھەتتا دالا ـ تاغلىق ساڭا.

قەلبىڭگە ئەيلەپ نەقىش پاك خىسلىتىڭنى ياش نەسىل،
ئالغا يۈرگەي سىلكىتىپ ھۆرمەتتە قول، ياغلىق ساڭا.

قەھرىمانى سەن كېسەلگە قارشى جەڭ مەيدانىنىڭ،
ئېيتقىنا كىمدىن مىراس بۇ مەنىۋى بايلىق ساڭا؟

2002 ـ يىل 22 ـ ئۆكتەبىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

# ئۇيغۇر مۇقاملىرى

بۈيۈك خانتەڭرى باغرىنى ئارامبەخش سەيلىگاھ دەرلەر،
ئارامبەخش سەيلىگاھتىن ھەم مۇقەددەس سەجدىگاھ دەرلەر،
تېشىنى بىباھا گۆھەر، قۇمىنى تۇتىيا دەرلەر،
شىپالىق مۇندا بىخ سۈرگەن-ئېچىلغان گۈل-گىياھ دەرلەر،
نەزەر تاشلاپ بېھىش يۈزىنىڭ تەئەججۈپ بىرلە «ۋاھ!» دەرلەر.

خاس ھاجىپ، قەشقەرى مەھمۇد كەبى زاتلار يېزىپ چىقتى،
ۋاراق ئاسمانىغا سانسىز يورۇق يۇلتۇز تىزىپ چىقتى،
ناۋا-ئەلنەغمە كانىدىن جاۋاھىرلار قېزىپ چىقتى،
ئەزىز ئەۋلادىغا ئىسسىق قېنىدىن يول سىزىپ چىقتى،
بۇ ئەل تارىخىغا ئالەم بىتەھقىق «بىز گۇۋاھ» دەرلەر.

قورام تاشلار يېرىپ چىققان مۇقامنىڭ بىخلىرى ھەريان،
شۇ بىخنىڭ قات-قېتىدا مىڭ پىغان، يېگانە — بىر ئارمان،
ئۇنىڭ يىلتىز-تومۇرىدا ئوغۇز سۈت، سوۋۇماس ساپ قان،
شۇڭا ھەر كۈي-ئاھاڭىدا ئاجايىپ سېھرىي كۈچ-دەرمان،
پەرى-ھۆر ئاڭلىسا جەزمەن «ياشاپتۇق بىزمۇ، ئاھ!» دەرلەر.

سېلىپ ئاستىن نەزەر ئاشىق رەشىدخان ئۇشبۇ يۇرتلارغا،
ۋۇجۇدى ئايلىنىپ مەلھەم يېغىن تۆككەن بۇلۇتلارغا،
قىيا باقماي قاۋاندەك قۇترىغان قۇڭغۇز-قۇرتلارغا،
ئۆزىنى ئاتتى يار-مەھبۇب نەفسە بىرلە ئوتلارغا،
شۇڭا ئەل «تۆھپىسى مەڭگۈ كۆمۈلمەس ئەلپاناھ» دەرلەر.

يارالدى بىر ئەزىم دەريا تۈمەن ئەگىز، بۇلاقلاردىن،

ئۇلۇغ گۈلخان چېچىلغان ھەر تامان ئۇچقۇن ـ پىراقلاردىن،
مۇقام نامى بىلەن كەلدى يېتىپ چەكسىز يىراقلاردىن،
شەرەپشان تاجىنى كىيدى ئۆتۈپ مۈشكۈل سىناقلاردىن،
مۇقامنى ئەلئارا نەغمە ـ ناۋا تەختىدە شاھ دەرلەر.

مۇقام ئون ئىككى ئاي گويا، جۇلالىق نەغمىلەر يۇلتۇز،
گۈزەل «چوڭ نەغمە»سى، «داستان» بىلەن «مەشرەپ» ئاجايىپ ئۈز،
ئېرىيدۇ تەپتىدىن گويا زىمىستان قىشتىمۇ قار ـ مۇز،
ياشارغاي بەھرىدىن قاقشال كۆچەتتەك چاڭقىغان ئۇسسۇز،
مۇقامسىز باغنى ئەجدادىم ئەزەلدىن قەبرىگاھ دەرلەر.

مۇقامنىڭ ناملىرى قالتىس، ئۇنىڭ ئەڭ تۈنجىسى «راك»تۇر،
يارالغاچ پاك زېمىندا كۈي ـ غەزەللەر مىسلىسىز پاكتۇر،
بۇ ئالەم خەزىنىسىدە جۈپتى يوق، يېگانىدۇر ـ تاقتۇر،
مۇقام ئۆچمەنلىرى باغرى ھەسەت ـ ھەسرەت بىلەن چاكتۇر،
مۇقاملارنى يەنە «ئۇششاق»، «مۇشاۋرەك»، «چارىگاھ» دەرلەر.

ساداقەتمەن بولۇپ ھەركىم ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا،
سەھەر «ئۆزھال» بايان ئەتسە «بايات»قا، «چەببىيات»ىغا،
بولۇپ نائىل بۈيۈك ھىممەت، ساخاۋەت ـ ئىلتىپاتىغا،
ھاياتلىق شەربىتى بىرلە يېتىپ ئارزۇ ـ مۇرادىغا،
مۇغەننى چال، خۇمار قىلدى «ئەجەم»، «ئىراق»، «سىگاھ»دەرلەر.

تولۇن ئايلىق كېچە تەمبۇر ئەجەب مۇڭلۇق ناۋا قىلدى،
ناۋانىڭ سېھرى ئاشىق شاھ رەشىدنى مەھلىيا قىلدى،
تەلەپ ـ مەتلۇبىنى نازۇك مۇغەننى قىز راۋا قىلدى،
ئۇلارنى بىر مۇقام بىر جۈپ دىلاۋەر ـ دىلرەبا قىلدى،
مۇبارەك شۇ مۇقامنىڭ خاس ئېتىنى «پەنجىگاھ» دەرلەر.

«ناۋا» نىڭ كۈيلىرىدىن جان ئارامى ئالغۇسى ئالەم،
بۇ كۈيلەر ياڭرىغاي جەزمەن بۇ ئالەم بولغۇچە مالەم،
مۇقامنى كىم دېمەس «پەخرىم، سۆيۈش-قوغداش ئىشەنچ، غايەم»،
پېقىر تەشنائى: يىتكەنگە قەدەر ئالەمدىن ئىز-سايەم،
مۇقامچۇن پوستقا تۇرغايمەن كېچە-كۈندۈز ئاگاھ دەرلەر.

2003-يىل يانۋار



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى

## بايرام ماڭا

ھەر سەبىي كۈلكەڭ، بالام، ئالەمچە زوق-ئىلھام ماڭا،
يوق ھاياتىمدا تويۇڭدىن كاتتىراق بايرام ماڭا.

ئېتىقادى پاك نەسىل ئامراق ئۇلۇغ ئەجدادىغا،
شادلىقىم شۇ، جان بالام، سەنمۇ ئاجايىپ رام ماڭا.

تەقدىرىڭ-بەختىڭنى دەپ چۆشتۈم ئەزىم دەرياغا مەن،
سەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس نى-نى قىيان-قاينام ماڭا.

چۆل كېزەر بولسام كۆيۈك ئاپتاپتا ئۆرتەپ جاننى مەن،
ئۇ بىلىنگەي جان ئارامى خۇش ھاۋا سايرام ماڭا.

نە ئۈچۈن تەشنائى باغرىم قانمىسۇن چوڭ توي كۈنۈڭ،
ئارزۇ-ئارمان دىلرەباسى تۇتسا ئالتۇن جام ماڭا.

2004-يىل فېۋرال

# ئەجەب

## 1

ئۆتتى يىللار، قەرنىلەر، بولمايسىنا سەن چوڭ ئەجەب،
شۇنچە ئاتەش ياز ئۆتۈپتۇ سەن تېخىچە توڭ ئەجەب؟

تەن ئەمەسمۇ ئۇستىخان ـ ئەتتىن قۇرۇلغان بىر بىنا،
ئۇستىخانىڭ يوقمىدۇ ـ يۇمشاق بىلىك، بوينۇڭ ئەجەب؟

كەڭ ـ كۇشادە ئالدى جاي تۆردىن بىراۋلار نى زامان،
شۇنچە قىلساڭمۇ يەنە پەگاھدىدۇر ئورنۇڭ ئەجەب؟

هالۇ ئەھۋالىڭنى مەن بىلمەيدىغاندەك، ئەي ئاداش،
مەيدىگە مۇشتلاپ تېخى سۆزلەيسىنا «پوڭ ـ پوڭ» ئەجەب.

بولسا شۇنداق خۇي ـ مىجەزىڭ قول قاساپ ئاچچىققىنا،
دەپ قالارسەن تەلىيىم كەلمەيدىغاندۇ ئوڭ ئەجەب؟

2004 ـ يىل 14 ـ ئۆكتەبىر

## 2

قان ـ قېرىنداش، يار دېمەي، جان دوست دېمەي چاقتىڭ ئەجەب،
سايىدەك ئەگىپ يوچۇن دەرۋازىلار قاقتىڭ ئەجەب.

كۆز يۇمۇپ كۆندۈزلىرى ھەريان باقار تۈندە ھۇقۇش،
قاپقارا تۈن، يوپيورۇق كۆندۈزدىمۇ باقتىڭ ئەجەب.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەر چايان-يىلان ياتار چاقماي ئۆچەكتە قىش بويى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن چىقاركەن چاققىلى ۋاقتىڭ ئەجەب.

ئاق كۆڭۈللەر ئۆستىخانىدىن ياساپ يەلكەن-قېيىق،
ساپسېرىق زەرداپۇ قان دەرياسىدا ئاقتىڭ ئەجەب.

مىڭ چېقىپ، يۈزمىڭ چېقىپ، كۈنلەر چېقىپ، تۈنلەر چېقىپ،
ئۆز گۆرۈڭگە ئاخىرى ئوتنى ئۆزۈڭ ياقتىڭ ئەجەب.

2007-يىل نويابىر

3

خۇش ۋىسال پەسلى كۆرۈنمەيدۇ كۆزۈڭدە ياش ئەجەب،
تۇرغىنىڭ-تۇرغان سېنىڭ ئۈستۈن كۆتۈرمەي باش ئەجەب.

باغرىدىن يالقۇن چېچىپ كەلسە يىراقتىن جان ئاناڭ،
بولمىدىڭ بىردەممۇ زار-تەشنا دىدار-سىرداش ئەجەب.

پايپېتەك بولسا ساۋاقداش كەلدى دەپ ئۆز ئانىمىز،
«ۋىللىدە كۈلمەي قېتىپ يۈردۈڭ سۈزۈپ كۆز-قاش» ئەجەب.

ئاق-قارا چاچ، ساددا كۆز، كۆيگەن چىراي، ئاددىي لىباس،
شۇمىدى قۇرۇلغىنىڭ؟ بوپ قالدى سىرلار پاش ئەجەب.

يىلتىزى-ئەجدادىنى كىم سۆيمىسە جان-دىل بىلەن،
بوپ قالاركەن باغرى شۇنداق ئىللىماس بىر تاش ئەجەب.

2004-يىل 16-فېۋرال

# توي قەسىدىسى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 80 يىللىق تويىغا)

1

ھاياجان تەپتىدىن باقتىم يىراققا ـ بەك يىراقلارغا،
ئانا تۇپراقنى ئويغاتقان جاراڭلىق قوڭغۇراقلارغا.

جەسۇر ـ مەردانە ئەۋلادىڭ ئۇزۇلمەس، توختىماس كارۋان،
چۆمۈلگەن جان ـ تېنى ئۆچمەس پىراققا، ئىشتىياقلارغا.

قارا تۈنلەر، كاتاڭلىق يول قەدەمدە مىڭ توزاق ـ قاپقان،
ئەجەل ـ ماتەم ھىدى ھەرئان ئۇرۇپ تۇرغان دىماغلارغا.

يېرىلدى، تەۋرىدى تۇپراق، جىغىلداپ كەتتى لۇگۇچياۋ،
پىداكار نەسلىڭ ئايلاندى شۇئان شەمشەر ـ پىچاقلارغا.

شۇ نەسلىڭ ئاتتى قانلىق ئەنت ـ قىساس ئوقياسىدىن ئوقلار،
پاكار ئالۋاستى ھەم مىللىي مۇناپىق، كۆز ـ قۇلاقلارغا.

«تەسەددۇق ئەرك بۇ جان!» دېدى لۇتپۇللادەك مەردلەر،
بېرىپ گۈلدۈرماما يەڭلىغ جاۋاب ھەر سوت ـ سوراقلارغا.

بۈيۈك خانتەڭرىدە غەلىبە تۇغى جەۋلان قىلىپ ئاخىر،
چۆمۈلدى چاڭقىغان سەھرا ـ دالالار خۇش پۇراقلارغا.

قېتىلدى شۇ قىزىل تۇغقا قېنىڭ ھەم، ئەي ئانا جانىم،
بۇ تۆھپەڭ تەۋرىمەس ئۇل تاش پەلەك قۇچقان راۋاقلارغا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 2

بۈگۈن قۇتلۇق تويۇڭ، نەسلىڭ چۆمۈپ قايىنام بولاقلارغا،
يەنە باقتى بۈيۈك ھۆرمەت-مۇھەببەتتە يىراقلارغا.

خۇش ئاۋاز سايرىغان دەملەر قۇياشلىق تاڭدا شوخ بۇلبۇل،
گۆھەر-ئالتۇن ئۇرۇق چاچتىڭ كۆڭۈل تۇپراقى ئاقلارغا.

مۇيەسسەر ئەيلىدى ھىممەت-مۇرۇۋۋەتلىك سېخىي باغرىڭ،
تۈمەنمىڭ ياش تەلەپكارنى يورۇق مەشئەل-چىراغلارغا.

جۇدۇنلار قۇترىغان دەملەر، بىلىم-پەن توڭلىغان دەملەر،
قەدىردانىم، دۇچار بولدۇڭ ئەجەب قىسمەت-سىناقلارغا.

ۋابا-ئاپەت شاھىنشاھى كۆتۈرگەن مىسلىسىز غەلۋە،
يەنە قوشتى جاراھەت-داغ ئەسىرلىك داغ-قاداقلارغا.

بويۇڭدا قان يۇقى سىرتماق، بېشىڭدا قاپقارا قالپاق،
غەزەپ-قەھرىڭ بىلەن باقتىڭ قىزىل كالتەك-چوماقلارغا.

ساناقسىز تۆھپىكار نەسلىڭ بېشىدا ھەم ئازاب-كۈلپەت،
ۋەتەن شەيدالىرى سۈرگۈن ئېتىلگەچ ھەر قاياقلارغا.

سىناقتىن ئۆتتى ئەۋلادىڭ، ئۆزۈڭ بەرگەچ، ئانا جانىم،
تومۇرغا قان، يۈرەككە ئوت، يورۇق نۇر كۆز قاراقلارغا.

«ئاداققى پەللىگە يەتكۈز!» دېدىڭ سەن تۇتقۇزۇپ مەشئەل،
ئەقىدە-ئېتىقادى پاك-غۇبارسىز، روھى ساقلارغا...

## 3

تۈمەنمىڭ زارۇ تەشنائى بولغان ئالدىڭ قۇچاقلارغا،
ئۆزۈڭ سالدىڭ ئېسىل ئالتۇن، پولات تاۋلار ئوچاقلارغا.

ئايان ئەيلەپ خاس ھاجىپ، قەشقەرى مەھمۇد مىراسىنى،
دېدىڭ: نۇسرەت-زەپەر مەنسۇپ دىلى ئويغاق، ئىناقلارغا.

دېدىڭ: ئوخشايدۇ پاك ئىنسان ئۇلۇغۋار غايە-ئارمانلىق،
ئانا كۆكسىگە تەلپۈنگەن سەبىي يۇمران بوۋاقلارغا.

دېدىڭ: ئۇچماقتا بۇ ئالەم، يېتىشمەك ئىستىسەڭ ئايلان،
ئېگىلمەس، ئۇپرىماس ئوقتا، ئۇچار ئايلانما چاقلارغا!...

ۋاپا-مېھرىڭ يېتىشتۈردى تۈمەن ئالىم، ئەدىب، رەسسام،
ئېرىشكەن ئەل ئارا ئالىي شەرەپ، ئابرۇي-ئاتاقلارغا.

سېنىڭدىن ئىپتىخار ئەتكەي ئەزىز ئەۋلاد، زامان، تارىخ،
ئۇلۇغۋار تۆھپە-ئىنئامىڭ نەقىش ئالتۇن راۋاقلارغا.

2003-يىل 14-ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتلىق ھېكمەتلىرى

تۇغۇلسا بەشكېزەك تەڭلا بولاركەن تەقدىرى بەش خىل،
قەدەمدە مىڭ كارامەتلەر، تەپەككۇر قىل، تەسەۋۋۇر قىل.

نەزەر سال، ياپيېشىل شاخلار ئارا بىر تال سېرىق ياپراق،
شامالدا تەۋرىنىپ لەرزان چۈشەر تۇپراققا بىمەزگىل.

ئەپەستىن قانچىسى قالدى بۇ يولدا ياش زەبەردەستىن،
ياشانغان نى مېيىپ-مەجرۇھ يۈرەر كۆزلەپ يېگى مەنزىل.

پولات ئارقانغا بوي بەرمەس باھادىر-شاھى مەردانىنىڭ،
تۆمۈردەك جانىنى ئالغاي گېزى كەلگەندە بىر تال قىل.

ئەجەبكىم، يانسا بەزەنلەر جاپا دەشتىدە مەشئەلدەك،
يانالماس بەزىلەر راھەت ئارامگاھلاردىمۇ پىل-پىل.

قونار دۆلەت قۇشى بەزەن تەمەسىز بىر جاپاكەشكە،
بىراۋ تۇرغاندىمۇ تەڭلەپ جىگەر-گۆش تور يېيىپ ھەرخىل.

كۆلەر ھەركىم گېزى كەلسە، بىراۋنىڭ ئۆگسۈلى باشقا،
يۈزىدە بىر زەئىپ كۈلكە، كۆزىدە ياشلىرى غىل-غىل.

2005-يىل 5-فېۋرال

# بىل

1

جاھان ئەھلى ئارا ئاتەش يۈرەك مەردانىنى ئەر دەپ بىل،
يارالغاي دەل ئاشۇنداق ئەر بىلەن قۇتلۇق سەھەر دەپ بىل.

تۆكۈلگەي تەر چېپىشقان گال كويىدا ئات-ئۇلاغدىنمۇ،
ئۇلۇغۋار مۇددىئا بىرلە تۆكۈلگەن تەرنى تەر دەپ بىل.

داۋاسى خاسىيەتلىك تەر يېرىلغان-چاڭقىغان يەرنىڭ،
ئۈنىڭ بىرلە گىياھ ئۈنمەس دالادا گۈل ئۈنەر دەپ بىل.

ھېسابسىز كۆكتە يۇلتۇزلار، يېگانە-يەككىدۇر چولپان،
ئاشۇنداق شولا چاچقانىنى سەدەب ئىچرە گۆھەر دەپ بىل.

گۆھەرنىڭ قەدرىگە يەتكەن، يولۇڭدا جان پىدا ئەتكەن،
مېنىڭدەك ئەرنى، ئەي دىلبەر، ئۆمۈرلۈك ھەمسەپەر دەپ بىل.

2

بۇ ئالەمگە كېلەر ئىنسان پەقەتلا بىر قېتىم دەپ بىل،
پېشانە تەرىدىن كەلگەي مەئىشەت-نېمىتىم دەپ بىل.

ھالال ئىنسان ياشار مەغرۇر ئېگىلمەي شاھ-شاھىنشاھقا،
ھالاللىق، پاك-دىيانەتتە ئىناۋەت-قىممىتىم دەپ بىل.

ئانا بىزارى، ئەل بىزار بىبەھرى-بىمۇرۇۋۋەتتىن،
رىزا ئەتكەي ئەجىر-مېھنەت، مۇرۇۋۋەت-ھىممىتىم دەپ بىل.

www.uyghurkitap.com

ئىرادە غەيرىتىم بولسا، بىمىننەت ھىممىتىم بولسا،
كىشلىك قىممىتىم بولسا ئەبەد ئۆچمەس ئىتىم دەپ بىل.

سىلىپ يولغا قارا سايە، ئۆمۈرنى قىلمىغىن زايە،
تىرىكىدىن ئۈنسە گۈل ـ لالە يارالدى جەننىتىم دەپ بىل.

3

«ۋەتەن ئوغلانى» بۇ نامنى بۈيۈك شاھانە تاج دەپ بىل،
ۋەتەن مىھرى بىلەن تاپقاي ھايات يولى راۋاج دەپ بىل.

ۋەتەننىڭ سۆيگۈ ـ مىھرىدىن جۇدادۇر ھەر نەپەس كىمكى،
ئۈنى ھەر جايدا رەنج ـ بىمار، بىدەرمان، بىئىلاج دەپ بىل.

ئانا يۇرت بۈيرۈسا ئاتەش باياۋان، مۇز داۋانلارغا،
بۆگۈن يەلكەمگە يۈكلەندى شەرەپلىك ئىھتىياج دەپ بىل.

ئۇزاق يوللاردا سەن تۆككەن غۇبارسىز قان، ھالال تەرنى،
ۋەتەن بەختى ئۈچۈن بەرگەن پەخىرلىك باج ـ خىراج دەپ بىل.

«بىلىق دەريادا تەشنادۇر» دىگەن ئاقىل، ئۇلۇغ ئەجداد،
پىقىرنى ھەم پايانسىز كۆككە تەشنا قارلىغاچ دەپ بىل.

2005 ـ يىل مارت

# ئۆمۈر قەسىدىسى

بىر نەزەر سالدىم ئىزىم ـ سايەمگە ئاتمىش بەشتە مەن،
شولكى پەخرىم: نەۋقىران ئاشىق كەبى ئاتەشتە مەن.

ۋاھ، ئەجەبكىم، ئايلىنار يالقۇنغا بۇ ئالتۇن قەلەم،
قايسى چاغ چەكسەم مۇھەببەت ـ سۆيگۈدىن گۈل ـ كەشتە مەن.

شۇ قەلەمنىڭ سېھرىدىن ئاتەش پەرىگە تاش پەرى،
ئايلىنىپ ئاچقاي قۇچاق بولسامۇ تاغۇ دەشتتە مەن.

گاھى يۇمران تال چىۋىق ئاتتۇر قەلەم، مەن شوخ بالا،
بىر جاھان شادلىق سىزەرمەن ھەر چىپىش ـ سەكرەشتە مەن.

لەۋگە تامغان ساپ ئوغۇز ـ باغرىمغا چۈشكەن تۇنجى چوغ ـ
خىسلىتىدىن بۇ قەلەمگە باغلىغان جان رىشتە مەن.

تاجۇ تەختلەر قاپتۇ شاھتىن، قاپتۇ كىمدىن بىر قەلەم،
بار دېگەيمەن بىر كارامەت روھىي مېھنەتكەشتە مەن.

تۇرسا ھەركىمگە نېسىپ بولماس شەرەپ ـ شان تاجى ئۇ،
دەي نېمىشقا ئاھ ئۇرۇپ «بولدۇم ئەجەب سەرگەشتە مەن!»

جان بىلەن تەندەك يېقىن ئۆتكەچ قەدىردان ئەل بىلەن،
ئەتىۋارلاپ ئالقىنىغا ئالدى، ۋاھھا، ئەرشتە مەن!

جىلۋىلەندۈرمەك مۇرادىم ئاھنى، ئارماننى،

ھەر ۋاراق-بەت، ھەر چىكىت-پەش،
ھەر سوئال-ئۈندەشتە مەن.

ئايلىناركەن زەپمۇ ئوڭ-تەتۈر پەلەكنىڭ گەردىشى،
مەيلى بولسۇن ئوڭ ۋە تەتۈر ئىزدىنىش-ئىزدەشتە مەن.

ساندۇقى ھىجران ئىچىلدى زارىقىپ كۈتسەم ۋىسال،
قانچە تاسقالغاندىمەن لەيلەش-چۆكۈش، ئۆرلەشتە مەن.

ئۆرلىسەم تارتتى بىراۋ، تاش ئاتتى چۆكسەم-لەيلىسەم،
«ئاھ!» دېدى بوپ كەتمىسەم داشقال كۆيۈپ چوڭ مەشتە مەن.

«چىقتى تۈگمەن كويلىسىدىن ساق-پۈتۈن» دەپ ئەل-ئاۋام،
كۈلدى خەندان باغ سۇغارسام سۇ توشۇپ ئەپكەشتە مەن.

تىرنىقىدىن ئاقسىمۇ قان ئالدى كولاپ ئەل گويا،
قاپقارا يەر قوينىغا پاتقاندا يەر تەۋرەشتە مەن.

قەشقەرى مەھمۇد، خاس ھاجىپ — سەرۋەرى ئۇستاز-پىرىم،
ئەندىز ئالدىم جەۋھەرى مەنا تۈگۈش-جەملەشتە مەن.

سىردىشىم، سۆھبەتدىشىم سۇلتان رەشىد، خانىش پەرى،
تەڭ نەزەر سالدىم مۇقام باغىغا سۈبھى-كەچتە مەن.

تەنتەنەم نەدە دېدىم ئۆچسە-كۆمۈلسە ئەنئەنەم،
ھۆرمىتىم مول ئەنئەنەمنى ياشنىتىش-گۈللەشتە مەن.

ئۆزگىچە بەرگەي پۇراق، تەم ھەر گىياھ-گۈل، ھەر مېۋە،

يوق دېدىم، يوقتۇر دېدىم ھېچقانچە تەم ئەبجەشتە مەن.

شاھقا ئەگمەس باشنى ئەگدىم كۆيسە ياش ئەۋلادقا كىم،
دەپ «يېتىم يوقسۇل قاياشى، خەيرىخاھ پەرىشتە» مەن.

مەش-ئوچاقتا مىڭ كۆيۈپ پىشتىم دېسەم خام مەن تېخى،
خاملىقىمدىن نە ئۇچۇن بولغايمىنا تەشۋىشتە مەن.

چاپمىدىم يەڭگىل، ئاسانغا، تەس-ئېغىرنى تاللىدىم،
يوق ياماپ-يەملەشتە مەن يا بىرسىنى پەملەشتە مەن.

بىر ئۆمۈر كۈتمەپتىمەن ئىللىق سارايدىن ئىلتىپات،
توڭلىسام-قاتسامۇ ئاچچىق شور دالا-زەيكەشتە مەن.

ھەر يېشىل توغراق، سۇۋادان كۆركى-قاتتىقلىق سۈپەت،
يوق غۇرۇر-پەخرىمنى ھەركىم ئالدىدا چەيلەشتە مەن.

تەقدىرىم-بەختىم ھالال ئەجرىمدە، پاك پەزلىمدىدۇر،
يوق بىراۋنىڭ تون-لىباسى قوينىدا تەرلەشتە مەن.

دەيدۇ «قىسقىن بىر كۆزۈڭنى» تۇرسا ساق جۈپ كۆز نېچۇن،
بولغۇدەكمەن شەھىرىدە يەكچەشمىنىڭ يەكچەشمە مەن؟

ئاقسا مەي، تاشلانسا گۆش... ئېيتتىم ئىچىم ئاچچىق بولۇپ:
«مىڭ جاپاكەش قان-يېشى ھەر تامچە مەي، ياغ-پەشتە» مەن؟

يۈمسا كۆز ھەر تۆھپىكار، تامدى قەلەمدىن قان-يېشىم،
ئۆرلىسە ئەلا ئەلىيۇل مەدھىيە-كۈيلەشتە مەن...

www.uyghurkitap.com

بايلىقىم ـ ئەل ئالقىشى، ئەجرىم مېنىڭ ئەل بايلىقى،
بۇ ھەقىقەت، ئۆتمىگەيمەن ھېچ گۇماندا ـ غەشتە مەن.

پەن دېدىم، بىرلىك دېدىم، كەچكەنگە يوق ھۆرلۈك دېدىم،
ھەم دېدىم ئاپەت مۇجەسسەم يەكلىنىش ـ يەكلەشتە مەن.

«ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياتما ئەي نادان دېدىم،
بەخت ئەمەس تۈنلەر تۆكۈپ شەبنەم ئېتەك نەمدەشتە مەن.

دەيدۇ «ئون ھەركىمدە خىسلەت، توققۇزى تون دەل ئۈنىڭ»،
خىسلىتىڭ ـ قەدرىڭ دېدىم روھىڭنى زىننەتلەشتە مەن.

ئەل دېدىم، كۆيدۈم ھامان، كۆيدى ئۇلۇغ ئەلمۇ ماڭا،
بىخ ئېدىم، بولدۇم دەرەخ ئەل قويندا پەرۋىشتە مەن.

تۆردە مەنكىم ئەل دېسەم، دۇردانىمەن ئەل تاجىدا،
مەيدە مۇشتلاپ «مەن!» دېسەم پەگاھدا، بەتبۇي كەشتە مەن.

ئەلدىن ئايرىلغان ھامان قارغىش قىيانى قويندا
غەرق بولارمەن قانچە تىركەشسەممۇ لۆجە ـ لەشتە مەن.

بايلىقىم ھەم بارلىقىمنى دەل شۇلار بەخش ئەيلىسە،
بولغۇدەكمەن نە ئۈچۈن دەپئى دەرەم غەملەشتە مەن؟...

مىڭ تۈمەن ئەپسۇسكى، كۆپتۇر بەرگىنىمدىن ئالغىنىم،
قايتۇرارمەن قەرزنى بۇ يوللاردا روھ ئەملەشتە مەن.

بىر نەزەر سالسام گۆدەكمەن بۇرناكۇن يۇرگەن چىپىپ،
بىر نەزەر سالسام ئەسىرلىك زور ئېقىن-ئۆركەشتە مەن.

كۆپنى كۆردۇم، كۆرگۇدەكمەن نى كارامەتلەر تېخى،
جان تېنىمدە بولسا يەتمىش بەشتە، سەكسەن بەشتە مەن.

كەتتى نى-نى تۆھپىكار، تەشنائى مۇستەسنا ئەمەس،
بولمىسامۇ بار دېگىن چوڭ تويىنى تەبرىكلەشتە مەن.

ئىككى ئالەم ماختىنارمەن ساپ تەرىم بار دەپ مېنىڭ،
نەسلىمىز ئالغان بۇيۇك خامانىدا-ئالتۇن چەشتە مەن.

2004-يىل ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ناخشا تېكستلىرى

## ئانا يەر خىسلىتى

كىم كۆتۈرسۇن قاتمۇقات تاغنى ئانا يەردىن بۆلەك،
بارمۇ بىر پالۋان يەنە ئالەم ئارا يەردىن بۆلەك.

تاغ كۆتۈرگەن شۇ زېمىن مىننەت-تەمەننادىن يىراق،
بارمىدۇ مۇنداق كەرەملىك جان پىدا يەردىن بۆلەك.

بارچە جان-جانلىققا بەخش ئەتتى ھاياتلىق رىزقىنى،
مۇنچە نەپ بەرگەيمۇ نى- نى ئەۋلىيا يەردىن بۆلەك.

رىزقى بەرگەن شۇ زېمىن مىننەت-تەمەننادىن يىراق،
بارمىدۇ مۇنداق كۆيۈملۈك باشپاناھ يەردىن بۆلەك.

بارمىدۇ ھىجران ئارا كۆيگەن يۈرەككە بىر داۋا،
ھەم غېرىپ ئاشىق كۆزىگە تۇتىيا يەردىن بۆلەك.

# جاھان كەزسەك

جاھاننى مىلڭ قېتىم كەزسەك ۋەتەندەك دىلرەبا يوقتۇر،
ۋەتەندەك ئۇز ئانا يوقتۇر،كۆيۈمچان باشپاناھ يوقتۇر.

جىمى ئالەمدە تاغ-دەريا،ھۆززۆرى ئوخشىماس ئەمما،
ئانا يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدەك شىپالىق ساپ ھاۋا يوقتۇر.

ئانا يۇرت باغىدا غۇنچە چىرايلىق،خۇش پۇراق شۇنچە،
بۇ تاغنىڭ گۈل-گىياھىدەك چىرايلىق گۈل-گىياھ يوقتۇر.

ئانا يۇرتۇم ئۇسسۇل كانى،مۇقام-ئەلنەغمىنىڭ كانى،
جاھان سەيناسىدا مۇنچە يېقىملىق ساز-ناۋا يوقتۇر.

يىراقتا ئويىنىغۇچە ھېيت،ۋەتەندە روزى تۇتقان خوپ،
جۇدالىق دەردۇ رەنجىگە جاھاندا ھېچ داۋا يوقتۇر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قوي كۆزلۈكۈم

بۇ يۈرەك چاك ـ چاك يېرىلدى چاڭقىغان تۇپراق كەبى،
چاك ـ چېكىدىن ئوت يانار يالقۇنلىغان چاقماق كەبى.

قاپقارا تۈنلەر ئارا ھەسرەت بىلەن قىلسام نىدا،
تىترىگەن جىسمىم قىراۋ پەسلىدىكى ياپراق كەبى.

شاۋقۇنى ئاسمان ـ پەلەك دەريا ئەزىم كۆڭلۈم مېنىڭ،
سەن ئۈزەرسەن، ئامرىقىم، دولقۇن يېرىپ قولۋاق كەبى.

بولسا ھەم قوينۇمدا جەم سەككىز بېھىشنىڭ ھۆرلىرى،
مۇڭلىنارمەن چۆلدىكى يېگانە بىر توغراق كەبى.

زەپ يامانكەن ئىشق ئوتۇك ئاي يۈزلۈكۈم، قوي كۆزلۈكۈم،
پارە مەن شۇ ئوت ـ پىراق قوينىدا ئاقبالداق كەبى.



# يىغلىما

كۆزۈڭدىن ئاقتى مەرۋايىت،
سېنىڭ قەدرىڭنى ئۇ بىلمەس.
پىغانىڭدىن يانار بىر ئوت،
سېنىڭ دەردىڭنى ئۇ بىلمەس.

گۈلى رەنا ئىدىڭ سۈلدۈڭ،
سېنىڭ قەلبىڭنى ئۇ بىلمەس.
كۆزۈڭنى ياشلىما مۇنچە،
ۋاپا-مېھرىڭنى ئۇ بىلمەس.

نادامەت قوينىغا چۆككەي،
سېنىڭ قەدرىڭ ئۆتۈلگەندە.
پۇشايمان خەنجىرى بىرلە،
يۈرەك-باغرى سۆكۈلگەندە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقام

جان مۇقام، جانان مۇقام، خەلقىم بىلەن بىر جان مۇقام،
قان تومۇردا لەك ئۇرۇپ ئۆركەشلىگەن ساپ قان مۇقام.

ياڭرىسۇن زۇلمەت زىمىستان قاپلىغان چۆل-دەشتتە مەن،
بولغۇسى شۇ دەشتۇ چۆل پارلاق باھارىستان مۇقام.

سەندە ئەل قانلىق يېشى، قەھرى بورانى-چاقمىقى،
سەندە مەشئەلدەك لاۋۇلدار ئەڭ ئۇلۇغ ئارمان، مۇقام.

كەچتى دەريا، كەزدى چۆل، ئاشتى خەتەرلىك تاغ-داۋان،
ياڭرىتىپ ھەردەم سېنى مەردانە چوڭ كارۋان، مۇقام.

قانچە رەت ئۆتتۈڭ بۆسۇپ زەنجىر-ئاسارەتتىن ئامان،
قۇدرىتىڭگە بولدى قايىل بۇ يېڭى دەۋران، مۇقام.

لەرزىگە كەلمەكتە نى-نى سەھنىلەر ئالەم ئارا،
ھەر تامان، ھەرئان ساڭا ياغماقتا شۆھرەت-شان، مۇقام.

جان مۇقام، جانان مۇقام، قىلغىن راسا جەۋلان، مۇقام،
ھەر يۈرەك كۈلسۇن بىئارمان، ياڭرىسۇن ھەر جان، مۇقام.

# ئوسما قويۇپ كەل

(ناخشىلىق ئۇسسۇل)

كەل نىگارىم، ۋاپادارىم، ئايدەك تولۇپ كەل،
يەر-جاھانغا ھايات بەرگەن كۈندەك يورۇپ كەل.
ئايدەك تولۇپ كەل،
كۈندەك يورۇپ كەل،
گۈزەللىكنىڭ شەيداسى مەن، ئوسما قويۇپ كەل.

قارا تۈننى سۈزۈك تاڭغا ئۇلايمەن بىدار،
يۈرەك ناخشام مۇرادىمنى ئەيلەيدۇ ئىزھار.
تۈنلەر بىدارمەن،
ۋەسلىڭگە زارمەن،
مۇنچە تەشنا قىلما مېنى ئەي نازىنىن يار.

ئايدەك تولۇپ كەل،
كۈندەك يورۇپ كەل،
شوخ ناخشامغا تەڭكەش بولۇپ خەندان ئۇرۇپ كەل.
خەندان ئۇرۇپ كەل،
كەتمەس بولۇپ كەل،
قارا-قارا چاچلىرىڭنى تال-تال ئۆرۈپ كەل،
ئەگمە-ئەگمە قاشلىرىڭغا ئوسما قويۇپ كەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## نەدىسەن ئاتا؟

سېنى ياد ئەيلىسەم ھەرئان جىغىلدايدۇ يۈرەك ـ جانىم،
قەيەردە، نەدىسەن غەمخور كۆيۈمچانىم، قەدىردانىم.

زەپمۇ ئېسىل پەزىلەتلىك زات ئىدىڭ،
مىننەت، تەمە، تەمەننادىن يات ئىدىڭ.
تاغ ـ داۋانلىق ئۇزاق يولدا، جان ئاتا،
ئۆمۈر بويى يۈك سۆرىگەن ئات ئىدىڭ.

سەن تۇغۇلدۇڭ مۇشەققەتكە ـ جاپاغا،
باش ئەگمىدىڭ نى ـ نى ئاپەت ـ بالاغا.
قانداق جاۋاب ئەيلەي بۈگۈن، جان ئاتا،
سەن ياغدۇرغان چەكسىز مېھىر ـ ۋاپاغا؟

يۈرىكىمدە ئۆچمەس مەشئەل ياندۇرۇپ،
چوڭ سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپ ماڭدۇرۇپ.
ئۆزۈڭ كەتتىڭ، غەمگۇزارىم جان ئاتا،
مۇرادىڭنى ماڭا مىراس قالدۇرۇپ.

# سەن قەيەرلىك، سەن نەلىك؟

(تەنقىدىي ئېيتىشىش)

1

ـ سەن قەيەرلىك؟
ـ سەن نەلىك؟
ـ سەن قەيەرلىك؟
ـ سەن نەلىك؟
ـ ئاكاڭ قارىغاي ئالدىدا
تولا قىلما مەنمەنلىك!
ـ غوجى ئاكاڭ ئالدىدا
ـ قىلما مۇنچە كۆرەڭلىك!

ـ مەن دولانلىق،
ـ مەن بايلىق.
ـ مەن چۆچەكلىك،
ـ ئالتايلىق.
ـ مەن كۇچالىق،
ـ يەكەنلىك.
ـ مەن داۋانلىق،
ـ مەن سايلىق.
ـ مەن ئۇ قاشتىن،
ـ مەن بۇ قاشتىن.
ـ مەن ئاياغدىن،
ـ مەن باشتىن.
ـ مەن لوپنۇردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ـ باغراشتىن.
ـ تاراتىدىن،
ـ باغداشتىن.
ـ ئۆز مەھەللەم توققۇز تاش،
ـ ئاكاڭ قارىغاي ئون تاشتىن.
ـ دەۋران سۈرەي مەن تەنھا،
ـ مەھرۇم بولغىن ياشاشتىن.
ـ ئۆزۈڭ مەھرۇم ياشاشتىن!

ـ سەن قەيەرلىك؟
ـ مەن جاملىق.
ـ سەن قەيەرلىك؟
ـ سايراملىق.
ـ ئاكاڭ قارىغاي ئاقتاملىق،
ـ ئاكاڭ توققۇز تاراملىق.
ـ ئەي تاراملىق ـ تاراملىق،
ـ ساڭا يوقتۇر ئاراملىق.
ـ ئاكاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇش،
ـ تاكاللىشىش قاراملىق!
ـ مەن شايارلىق، بىلىپ قوي،
ـ جىمىسارلىق، بىلىپ قوي.
ـ بەلۋېغىمدا خەنجىرىم،
ـ يېڭىسارلىق، بىلىپ قوي.
ـ نوچىلارنىڭ سەردارى،
ـ كەسكەن يارلىق، بىلىپ قوي!

ـ ئەي خوتەنلىك، نېرى تۇر،
ـ سەن ئاتۇشلۇق، نېرى تۇر،

ـ سار قۇمۇشلۇق، نېرى تۇر،
ـ قارا قۇمۇشلۇق، نېرى تۇر!

ـ قەشقىرى، سەن چەتتە قال،
ـ ئىلىلىق، سەن دەردتە قال.
ـ ئارمىنىڭ ئاچماي چېچەك،
ـ مىڭ جاپا ـ كۈلپەتتە قال.

2

يەكلەشتۇقا ـ يەكلەشتۇق،
يول توراشتۇق، چەكلەشتۇق.
كىمنى پۇتلاپ، جەينەكلەپ،
كىملەر بىلەن ئەپلەشتۇق؟
كىمنى ئېلىپ قارىغا،
ئاتالمىساق «خەپ»لەشتۇق؟

شىر، ئارسلان، چىلبۆرە،
ياشالايدۇ بىر تاغدا.
ياشالمايدۇ نېمىشقا،
ئالتە ئۇيغۇر بىر باغدا؟
يۇرتۋازلىقنىڭ دەستىدىن،
قالمىغانمۇ بىز داغدا؟

نائىناقلىق دەردىنى،
شۇنچە تارتتۇق، تارتمايلى.
قوش ـ سۆرەمگە، جان دوستلار،
ئۆزىمىزنى قاتمايلى.
ئەمدى بىھوش ياتمايلى،

www.uyghurkitap.com

ھالاكەتكە پاتمايلى.

### 3

— سەن قەيەرلىك؟
— مەن ئۇيغۇر.
— سەن قەيەرلىك؟
— مەن ئۇيغۇر.
— ۋارقىرايلى ھەممەيلەن،
— قان-قېرىنداش دەپ مەغرۇر.

# توي ناخشىسى


ئايدىن گۈزەل پەرى ئالدۇق ئاي مەھەللىدىن،
ئاينى گويا يۇلۇپ ئالدۇق ئاسمان قەھرىدىن.

ئايدەك پەرى ئاتېشىدەك ئالتۇنغا كەلدى،
ئاسمان - پەلەك يالقۇنلىغان يالقۇنغا كەلدى.

ئاشىق يىگىت، مەشۇق پەرى بەختى ئېچىلسۇن،
قوش يۈرەكنىڭ يالقۇنلىرى ئەلگە چېچىلسۇن.

بەردى دۇئا ئىككى قۇدا جۈپ - جۈپ پەرىشتە،
ئۈزۈلمىسۇن ئۆمۈرۋايەت پاك سۆيگۈ رىشتە.

ئۆلگە ئالسۇن ئۆز بەختىنى ئويلايدىغانلار،
پات - يېقىندا توي بەزمىسى ئوينايدىغانلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇستازىم

ئۇستاز مېنى مەيدان ئارا مەردانە قىلدىڭ،
ئەزىز ئەۋلاد گۈلخانىغا پەرۋانە قىلدىڭ.

سايدا ياتقان بىئەتىۋا تاشنى-شېغىلنى،
ھالال ئەجرىڭ-مېھرىڭ بىلەن دۇردانە قىلدىڭ.

پاك-غۇبارسىز قان-تەرىڭنى، شېرىن جېنىڭنى،
نەسلىڭ ئۈچۈن ھېچ ئايانماي ئىئانە قىلدىڭ.

مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەل يېقىپ ئەقلىڭ نۇرىدىن،
ئارزۇ-ئىقبال يوللىرىمنى نۇرانە قىلدىڭ.



# بىر جۈپ قەدىردان

ياشاندىڭ ئەي ئانا جانىم، بالا مېھرىدە گۈلخانىم،
ياشاندىڭ ئەي ئاتا جانىم، ۋاپا تەختىدە سۇلتانىم.

سەپەرگە ئاتلىنار بولسام، دېسەڭ ئاق يول، يۈرەك پارەم،
بېشىم ئاسمانغا يەتمەسمۇ تولۇپ قۇۋۋەتكە ئىمانىم؟

يىغا ـ كۈلكە، خۇشاللىق ـ غەم ئەزەلدىن قوشكېزەك ـ قوشماق،
ئۆزۈڭ بار توق مېنىڭ كۆڭلۈم، ئۆزۈلمەس كۈلكە ـ خەندانىم.

تۇرۇپ بەرسەڭ بالامنىڭ چوڭ تويىدا جۈپ پەرىشتەدەك،
سىغارمۇ تەنگە شادلىقتىن كىچىككىنە مېنىڭ جانىم؟

ئامان قىلسۇن ئىگەم ئاللا، ياشاڭلار ئەي ياشانغانلار،
ياشا ـ ياشنا مېنىڭ جانۇ جاھانىم ـ جۈپ قەدىردانىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# كەلمىدىڭ


كەلمىدىڭ، ئاھ، ئاشىقىڭنى خارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ،
قامچا گۇلدەك بويلىرىڭغا زارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ.

ئاققۇدەك بولدى كۆزۈمنىڭ گۆھىرى جۇپ شام بولۇپ،
قاپقارا تۈنلەر ئارا بىدارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ.

تامچە مەي ئىچمەي لېۋىڭ جامىدا، ئاھ بولدۇم بىھوش،
سەن مېنى بىھوش، بىمار، بىچارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ.

بارسا كەلمەس يولغا سەن گويا مېنى تاشلاپ قويۇپ،
كۆرسىتىپ قويماي دىدار، ئاۋارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ.

ئەمدى جان تاپماس ئارام، مەلھەم-داۋاسىز دىل يارام،
سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنى پارە ئەيلەپ كەلمىدىڭ.



# تەزىم

ئانا يۇرتىنىڭ مۇقەددەس تاغ-دالا، سەھراسىغا تەزىم،
زامان مەردانلىرى سۆيگەن چېلىش سەيناسىغا تەزىم.

ھامانەم ئۆرلىگەن-تاشقان، پەلەكتىن شاۋقۇنى ئاشقان،
ھۇزۇرى جانغا جان قوشقان ئىلى دەرياسىغا تەزىم.

ئانا تۇپراق ئارا يىلتىز سۇرۇپ گۈللەپ ئىپار چاچقان،
يۈرەك رەنجىم داۋاسىغا-بېغىم رەناسىغا تەزىم.

ئاتا ئەجرى، ئانا مېھرى، ئانا ئەل ھەققىگە سادىق،
دىلى ئويغاق، بىلى مەھكەم سەپەر بەرناسىغا تەزىم.

ئانا ئەلنىڭ ۋاپادار شاھ سەنەم، زوھراسىغا تەزىم،
ئانا بەختى، ئاتا پەخرى-ۋەتەن شەيداسىغا تەزىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەزىمەت دەريا

1

ئانام خانتەڭرىدۇر پارلاق ھاياتىم شامىنى ياققان،
ئۇنىڭ ئاپئاق سۈتى تارىم-ئىلى دەرياسىدا ئاققان.

2

ئەي تارىم دەرياسى ـ ئەزىمەت دەريا،
باغرىمنى ياقاي شوخ دولقۇنلىرىڭغا.
شاۋقۇنۇڭ ـ ئەجدادىم باشلىغان ناۋا،
ئاشىقمەن ئۈزۈلمەس شاۋقۇنلىرىڭغا.

لەززەتلىك ھەر تامچەڭ رەنجىمگە داۋا،
جىسمىمغا كۈچ-دەرمان، يۈرىكىمگە قان.
سەن سېخىي، مەرد ئانا، پىداكار ئانا،
مېھرىڭدە چېچەكلەپ ياشنايدۇ بۇ جان.

ئەي تارىم دەرياسى ـ ئەزىمەت دەريا،
گۇۋاھسەن شادلىقىم، ئەلەملىرىمگە.
نەزەر سال، جان ئانا، تۆھپىكار ئانا،
قۇتلۇق تاڭ، مۇبارەك ئايەملىرىمگە.

# قوشماق ئاداش

ئامرىقىم، بىز ئۇيىنىغان،
«قوشماق ئاداش» يادىڭدىمۇ؟
شۇ گۈزەل ئايدىڭ كېچە،
ھازىرمۇ كۆز ئالدىڭدىمۇ؟

بىزنى ئالقىشلار ئىدى،
دەريا داۋالغۇپ-ئۇلغىيىپ.
ئايپەرى ئۇينار ئىدى،
ئالتۇن بېلىقتەك تولغىنىپ.

مەنمۇ گويا ئاي ئىدىم،
دەريادا لەرزان لەيلىگەن.
بىزنى زەپ شېرىن خىيال-
ئارزۇلار مەپتۇن ئەيلىگەن.

قوش مېغىز تۇتتۇق ماڭا،
ئۇينايلى دەپ «قوشماق ئاداش».
بىز مانا شۇندىن بۇيان،
قەلبى تۇتاش ئامراق ئاداش.

بىر جاھاندۇر ھەر كۆڭۈل،
سۆيگۈ-ۋاپا نۇرلۇق قۇياش.
مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ئۇچۇن،
يول ئاچتى شۇ «قوشماق ئاداش».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# توي تىلىكى

خۇش مۇبارەك تويى بولغۇن ئىككى ياشنىڭ،
سۆيگۈ رىشتى مەڭگۈ تۇتاش-قەلبداشنىڭ.
بەختى ئۇلغەيگەن، پېشانىسى زەپ ئوچۇقكەن،
ئاشىق يىگىت، مەشۇق پەرى قەلەم قاشنىڭ.

ئايدەك پەرى كېلىن بولدى، قىزىم دەرسىز،
مېھرى-ۋاپا بىلە نۇرلۇق يۈزۈم دەرسىز.
قوش مېغىزدەك بىللە ئۆتسە قىزىم-ئوغلۇم،
تامچە شەبنەم كۆرمەس بىر جۈپ كۆزۈم دەرسىز.

سىزمۇ ئاتا كۈيئوغۇلنى ئوغلۇم دەرسىز،
كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى، ياشنار ئۆمرۈم دەرسىز.
قوش مېغىزدەك بىللە ئۆتسە ئوغلۇم-قىزىم،
ئېپار چاچقاي ئارزۇ-ئارمان گۈلۈم دەرسىز.

ئامان بولسۇن توي ئوينىغان-يايرىغانلار،
بەختى كۆكلەم ئاپتىپىدەك پارلىغانلار.
قارا يۈزدۇر بۇ ئالەمدە-ئۇ ئالەمدە،
ئاشىقلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىغانلار.

# مەشرەپ

ئانا يۇرتۇم ئارا تۆھپە-مىراس بىباھا مەشرەپ،
بوغۇلغان دەم-نەپەسلەرگە شىپالىق ساپ ھاۋا، مەشرەپ.

كامالەت تاپتى قوينۇڭدا مۇقام-ئەلنەغمە، جانبازلىق،
ئەزەلدىن زاتى ئۇيغۇرغا ئىجازەتسىز راۋا مەشرەپ.

بېغى سەن قان-قېرىنداشلىق، ئىناقلىق، جان كۆيەرلىكنىڭ،
ھوسۇل-بەھرىڭ ئاداۋەتلىك جاراھەتكە داۋا، مەشرەپ.

يەنە سەن كاتتا سەيناسى ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەتنىڭ،
سېنىڭدە ئەنئەنە، رەسمى-يوسۇن، شەرمى-ھايا، مەشرەپ.

يەنە يۈكسەل، قۇياشتەك پارلىسۇن پاك روھى مىللەتنىڭ،
باغاش ئەتسۇن بۇ ئالەمنى ئېسىل نەغمە-ناۋا، مەشرەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# مۇقام تەشنالىرى

«ناۋا» مۇقامى ئاھاڭلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن
بالىلار ناخشا ـ ئۇسسۇلى

## مۇقەددىمە

(«بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن...» ئاھاڭى)

قارا تۈنلەر نىشان ئەيلەپ قۇياش رۇخسارىنى كارۋان،
چېكىپ ئۆتتى ئىزىدىن تاغ ـ داۋانلارغا نەقىش ھەرئان.

مۇقام تەشنالىرى، بىلسەڭ، قىزىل قاندىن يارالغان شۇـ
تەۋەررۇك گۈل ـ نەقىشلەردە ئاجايىپ مۇددىئا ـ ئارمان.

## جۇلا

(«ئۆزۈمنىڭ شەھرىدىن كەتسەم...» ئاھاڭى)

ئانا يۇرت مېھرىدىن كەچسەم مېنى ئادەم دېسۇن كىممۇ،
جاپالىق دەمدە بەل يەشسەم مېنى ئادەم دېسۇن كىممۇ؟

ئانا يۇرت دەپ تۇمەنمىڭ جان ئۆزىنى ئەيلىدى قۇربان،
ئۇنىڭ ياۋغا ئەگەشسەم مېنى ئادەم دېسۇن كىممۇ؟

ۋەتەنداشىم ـ قېرىنداشىم، ئىناقلىقتا ئەزىز باشىم،
يەكلەشسەم، ئۆچەكەشسەم مېنى ئادەم دېسۇن كىممۇ؟

گۈزەل سەييارىدە ئاقىل، ھالاكەت غارىدا غاپىل،

بىخۇد-غاپىل بولۇپ ئۆتسەم مېنى ئادەم دېسۇن كىممۇ؟

### سەنەم

(«مەن بارايمىكىن مۇندا...» ئاھاڭى)

گۈزەل ئانا ئېلىمىز،
شېرىن ئانا تىلىمىز،
ئانا تىلدا سايرىساق،
ئۆرگىلىپمۇ سايرىساق،
چۆرگىلىپمۇ سايرىساق،
يايرايدۇ جان-دىلىمىز،
جانۇ دىلىمىز.

نى-نى تۇملار شاھانە،
ئىچ-ئىچىدە دۇردانە.
ساپ ئانا تىل بەھرىدە،
ئۆرگىلىمەن دوستلىرىم،
چۆرگىلىمەن دوستلىرىم،
كۆڭۈل روشەن-نۇرانە،
چۆرگىلىمەن دوستلىرىم.

### ئۈچىنچى مەشرەپ

(«بۇ دۇنيادا كۆپتۇر جان...» ئاھاڭى)

يەن سۆيۈش - ئەل ئادىتى،
يەن-بىلىم ئەل ئامىتى.
يەننى سۆيمەس نادانىڭ
نەدە ھۇزۇر-راھىتى؟

ئادەمزاتقا خوپ داۋا،
قۇياش نۇرى، سۇ، ھاۋا.
دەل ئۇلاردەك ئەتىۋا
ئىلىم-ئىرپان، ساز-ناۋا.

قوشكېزەكتۇر جانۇ تەن،
جان بىلەن تەن ئەلگە تەن.
بەرمىگەيمىز ھەر زامان،
تەقدىرى قىسمەتكە تەن.

يۇرتۇم نەغمە سەيناسى.
مۇقام-مەشرەپ دۇنياسى.
بىز بىلىم-پەن، كۈي-مۇقام
جان پىداسى، تەشناسى.

## تۆتىنچى مەشرەپ

(«قارا قېشىڭ ئىگىلگەن ئىككى تەرەپكە...» ئاھاڭى)

جان دوستلىرىم، كۆككە باق، ئەقلىڭ بىلەن باق،
قانچە مۇڭدۇ، ئويلاپ باق، پارلىغان چىراغ؟
ئويلاپ-ئويلاپ، ئويلاپ-ئويلاپ، ئويلاپ ساناپ باق،
ھەي دوست، قانچە مىڭ چىراغ؟

بىرەلمەيدۇ نىمىشقا نۇر – بىر قۇياشچە نۇر،
جانغا راھەت، تەنگە ماغدۇر، يۈرەككە ھۇزۇر؟
بىرەلمەيدۇ نىمىشقا نۇر – بىر قۇياشچە نۇر،
ھەي دوست، يۈرەككە ھۇزۇر؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

گىرەلەشسە بارچە يۇلتۇز ـ جىمى شام ـ چىراغ،
بولماسمىدى بۇ ئالەمدىن قارا تۈن يىراق؟
بولماسمۇ زىچ گىرەلەشسە جىمى شام ـ چىراغ،
ھەي دوست، قاراڭغۇ يىراق؟

### چۈشۈرگە

جانەي... مۇقام تەشنالىرى، ۋاي، ئۇيناڭ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توي ساماسى

«ئەجەم» مۇقامىنىڭ مەشرەپلىرى ئاساسىدا
ئىشلەنگەن ناخشىلىق ئۇسسۇل

## ئىككىنچى مەشرەپ

مۇبارەك ھېيت ھۆسن قوشتى ئېلى، تارىم دالاسىغا،
چۈشەيلى قان-قېرىنداشلار، ئۇلۇغ ئايەم ساماسىغا.

بۇ ئايەم خىسلىتى بىرلە قۇياشى قوندى كۆكلەمنىڭ،
ئەقىدە-ئېتىقادى پاك، ئەزىز ئەۋلاد سىماسىغا.

ئەقىدە-ئېتىقادىغا غۇبار قوندۇرسا كىم زەررە،
چۈشەر سانسىز قارا داغلار ئادەمزاتلىق ساپاسىغا.

ساماغا مەرھەمەت، دوستلار، مىراسخور بىز ساداقەتمەن،
ئۇلۇغ ئەجدادىمىزنىڭ باي، مۇقەددەس، پاك مىراسىغا.

## ئۈچىنچى مەشرەپ

ھېيتنى ئوينايدۇ ئامان ئەھلى جاھاننىڭ ساقلىرى،
بۇ جاھان جانانىنىڭ شەيدالىرى، ئامراقلىرى.

قەدرى-قىممەتلىك كىشى ـ مەشرەپ بېشى،
دەل ئۇلار ئەل روھىنىڭ ئۆچمەيدىغان بايراقلىرى.

قانچە يۈكسەك ئۆرلىسە بۇ مەنىۋى بايراق-ئەلەم،
شۇنچە نۇرلانغاي ئانا ئەلنىڭ دالا-يايلاقلىرى.

تەقدىرىڭ-بەختىڭ ئۈچۈن كۆيمەكتە ئۆچمەس شام بولۇپ،
خان ئوغۇز ئەۋلادىنىڭ تەشنائىدەك ئويغاقلىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئويغاق نەسىللەر

دولان مەشرەپ مۇقاملىرى ئاساسىدا
ئىشلەنگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل

1

قەدەملەر تاشلىدۇق دادىل گۈزەل، پارلاق ئەسىرلەرگە،
گۈزەل، پارلاق ئەسىر مەنسۇپ دىلى ئويغاق نەسىللەرگە.

2

ئۇچۇر دەۋرى، نۇر دەۋرى،
سۈرئەت دەۋرى بۇ.
ئەھلى ئىنسان قاناتلانغان،
ھېكمەت دەۋرى بۇ.
پاك پەزىلەت ـ خىسلەت دەۋرى،
سۈپەت دەۋرى بۇ.
رىقابەتلىك غالىبلارنىڭ
ئامەت دەۋرى بۇ.

3

سۇناي بىلەن ساپايە ـ كونا ساپايە،
بىزگە قىلماس كۈپايە ـ ھەرگىز كۈپايە.
كۆزى ئوچۇق ئەمانى ـ روھىي ئەمانى،
كىممۇ قىلسۇن ھىمايە ـ كىممۇ ھىمايە؟

ئۇسسۇلنىمۇ ئوينايمىز، ئېيتىمىز غەزەل،
بىزگە ئالىي پەن-بىلىم نەغمىدىن ئەۋزەل.
ئۇسسۇل ئويناپ-پىرقىراپ، توۋلاپ-ۋارقىراپ،
يۈرىۋەرسەك بولمىغاي ئەتىمىز گۈزەل.

## 4

ئۆسۈپ-گۈللەش دەۋرىمىز،
بىلىم ھۇزۇر - بەھرىمىز.
كۆككە ئۇچقان خەقلەردىن،
كەم ئەمەس ھېچ يەرىمىز.

پەنگە ئامراق ئەۋلاد بىز،
قەلبى ئويغاق ئەۋلاد بىز.
بىرلىك بىلەن پەن بىلەن،
بەختى پارلاق ئەۋلاد بىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىز بار

«ئۆزھال» مۇقامى نەغمىلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن
ياش-ئۆسمۈرلەر ناخشا-ئۇسسۇلى

## مۇقەددىمە

بورانلىق تاغ-داۋانلاردا سىلەر ئاچقان ئۇلۇغ ئىز بار،
بولۇڭ ئەجدادلار خاتىرجەم، ئىزىڭلاردا مانا بىز بار.

## جۇلا

ئانا ۋەتەن دالاسى،
ئۇلۇغ ئانا سىماسى.
قوش كۆكسىدىن يارالغان
تارىم، ئىلى دەرياسى.

كۆك ئاسمانغا تۇۋرۇكتۇر،
مەغرۇر چوققا-قىياسى.
شۇ قىيادا، تاغلاردا،
بۈركۈتلەرنىڭ ئۇۋاسى.

چۆلدىمۇ گۈلباغدىمۇ،
ئوتلۇق مۇقام ناۋاسى.
ھەر نەغمىدە ئەجدادلار
ئارزۇ-ئارمان ساداسى.

## قايتارما

بىز ۋەتەنىنىڭ شەيداسى،
مىراسخورى ـ ھەقداسى.

## سەنەم

سىلەر ياققان ئوتنىڭ نۇرى بىزگە تەۋەررۇك،
رەڭگى ئۆڭمەس مەردلىك تۇغى بىزگە تەۋەررۇك.

باھاسىزدۇر ھەر تەۋەررۇك ـ يادىكارىڭلار،
ئالتۇن قانات تۇلپارىڭلار، زۇلپىقارىڭلار.

تەۋرىمەيدۇ ئىرادىمىز، ئېتىقادىمىز،
ئانا يۇرتقا جان پىدالىق قەسەميادىمىز.

## بەشىنچى مەشرەپ

ئۆتتى كارۋان تاغ ـ داۋاندا قالدۇرۇپ نۇرانە ئىز،
ئىز بېسىپ مەنزىلگە يۈرگەن ئوت يۈرەك مەردانە بىز.

بەختىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئالتۇن قۇياشى جان ۋەتەن،
شۇ قۇياشنىڭ نۇرىغا قانمايدىغان پەرۋانە بىز.

## چۈشۈرگە

بولۇڭ ئەجدادلار خاتىرجەم، ئىزىڭلاردا مانا بىز بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكلىپلىك تەھرىر : ئابدۇللا غاپپار
مەسئۇل مۇھەررىر : قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور:ھۆرنىسا توختى

مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائى

# مەشرەپ

(شېئىرلار)


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2009 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 10 |
| سانى | : | 0001-2500 |
| باھاسى | : | 15.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10389-8/I.2085 (维 295)

图书在版编目(CIP)数据

麦西来甫：维吾尔文/买买提艾力·祖农塔西那依著.
北京：民族出版社，2009.10
ISBN 978-7-105-10389-8

Ⅰ.麦... Ⅱ.买··· Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第195022号

特约编辑：阿不都拉·阿帕尔
责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任编辑：吾尔妮莎·托合提
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　话：010-64290862（维文室）
印　刷：北京迪鑫印刷厂
版　次：2009年12月第1版　第1次印刷
开　本：850×1168毫米 1/32
印　张：10
印　数：0001-2500
定　价：15.00

ISBN 978-7-105-10389-8/I.2085（维295）